# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

**(36)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: **خالىق ساقى**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**
مۇھەررىرلىرى: **ئىسمايىل ئەسقەرى** (تەكلىپ قىلىنغان)
**دىلدار ئېزىز**
**تۇرغۇن ئۆمەر**
**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**
**جۇرئەت ئابلىمىت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئى ئەسقەرى**

# مۇندەرىجە

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى


خەلق ئۇنتۇمايدۇ .................. ئىمىنوپ ئىپلاخۇن 1


## ئىنقىلابىي كۆرەشلەر


قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ توغرىسىدىكى
ئەسلىمىلىرىم .................. سوپاخۇن سۇۋۇرۇپ 10
شىنجاڭنى ئازاد قىلىش جەريانىدىكى بەزى ۋەقەلەردىن
ئەسلىمە ............ سۆزلەپ بەرگۈچى: يۇسەن ئادىل
.................................. رەتلىگۈچى: قادىر مەگىت 38
قۇبۇقسارنى ئىشغال قىلىشتىكى كەسكىن جەڭ ............
.................................. ئىمىنوپ ئىپلاخۇن 45


## سودا - ئىقتىساد


ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتى
ساد ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىغا دائىر قىسقىچە
ئەسلىمە .......................... ئابلىمىت ھاجىيۇپ 53
شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

ۇرغىسىدا ئەسلىمە ...... مۇھەممەتقۇربان ئەزىز يارى 120

## قۇرۇلۇش ـ تەرەققىيات

شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى رادىئو ئىشلىرى
تـوغرىسىدا ............................. ئىمىن غازى 134
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەركىزىدىكى ئاخباراتچىلىق
ۋە نەشرىياتچىلىق ...................... مۆمىن سەپىرى 141
ئۈچ ۋىلايەت كۈتۈپخانىچىلىقى ......... شېرىپ خۇشتار 157

## پەن - تېخنىكا

ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈكى ............... غەيرەتجان ئوسمان
............................ ياقۇت يۇنۇس 162

## قاتناش - كارۋانچىلىق

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۆگە كارۋانچىلىقى ............
............................ سامساق ئىبراھىم 175

## مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت

پېشقەدەم سەنئەتچىنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىن ئەسلىمە
سۆزلەپ بەرگۈچى: سىراجىددىن زۇپەر
رەتلەپ يازغۇچى: ................ مۇھەممەت ئەيسا 187



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى
توغرىسىدا ....................... سۇلايمان ئابدۇرېھىم 299

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى» توغرىسىدا ئەسلىمە ... سىدىق مۇسايۇپ 315

## تارىخىي شەخسلەر

توققۇزاقتىكى مەرىپەتپەرۋەرزات ھاجىئاخۇن ھاجىم
توغرىسىدا ........ ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرېھىم رازى 335
ۋەتەنپەرۋەرزات ـــ زارىپنى ئەسلەيمەن ......... جۇماقان 344
ياخشى تېۋىپ ۋە شۆتاڭ مەكتىپىنىڭ ئاساسچىسى ـــ
دەرۋىش موللام .................. ھامۇت ئەخمەت 364

## تارىخىي ھۆججەت

ما جۇڭيىڭنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ
كېتىشى ................ ئەركىن ھۇشۇر تەييارلىغان 369

## يوشۇرۇن فرونت

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى توغرىسىدا ئەسلىمە ........
چىن پېيشىڭ ............ تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 379

## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر
خاتىرىسى ........ تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 422



## 新疆文史资料36期目录

人民不会忘记 ……………………………伊明诺夫·伊拉洪
忆哈密农民起义和马仲英 ……………索伯洪·索乌若夫
忆解放西藏过程中的若干事件 ……………………………
…… 讲述：玉山·阿迪力　整理：卡迪尔·买克提
攻克和布克赛尔 ……………………………伊明诺夫·伊拉洪
三区革命政府的财政和金融 ……阿布利米提·哈吉也夫
新疆的水产及其发展过程 ……………穆合买德·库尔班
解放前的新疆广播事业……………………………伊明·哈孜
三区革命时期的新闻、出版事业…………穆明·赛帕尔
三区革命时期的图书业……………… 西力甫·胡西塔尔
维吾尔族的摇篮……………………… 海拉提江·吾斯满
亚库提·玉奴斯
柯坪县的骆驼商业………………… 沙木沙克·伊布拉音
老艺术家的一生 ………………讲述：斯拉吉丁·足帕尔
……………………………… 整理：穆合买德·艾沙
维吾尔族的传统体育活动…… 索拉依满·阿布都热也木
忆新疆和平民主同盟……………… 斯迪克·木沙也夫
托克扎克的启蒙运动者哈吉阿洪 ……………………………
………… 乌期昆江·吾买尔，阿布都热也木·拉兹
忆爱国义主者——扎里甫………………………… 举玛汗
好医生，学堂奠基人——达尔维西·毛拉 ……………
…………………………………… 阿木提·艾合买提
马仲英逃跑苏联………………… 艾力肯·吾守尔　编译
忆新疆边务处…………………………………… 陈培生
现代新疆大事记 ……………………………………

# خەلق ئۇنتۇمايدۇ

ئىسنوپ ئېلاخۇن

1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، بىز ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئايرىلغىنىمىزغا 40 يىل بولغان بۇ دىيارغا قايتا قەدەم باستۇق.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى — غەرب تەرىپى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن، شەرق تەرىپى دۇنخۇاڭ بىلەن، جەنۇب تەرىپى قۇمۇل شەھىرى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، تۇرسۇنبۆرەك قارلىقى بۇ ناھىيىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ قارلىقنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4888 مېتر ئېگىز بولۇپ، ئادەم ئولتۇراقلاشقان يەتتەقۇدۇقنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن ئورۇن ئالغان دازەيگۇ چارۋىچىلىق مەيدانى (نېرىنگىر) مۇ دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتر ئېگىز، ئەڭ تۆۋەن جايغا ئورۇنلاشقان قۇم يېزىسىمۇ دېڭىز يۈزىدىن 450 مېتر ئېگىز، بۇ ناھىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى

ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر بۇ جايدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك، مانجۇ، تۇجيازۇ قاتارلىق 10 قېرىنداش مىللەت ياشايدۇ، بۇ ناھىيىدە 3350 ئائىلە، 17500 نوپۇس بار.

بۇ ناھىيىنىڭ سۈيى مول، زېمىنى كەڭرى ھەم مۇنبەت، يايلاقلىرى گۈزەل، تاغلىرى مەدەنگە باي. ھەر خىل ئورمانلار باراقسان بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ياخشى. بۇ ناھىيىدە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ كان بايلىقى بىرقەدەر مول بولۇپ، ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىرى مىس، كۆمۈر، شور، تۇز، ئالتۇن، تۆمۈر قاتارلىق 26 خىلغا يېتىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ تاغ ۋە يايلاقلىرىدا كۆپلىگەن ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. مەسىلەن، ياۋا تۆگە، بۇغا، ياۋا ئېشەك، قۇلان، توخۇ قاتارلىقلار. يەنە، قار لەيلىسى، چۈچۈك بۇيا، چاكاندا، قورچاقگۈل، قاتارلىق 140 خىلدىن كۆپرەك دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار.

مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى — بۇ شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە ناھىيە، ئاتاقلىق ئاراتۈرۈكنىڭ 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭى دەل مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن.

ئايرىلغىنىمىزغا 40 يىل بولغان ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە سابىق 3 - ئاتلىق يىڭنىڭ يىڭجاڭى يولداش ئىسمائىلوپ، 1 - يىڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى مەن (ئېلاخۇن)، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئوسماننىڭ ھەمراھلىقىدا، قۇمۇل شەھىرىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، تۈپتۈز ئاسفالت يولدا خاتىرجەم كېتىۋاتىمىز. شۇ تاپتا مېنىڭ خىيالىم يىراق ئۆتمۈشنى كېزىپ يۈرمەكتە. قۇلىقىم تۈۋىدە ئاشۇ يىللاردىكى ئۇرۇش چۇقانلىرى، ئوق - پىلىمۇت، ئۇر - چاپ ئاۋازى ياڭرىماقتا...



1949 - يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا، قىزىل ئارمىيە تېز سۈرئەت بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى جەۋلان قىلدۇردى.

ئارمىيىمىزنىڭ 6 - جۈن 16 - شى 46 - تۇەن 1 - يىڭنىڭ 2 - لىيەنى ئاراتۈرۈككە ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىغا يېڭى ھاكىمىيەت چىققانلىقىنى جاكارلىغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مەزگىلدە يەنى 1950 - يىلى 3 - ئايلاردا ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاسمىنىنى ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى قاپلاشقا باشلىدى.

باندىت ئوسمان، جانىمقان ۋە يولۋاس ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، قالدۇق باندىتلارنى ۋە پىتىراپ يۈرگەن گومىنداڭنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ئەكسىيەتچى قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، پەيتىك تاغلىرىدا، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى تۇردى.

قۇمۇلدىكى يولۋاس (قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى) 1949 - يىلى قىش پەسلىدە ئاراتۈرۈكنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللا ناسىر، مۇئاۋىن ھاكىمى لۇ فۇشەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرنى قۇمۇل شەھىرىگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى كومپارتىيە ئۈستىدە تەتۈر تەشۋىقات قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇلار «گۇڭچەنداڭ ئىسلام دىنىنى يوقىتىدۇ، مال - مۈلكلەرنى مۇسادىر قىلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىنى خەنزۇلارغا ئېلىپ بېرىدۇ، ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ، قېرىلارنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەرنى ساددا پۇقرالار ئارىسىدا تارقىتىپ يۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئەكسىيەتچى

لەرنىڭ ئىغۋالىرىگە ئىشىنىپ قايمۇقۇپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللا ناسىر يولۋاسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 700 گە يېقىن قوراللىق ئۇنسۇرنى توپلاپ، تېلېفون ـ ئالاقە سىملىرىنى كېسىپ تاشلاپ، قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كېچىدە ئاراتۈرۈك بازىرىنى تۇيۇقسىز قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. خەلقنى تاغقا مەجبۇرىي ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاراتۈرۈك بىر مەزگىل ئادەمسىز ناھىيە بازىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، باندىتلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان 2 ـ لىيەندىكى جەڭچى ـ كوماندىرلار ھايات ـ مامات ئىچىدە قالىدۇ، ناھىيە يېزىلىرىدا تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە جەڭچى ـ كوماندىرلار باندىتلار بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ.

2 ـ لىيەن بۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن جىددىي ئەھۋالدا قېلىپ، يۇقىرى قوماندانلىق شتاب بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي، يەككە ـ يېگانە ھالدا دۈشمەن بىلەن قان كېچىپ تىغمۇتىغ جەڭ قىلىدۇ. ئۇلار ئەزىز جېنىنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئاراتۈرۈكنىڭ بىر سۈيۈك يېرىنىمۇ دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويمايدۇ. 144 نەپەر جەڭچى ـ كوماندىر خۇيىڭجاڭ ــ «كۈرەش قەھرىمانى» خۇجىڭشەننىڭ قوماندانلىقىدا قەھرىمانلىق جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، باندىتلارنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرى ۋە كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمى ئالدىدا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىدىن يەتتە ھەسسە كۆپ دۈشمەن بىلەن 40 كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىدۇ.

بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى باركۆل ئەتراپىدىكى تاغلارغا ئورۇنلىشىۋېلىپ باركۆلنىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس



قاتارلىق باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق 46 ـ تۈەنى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە 5 ـ كورپۇس 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكىنىڭ 3 ـ ئاتلىق يىڭى (مەن تۇرۇشلۇق يىڭ) غا تاپشۇرىدۇ. بۇ ئىككى قېرىنداش قىسىم ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ.

شۇ كۈنلەردە سار قۇمۇش (شىندۇ خۇڭلۇشا) نىڭ ئېگىز ۋە ئېدىرلىق تاغلىرىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن تەبىئەتنىڭ قاتتىق سوغۇق، قار ـ شىۋىرغان، بوران قاتارلىق تەبىئىي توسالغۇلىرىغا قىسىملىرىمىز قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ، دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدۇق. بۇ جەڭنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرۇپ تۇرۇۋېدۇق، بۇ ئىككى قېرىنداش قىسىمغا يۇقىرى قوماندانلىق شتابىدىن يەنە، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدا دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغان 46 ـ تۈەننىڭ 2 ـ لىيەنىگە ياردەم بېرىپ، باندىتلارنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە تارمار قىلىپ يوقىتىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. بىز شۇ ھامان قېرىنداش قىسىم بىلەن بىرلىكتە ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنى 2 ـ قېتىم ئازاد قىلىش ئۈچۈن، باركۆلدىن 4 ـ ئايلاردا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بۇ جەرياندا باندىتلار يامبۇلاق، ئوغلاقبۇلاق، دازەيكۇ داۋانلىرىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىزنىڭ ئاراتۈرۈككە مېڭىش يولىمىزنى قوراللىق توستى. باندىتلارنىڭ بۇ سۈيىقەستىمۇ ھەرقايسى جايلاردىكى قېرىنداش قىسىملارنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشى بىلەن تارمار قىلىندى، نەتىجىدە بىز ئاراتۈرۈككە ئۈچ كۈندە يېتىپ كەلدۇق.

ئاراتۇرۇك بازىرىغا باندىتلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ كىرىپ، 2 - لېيەننى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇردۇق. بۇ چاغدا 2 - لېيەندىكى جەڭچىلەر بىلەن بىزنىڭ قىسمىدىكى ھەر مىللەت ئوفىتسېر - جەڭچىلەر قۇچاقلىشىپ كەتتى. 3 - ئاتلىق يىڭغا قوماندانلىق قىلغان يىڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى مەن بىلەن 2 - لېيەنگە 40 كۈنلۈك جەڭدە قوماندانلىق قىلغان يىڭجاڭ يولداش خۇ جىڭشەن ئىككىمىزمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قېرىنداش قىسىم باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن تاغقا قوغلاپ چىقىپ، ئىككى كۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلدۇق. باندىتلار ناھىيە تەۋەسىدە زور چىقىمغا ئۇچراپ تاغ ئارىسىغا قېچىپ كەتتى.

بىز 3 - ئاتلىق يىڭ بۇ ئۇرۇشتا باندىتلارنىڭ سابىق تۇەنجاڭى بىلەن بىرنەچچە قوراللىق باندىتنى ئەسىرگە ئالدۇق، تاغقا مەجبۇرىي ھەيدىۋېتىلگەن خەلقنى باندىتلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئازاد قىلىپ، ناھىيىگە ئېلىپ چۈشۈپ ئۆز ماكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنى قوغداش جېڭى ۋە 2 - قېتىم ناھىيىنى ئازاد قىلىش جېڭى غەلىبىگە ئېرىشىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەچچىگە قىزىل بايراق قايتا تىكلەندى، بىزنىڭ قىسىملار ناھىيىدە 4 — 5 كۈندەك تۇرۇپ، 46 - تۇەن بىلەن بىز 3 - ئاتلىق يىڭ باندىتلارنى داۋاملىق قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق.

— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان ئوسمان مۇدىر. مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. بىز ئاۋات ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەنىدۇق. يىراقتىن قارا تۇرۇق «تۆھپىكار ھەربىي ئات» نىڭ بازارنىڭ غەربىدىكى تاغنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك تاش ھەيكىلى كۆزگە



تاشلىنىپ تۇراتتى. بىز «تۆھپىكار ھەربىي ئات» ھەيكىلىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاچچىقچىلىق پەيتىدە ئاجايىپ جاسارەت ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلغان خىسلەتلىك ھايۋاننىڭ ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلگىنىمىزچە تۇرۇپ قالدۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى ھەيكەل ئات، كەينى ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى تىرەجەپ، ئالدى ئىككى پۇتىنى 60 گرادۇس ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ ئىنتىلگەن ھالەتتە تۇراتتى. مەن كۆز ئالدىمىزدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن چىققان قەھرىمانغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغىنىمدا، خىيال ئېكرانىمىزدىن يەنىلا شۇ ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدىكى پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

بۇ، ئاراتۇرۇك جېڭىدىكى 2 - لېيەن دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان مەزگىل ئىدى. قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ھەربىي گازارمىدىن 800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پوتەي ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئەتراپ ئوچۇقچىلىق بولغاچقا، دۈشمەن بۇ ئارىلىقنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتقاچقا، ئېگىزلىكتىكى جەڭچىلەرگە ئوق - دورا، ئوزۇق، تۈلۈكنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىدى. دەل شۇنداق چاغدا كىمدۇر بىرى ھەربىي ئاتتىن پايدىلىنىپ، ئېگىزلىكتىكى پوتەيگە كېرەكلىك لازىمەتلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ چارە گەرچە ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، بىراق شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چارە تېپىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەربىي ئاتنىڭ ئۈستىگە ھەربىي گازارما ئىچىدىكى ئوق - دورا، سۇ ۋە يېمەكلىكلەر تېڭىلدى - دە، ئات سىرتقا ئاچىقىپ قويۇپ بېرىلدى. ئات گازارمىدىن ئايرىلىپلا شىمالىي تاغنىڭ غەربىي جىلغى

سىدىكى يول بىلەن ئۇدۇل تىك قىياغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى......
شۇنداق قىلىپ، 40 كۈنلۈك ھايات - ماماتلىق جەڭدە ھەربىي ئات كۈنىگە 2 — 3 قېتىم ئېگىز چوققىغا كىرىپ - چىقىپ، پۈتۈن جەڭنىڭ خەۋەرلىشىش ۋە ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى.

1967 - يىلى بۇ ئات قېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ئات» دەپ نام بېرىلىپ، ئاتنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆزى ئوزۇق - تۈلۈك توشىغان تاغ باغرىدىكى چىغىر يولغا دەپنە قىلىپ ھەمدە مەرمەر تاشتا قەبرە قاتۇرۇپ، قەبرە بېشىغا خاتىرە تاش تىكلەندى. بۇ خاتىرە ھەيكەل ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، تۆھپىكارلار شەنىگە ئوقۇلغان تارىخىي مەدھىيە بولۇپ قالدى.

ئاخىردا، بىز ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ قەبرىستانلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جايغا مەخسۇس ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدە قۇربان بولغان 38 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەبرىسى كۆركەم، چىرايلىق قىلىپ قاتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا پىششىق كېسەك بىلەن تام چۆرۈلگەن بولۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىغا قويۇق ئورمان قويۇلۇپ، ئاجايىپ مەنزىرىلىك جايغا ئايلانغان.

ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلارغا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس رەسىملىك كۆرگەزمە زالى سېلىنغان. دەرۋازىدىن قەبرە مۇنارىغا قەدەر سېمونت بىلەن يول سېلىنغان.

بىز بۇ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن دەرۋازىدىن كىرىشىمىز بىلەنلا يولنىڭ ئىككى چېتىدە چىرايلىق



كىيىنگەن ھەر مىللەت ياش ۋە ئۆسمۈرلىرى داقا - دۇمباق چېلىپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ خاتىرە مۇنارىغا گۈل - چەمبىرەكلەر قويۇپ، باش ئېگىپ تەزىيە بىلدۈردۇق، ئاندىن 38 نەپەر قەھرىمان سەپدىشىمىزنىڭ قەبرىسىنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلدۇق. بۇ ۋاقىتتا قۇربان بولغان سەپداشلارنى ئەسلەپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزۈمگە ئىسسىق ياش ئالدىم. قارىچۇقىمدىكى ياشلار كۆز ئالدىمنى غۇۋالاشتۇرۇپ، خىيال تەپەككۇرۇمنى ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىغا ئېلىپ كەتتى.

شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، گېنېرال پېڭ دېخۇەي 2 - لىيەنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇلارنى مەدھىيىلىدى، غەربىي شىمال ھەربىي رايونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلارنى تەقدىرلەپ «پولات 2 - لىيەن» دەپ نام بەردى، يىڭجاڭ خۇ جىڭشەنگە «كۈرەش قەھرىمانى» دەپ نام بەردى.

قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تەشۋىق قىلىندى. پولات 2 - لىيەننىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، پۈتكۈل جەڭ جەريانىدا 38 نەپەر قەھرىمان ئەزىمەت سەپدىشىمىز ۋەتەن ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھايات - ماماتى، مال - مۈلكى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلدى. خەلق ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **دىلدار ئېزىز**

# قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭ-يىڭ توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىم

(بېشى 34 - ساندا)

سوپاخۇن سۇۋۇرۇپ

خوجىنىياز ھاجىم ۋە مامۇت سىجاڭلار ئاقسۇدا بىرەر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا بېرىپ، ئۈچتۇرپاندىكى مۇسۇل ھاجى ۋە ھەمدۇللا ئاخۇنۇم باشلىق بىرقانچە كىشىلەرنى يىغىلىپ قالغان چارۋا - ماللارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق تېگىشىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ تۇرغاندا، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان سابىت داموللا باشلىق كىشىلەر خوجىنىياز ھاجىمنى باش قىلىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىمدىن يولىيورۇق سوراش ئۈچۈن، مەخمۇت نەدەمبەگ ئەپەندى باشلىق بىرقانچە كىشىنى ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجىم بۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قوبۇل قىل-



مىدى ۋە دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپ، تاغ يولى بىلەن قاقشال ئارقىلىق قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قاقشال ئېگىز داۋان بولۇپ، ئۇ يەردە قۇلبەگ دېگەن قىرغىزنىڭ باشچىلىقىدا بىرقانچە قوراللىق قىرغىزلار بار ئىكەن. بۇ قىرغىزلار ئاتۇش ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى قىرغىزلارغا ئوخشىمايدىغان، باندىتلىق خاراكتېرىنى ئالغان قىرغىزلار بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىملارنى قارشى ئالغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تايىنىپ، خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ قورال - ياراق ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەر ئارتىلغان ئات - قېچىر كارۋانلىرىنى بۇلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ قوشۇنى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى تېزدىن تارمار قىلىپ، يول يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار تاغ - داۋانلاردا بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىغا بېرىپ، يۈسۈپ ھاجى، ئەمەت قوناجى دېگەن مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشتى. خوجىنىياز ھاجىم ۋە مامۇت سىجاڭلار ئاتۇشتا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، بىر قىسىم قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنى قەشقەردە مۆتىۋەر كىشىلەر، ئاخۇن ۋە ئۆلىمالار، خەلق ئاممىسى ناغرا - سۇنايلار ۋە ئۇسسۇللار بىلەن داغدۇغىلىق قارشى ئالدى؛ قەشقەر خەلقى ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىققا چۆمدى. خوجىنىياز ھاجىملار قەشقەرگە كىرگەندە، قەشقەر يېڭىشەھەردە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىدا توققۇزاق چويۇنچىلىك مەخمۇت قارى دېگەن كىشى (قۇمۇللۇق ئاقمۇللامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى) بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ كوماندىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىشى ئوقۇمۇشلۇق ئىلغار كىشى بولغاچقا، ۋەزىپىسى بىر پولك (تۈەن) نىڭ كومىسسارى بولسىمۇ، لېكىن قوشۇننىڭ ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. قەشقەر كونىشەھەردە خوجىنى-

ياز ھاجىملارنىڭ قوشۇنلىرى، يېڭىشەھەردە بولسا ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىنى ئەۋەتكەن بىر قىسىم قوشۇنى بىلەن سېپىل ئىچىگە قامىلىپ ياتقان ئىلگىرىكى بىر قىسىم قالدۇق قوشۇن بار ئىدى. بۇ قوشۇنغا ما زىخۇي (ما تىتەينىڭ تۇغقىنى) قوماندانلىق قىلاتتى.

قەشقەر يېڭىشەھەر بىرەر ئايدەك مۇھاسىرىدە بولۇپ، كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە (رامىزان ئايلىرى ئىدى)، يېڭىشەھەردىكى ما زىخۇي قوشۇنى قورال تاپشۇرماقچى بولىدى. ئەمما ئۇلار: «بۈگۈن - ئەتە» دەپ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ، سېپىل تېگىدىكى سۈڭگۈچلەردىن ئىشپىيونلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرغان. لېكىن، بۇ ئىشپىيونلارنىڭ بەزىلىرى پارتىزانلىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ، قىلىپ جازالىناتتى. جۈملىدىن قەشقەر يېڭىشەھەرلىك مامۇت قاسساپ كونىشەھەردىكى خوجىنىياز ھاجىملار قوشۇنىنىڭ سۈيىقەستى، سانى ۋە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەندە، يولدا پارتىزانلىرىمىز ئۇنى تۇتۇۋالغان. ئۇ، سوراق قىلىنغاندا: «مەن يېڭىشەھەردە قاسساپلىق قىلىمەن. كونا شەھەردە خوتۇن - بالىلىرىم بار ئىدى، شۇلارنى يوقلاپ كېلىشكە ماڭغان» دەپ يالغان ئېيتىدۇ. سوراقچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قېلىپ، «يېڭىشەھەر قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرسا، سېپىلدىن قانداق قېچىپ چىقالايدۇ» دېگەن مەسىلىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇنى قوماندان مەخمۇت قارىغا مەلۇم قىلغاندا، مەخمۇت قارى بەكمۇ ساددا ۋە رەھىمدىل ئادەم بولغاچقا، «ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلمايلى» دەپ، ئىشپىيون مامۇت قاسساپنى قويۇۋېتىدۇ. ھىيلىگەر ئىشپىيون مامۇت قاسساپ كونىشەھەرگە كىرىپ، ئاقسۇدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلارنى قوغلاپ قەشقەرگە كېلىۋاتقانلىقى (ما جۇڭيىڭنىڭ 2 - قېتىممۇ ئۇرۇمچىنى ئالالماي يېڭىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىۋاتـ



قانلىقى)نى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ «تارباغاتايسكىي» نامى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭلارنىڭ كونىشەھەر ئەتراپلىرىدا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، يەنە يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ سۈڭگۈچىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ما زىخۇينىڭ قوشۇنىغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. كېيىن بۇ ئىشپىيوننىڭ بۇنداق ئەھۋالنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. قورال تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ما زىخۇي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، قورال تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشقان، ھەتتا پات - پات سېپىل تېشىغا چىقىپ ئۇرۇشىدىغان بولۇپ كەتتى.

يېڭىشەھەر ئەتراپىدا قاتتىق سوقۇش بولۇۋاتقاندا، ئالدىنغا كېتىۋاتقان قوماندان مەخمۇت قارىنى ئىشپىيونلار ئارقا تەرىپىدىن ئېتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يولۇن قېشىدىكى قان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قان كۆپ چىقىپ كېتىپ، قانسىراپ قالغان. مەخمۇت قارىنى قېيىن ئىنىسى ئاقمۇللام باشلىق بىرنەچچە كىشى قەشقەر كونىشەھەر قۇمدەرۋازىسىدىكى شىۋېت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئاقمۇللامنىڭ مىنگەن ئېتى يوغان، چىرايلىق، كېلىشكەن بەدەخشان ئارغىمىقى ئىدى. شىۋېت دوختۇرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ تۇختى كەنجى ئىسىملىك تەرجىمانى ئارقىلىق: «بىز پوچتىغا قوشىدىغانغا مۇشۇنداق ياخشى ئات تاپالماي يۈرەتتۇق. مۇشۇ ئاتنى بىزگە بەرسەڭلار» دەيدۇ. ئاقمۇللام مەخمۇت قارىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ غېمىدە ئاتنى دەرھال بېرىدۇ. دوختۇرلار يەنە: «بىز دوختۇرخانىغا مۇنچا قىلىمىز دەپ بىر ئۆيىنى راسلىغانىدۇق. لېكىن مۇنچا پۈتمىدى. بىز بۇ بىمارنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىمىز» دەپ، مەخمۇت قارىنى شۇ ئۆيگە

ئەكىرىپ، ئۇنىڭ قېنىنى تەسلىكتە توختىتىدۇ. ئاقموللام دوختۇر خالىتىدىن بىرنى كىيىپ، كېسەلگە قارايدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭلار ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇ تەرىپىدىن قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: قەشقەر ئادىمى كۆپ، ئاھالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەر ئىكەن، بىز بۇ شەھەردە تۇرۇپ ئۇرۇشساق، بىگۇناھ خەلق قىرىلىپ كېتىدۇ. بىز ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن كەڭتاشا دالادا سوقۇشايلى دەپ، قەشقەر يېڭىسار تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى شۇ كېچىسى قەشقەر كونىشەھەرگە مەخپىي كىرىۋالغانىكەن. ئەتىسى تاڭ سەھەردە دەھشەتلىك مىلتىق ۋە پىلىموت ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، قاتتىق مالىمانچىلىق پەيدا بولىدۇ. شەھەر ئاھالىسى قىيا - چىيا قىلىشىپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ: «شا - شا» (ئۇر - چاپ)» دېگەن دەھشەتلىك ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆي - ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى تېپىپ ئېچىپ، ئۆيلەرنى ئاقتۇرماقتا، بۇلىماقتا، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئېتىپ تاشلىماقتا ئىدى، دوختۇرخانا خادىملىرى ۋە دوختۇرخانىدىكى بىمارلار بۇ دەھشەتلىك ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولالماي، دوختۇرخانىنىڭ مامۇت ئاخۇن دېگەن تەرجىمانى ئارقىلىق ئاقموللىغا: «بۇ كىشى (مەخمۇت قارىنى دېمەكچى) چوڭ كومىسسار ئىكەن. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلىپ قالسا، بىزنى نېمە ئۈچۈن ساقلىدىڭ دەپ ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇلار ناھايىتى بەك ئەسكى، قارام خەق، تولىمۇ ۋەھشىي. بىزنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمىز بار، ھەر ئىش بولسا، سىرتتا بولسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كومىسسارنى ئۆزۈڭلار بىر يەرگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرساڭلار» دەيدۇ. ئاقموللام بۇ ئەھۋالنى كومىسسار مەخمۇت قارىغا ئېيتىدۇ. مەخمۇت قارى بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:



«ئۇنداق بولسا، بىز ‹لايىتاشتەك مەدرىسىسى›① دىكى ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم خەلپىتىمنىڭ ھۇجرىسىغا بارايلى، باشقا يەرگە بارالمايمەن، ئەھۋالىم ئېغىر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاقموللام مەخمۇت قارىنى شۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ پوچتىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئاق خالات يېپىپ، تەرجىمان مامۇت ئاخۇن بىلەن بىللە، بىردىن ئاق خالات كىيىپ، پوچتىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، تەسلىكتە «لايىتاشتەك» مەدرىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. بەختكە يارىشا، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم خەلپىتىم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ئىكەن (بىر كىشىلىك ھۇجرا بولۇپ، بىر كىشى ئارانلا سىغىدىكەن). ئۇلار كېسەلنى ياتقۇزۇپ، بىرى بېشىدا، بىرى ئايىغىدا قىسىلىپ ئارانلا ئولتۇرىدۇ. ئابدۇكېرىم خەلپىتىم شەھەردە ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەھشەتلىك داۋام قىلغان قىرغىنچىلىقنى كۆرگەنلىكتىن، بەك قورقۇپ كەتكەنىكەن. لېكىن، تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجىسىز ماقۇل بولغان. ئاقموللام مەخمۇت قارىنىڭ ھەربىي كىيىملىرىنى ھۇجرىنىڭ مورىسىغا تىقىپ قويۇپ، مەخمۇت قارىغا بىر قۇر يالاڭ كىيىم كىيگۈزىدۇ. ئاقموللام ئۆزى ئابدۇكېرىم خەلپىتىمنىڭ ئالدى ئۇچۇق پەرىجىسىدىن بىرنى، مەخسۇمچە تۇماق ۋە مەسە - كالاش كىيىپ، قولتۇقىغا كىتابتىن بىرنى قىستۇرۇپ، تالىپ قىياپىتىدە كىرىۋالىدۇ. مەخمۇت قارى دوختۇرخانىدىن يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن، جاراھەت ئاغزى يىرىلىپ كېتىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، يەنە ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇلار شەھەر ئىچىدە نېمە ئەھۋال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، پەقەت مىلتىق ۋە پىلىموتلارنىڭ قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلىۋاتقان ئاۋازىنى، بەزىدە قول بومبىسىنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ مەدرىسىدە بىرنەچچە تالىپتىن باشقا غەيرىي ئادەم يوق ئىكەن. لېكىن، ئۈچ

① قەشقەرنىڭ گۈلتاشتكى بىلەن ياسالغان مەدرىسىسى.

كۆندىن كېيىنلا 3 — 4 نەپەر قوراللىق قىرغىز مەدرىسىگە كىرىپ (بىرىنىڭ قولىدا جەرەن پاچىقىغا بېكىتىلگەن ئىككى تىللىق ئۇزۇن قامچا بار ئىكەن): «ئاقموللا دېگىنىڭ قايسىڭ؟» دەپ سورايدۇ. ئاقموللا ئالدىغا چىقىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، «ئاكاڭ قېنى؟» دەپ ئۇنى ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ھۇجرىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ، ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ كىرىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان مەخمۇت قارىنى قولىدىن تارتىپ ۋەھشىيلەرچە سۆرەيدۇ (ئۇلار ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋالغان قوراللىق قىرغىزلار ئىكەن). مەخمۇت قارىنىڭ بەدىنىدىن چىققان قان ئۇيۇپ كۆرپىگە چاپلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى ئېلىپ مېڭىشقا ئىلاج قىلالماي، ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئابدۇكېرىم خەلپىتىمنىڭ ساندۇقىنى چېقىپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى يىغىپ توپلىغان تىللا، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ئاق تەڭگىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. بىچارە خەلپىتىم زار — زار قاقشاپ يالۋۇرسىمۇ، ئۇلار پىسەنت قىلماي، «ئاتىمەن» دەپ قورقىتىدۇ، ئاندىن ئاقموللىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

ئاقموللام ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مېنى پىچاق بازىرىدىكى ئىككى قەۋەتلىك سارايغا ئېلىپ بېرىپ، سارايىنىڭ 2 — قەۋىتىدىكى ياسىلىك دېگەننىڭ ئالدىغا ئەكىردى. ئۇ، دىۋىزىيە كوماندىرى ئىكەن. ئۇ، مېنى بىر خۇيزۇ ئەسكەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسكەر مېنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، بىدە توغرايدىغان ئۆيگە سولاپ قويدى. «مەخمۇت قارى نېمە بولۇۋاتىدىغاندۇ» دەپ ئېسى — يادىم شۇ كىشىدە قالدى. «ئەگەر مېنى سوراق قىلسا، مەن توققۇزاق چويۇنچىلىك دەپ چىڭ تۇرۇۋالاي» دېگەن قارارغا كەلدىم. پېشىن مەزگىلى بولغاندا، بىر نان بىلەن بىر كورۇشكا سۇ ئەكىرىپ بەردى. نامازشام ۋاقتى بولغاندا، ياسىلىك مېنى



سارايىنىڭ 2 — قەۋىتىگە ئاچىقتۇرۇپ سوراق قىلدى. خۇئەنلىك بىر ئۇيغۇر كاناپچىنى تەرجىمانلىققا ئېلىپ كىرىپتۇ. ياسىلىك دېگىنىنىڭ بىر كۆزى چىرتاق ئىكەن. ئۇيغۇر كاناپچى ماڭا: قورقما، بىر سۆزۈڭدە چىڭ تۇر، دەپ مەدەت بەردى. ياسىلىك: سەن نەلىك؟ دەپ، باش — ئايىغىمغا قارىدى. مەن: توققۇزاق چۆيۈنچىلىك تالىپ، دەپ تۇرۇۋەردىم. ئاندىن ياسىلىك: قەشقەردە جىق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. سەن ياش بالا ئىكەنسەن، شەھەر كوچىلىرىدا ئېتىلىپ ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆردۈڭمۇ؟ ساڭا بىر تالالا ئوق كېتىدۇ. ئەگەر سەن راستىڭنى ئېيتساڭ، سېنى ئەسكەر قىلىۋالىمىز، دېدى. مەن: توققۇزاقتىن كەلگەنىدىم، ئاكامغا ئوق تېگىپ يېتىپ قالدى، دېدىم. ياسىلىك ئۇيغۇر كاناپچى بىلەن بىر ئەسكەرنى ئاكامغا ئوق يېڭى تەگكەنمۇ؟ ياكى كونا تەگكەن ئوقمۇ؟ شۇنى كۆرۈپ تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېنى يەنە سولاپ قويدى. مەن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرسام، ئۇ ئىككىسى قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر كاناپچى ماڭا: ئىشىڭ ئوڭدىن كەلدى، ئاكاڭ ئۆلۈپ قاپتۇ. قانىنىڭ ئۇيۇپ قالغىنىغا قاراپ، ئوق يېڭى تەگكەن، دېدۇق (ئوقنىڭ شەھەردە قىرغىنچىلىق بولغاندا تەگكەنلىكىنى دېمەكچى. ئەگەر كونا بولسا، مېنى ئېتىۋېتەتتى) دەپ قويدى. ئاندىن ماڭا بىر نان ۋە بىر چاشكا سۇ ئەكىرىپ بەردى. قىرغىزلارنىڭ گېپى يالغان بولۇپ چىقىپ، ياسىلىك ئۇلارنى قاتتىق تىللىدى. ياسىلىك مەندىن: سەن ياخشى بالا ئىكەنسەن، ساڭا قورال بېرىمىز، ئەسكەر بولامسەن؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇيغۇر كاناپچىنىڭ ياردىمى بىلەن: «ئەسكەر بولىمەن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ماڭا بەش ئاتار «تۇرۇكلىنكا» مىلتىقتىن بىرنى، 50 تال ئوق، بىر ئات بەردى. بۇ ئاق ئارغىماقسىمان ئات ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ما جۇڭيىڭغا ئەسكەر بولدۇم. ئەتىسى

تېلېگراف ئىدارىسى تەرەپكە سوقۇشقا باردۇق. بۇ سوقۇش
ئوسمان قىرغىز باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن بو-
لىدىغان سوقۇش ئىكەن. قاتتىق سوقۇش بولۇپ، ئىككى
تەرەپتىن خېلى جىق ئەسكەرلەر ئۆلدى. ئاخىر ما جۇڭيىڭ
ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلىپ، قىرغىز ئەسكەرلەرنى تېلېگراف
ئىدارىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۈستۈن ئاتۇشقىچە قوغلاپ
باردى. لېكىن، قىرغىز ئەسكەرلەر ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، سىم-
خانا① تەرەپكە قاچتى؛ كەينىدىن قوغلاپ باردۇق، ئۇ يەر-
دىمۇ نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلدى. بىز ئۈستۈن ئاتۇشقا قايتىپ
كېلىپ، بىر كېچە قوندۇق. ئەسكەرلەر خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە
باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن نەرسىلىرىنى بۇلىۋالدى.

## قەشقەر كونىشەھەردىكى قانلىق قىرغىنچىلىق

دەل شۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا
قېچىپ كەلگەن يۈسۈپجان قۇربېشى، سىپتىۋالدىجانلار باشچى-
لىقىدىكى بىر بۆلۈك باسمىچىلار خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ شە-
ھەر ئىچىدە بىھۇدە قان تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ
پېڭسار تەرەپكە كەتكەنلىكىنى؛ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋېلىپ، ھەدەپ
بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ: شەھەرنى قاراپ تۇرۇپ
ما جۇڭيىڭلارغا بېرىپ قويىمىزمۇ؟ شەھەرگە كىرەيلى، سىلەر
كىرمىسەڭلار بىز كىرىمىز، دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى: ھازىر
شەھەرگە كىرىش پەيتى ئەمەس. شەھەرگە كىرسەك، بىگۇناھ
خەلقلەر قىرىلىپ كېتىدۇ دەپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرىشتىن

① جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى بىر جاي.



قويىدۇ. ئەمما، يۈسۈپجان قۇربېشىلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ
توسقىنىغا ئۇنىماي، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر شەھەر
ئىچىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ 200 دەك ئۆزبېك ئەسكىرى
بولۇپ، ھەربىر ئەسكەردە 2 - 3 دىن قورال (مىلتىق،
قىلىچ، يان قورال) بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بەدەخشان
ئاتلىرىدەك خىل ئاغماقلاردىن بولۇپ، ئىنتىزامچانلىقى كۈچ-
لۈك، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، خېلى مۇنتىزىم قو-
شۇن ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە بەك ئىشى-
نىپ كېتىپ، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تۈشۈك دەرۋازىسىدىن
شەھەر ئىچىگە ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
شەھەر ئىچىدە قاتتىق سوقۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ
قوشۇنلىرى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە، ھەتتا سېپىل باشلىرى-
غىچە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئۆزبېك قوشۇنلىرى تۇشمۇ-
تۇشتىن زەربىگە ئۇچراپ، 2 - 3 سائەت ئىچىدىلا بىرقانچە
ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى:
خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرگە
مۆكتۈرۈپ قويغانىكەن، بۇ خەلقلەر ئۆيلىرىدە ئەسكەر بارلى-
قىنى بىزگە ئېيتماپتۇ، دېگەن گۇمان بىلەن غەزەپلىنىپ،
خۇددى يوگەنسىز ئاتلاردەك كوچىلاردا ئۇچرىغانلا خەلقنى
ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي ئېتىپ - چېپىپ، قېچىپ
كەتكەنلەرنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھەتتا ئۆيلىرىگە
باستۇرۇپ كىرىپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈ-
رۈپ تاشلايدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر خەلقىنى
قارشى چىققالماس قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان فاشىستىك
قىرغىنچىلىقىنىڭ باھانىسىدا ئۆلتۈرۈلگەن خەلقنىڭ مال -
مۈلكىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن بۇلىدى. لېكىن، ما جۇڭيىڭ قو-
شۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى قەشقەر تارىخىدا كۆرۈلۈپ
باقمىغان بۇ زور قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى-

دىن قاتتىق چۆچۈپ، مۇشۇ قېتىم ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانى 4784 كە يېتىپتۇ. بۇرۇنقىلىرىنى قوشقاندا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بىز خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردۈق دەپ، ساپ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، بولۇپمۇ پۇقرالارنى چاپماڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، قىرغىنچىلىقنى، بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈشنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ بايلىق توپلاش ئۈچۈن، ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ بۇلاش - تالاشلىرى، قارشىلىق قىلغان ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشلىرى توختىمىدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەر ۋە قېرى كىشىلەر، قالغانلىرى ئاياللار ۋە نارەسىدە بالىلار ئىدى. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن قەھرىمان قەشقەر خەلقى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خالى جايدا ئۇچرىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق شتابى خەلقلەرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ كوچىغا چىقىشىنى چەكلىدى. ئۇلار 3 — 4 كۈندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە يېزىلىرىدىن نۇرغۇن ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىپ، ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇردى.

## خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەركەشتامغا بېرىشى

شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئىش سەۋەبى بىلەن 60 — 70 دەك ئادىمىنىڭ ھىمايىسىدە شىنجاڭ - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئەركەشتامغا باردى:

1) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق ئېلىش؛

2) ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش؛



3) سوۋېت ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنى باشقا ئىشلار توغرىلىق سۆزلىشىشكىمۇ چاقىرتقان.

خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ھۆكۈمىتى كىشىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار: «سىز شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە① ئەمەل قىلماي، قەشقەردە 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سابىت داموللا قۇرغان قانۇنسىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە باشلىق بوپسىز. بىز قورال - ياراقنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇردۇق، سىز قورالنى شېڭ شىسەيدىن ئېلىڭ» دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى ئاقلاپ: «بۇ قانۇنسىز ھۆكۈمەتنى مەن قۇرمىدىم. سابىت داموللانىڭ قانۇنسىز ئىشلىرىغا ئارىلاشقىنىم يوق. بۇ ئىشنى مەن بىلمەيمەن» دەيدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى كىشىلىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن: «ئەگەر سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان بولسىڭىز، جاھانگىرلارغا سېتىلغان سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەرنى قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورايدۇ. خوجىنىياز ھاجى شۇ يەردىلا: «جاھانگىرلارغا سېتىلغان مۇنداق قانۇنسىز ھۆكۈمەتنى يوقىتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى قورال بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. لېكىن: «سىلەر ئاز ئادەم ئىكەنسىلەر، قورالنى كۆپ بەرسەك ئەكېتەلمەيسىلەر، بەلكى يولدا دۈشمەنلەرگە تارتتۇرۇپ قويۇشۇڭلارمۇ مۇمكىن» دەپ، 100 تال مىلتىق، 5 — 6 يەشىك ئوق بېرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇ قورالارنى ئېلىپ يەكەنگە كېلىپلا، مامۇت سىجاڭنى سابىت داموللا باشلىق غەيرىي ھۆكۈمەت كاتىپباشلىرىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. خوجىنىياز

① 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ۋەكىللىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن پۈتۈك ئەھدىنامىسىنى دېمەكچى.

ھاجىنىڭ بۇ ئىشقا مۇنداق تېز تۇتۇش قىلغىنىغا سوۋېت ھۆكۈمىتى ھەيران قالىدۇ. مامۇت سىجاڭ يەكەندىن قەشقەرگە بېرىپ، سابىت دامولىنى تۇتۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ (شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىدە يوقاتتى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قالغان ئەزالىرى ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كەتتى).

ئاقموللا يەنە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەركەشتامغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ما جۇڭيىڭ شتابى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرى بولغان بولسا، ئارقا تەرىپىدىن شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مېڭىشقا يولى قالمىغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن سوۋېت چېگرىسى تەرەپكە ماڭدى. ئەمما، ئۇلار قايسى يوللار بىلەن مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارغا يول باشلىدى. ئۇلار: چېگرىغا يېقىن بارغان خوجىنىياز ھاجىلارنى ئالدى – كەينىدىن قورشاپ تىرىك تۇتىمىز، دەپ پىلان تۈزگەنىدى. لېكىن، بىز چېگرىغا يېقىن بارساق، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ چېگرىدىن قايتىپ، بىز توسىماقچى بولغان جىم يولدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە 15 — 20 مىنۇتتەك بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردۇق. ئىككى ئوتتۇرىدا يەنە قاتتىق سوقۇش بولدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار زادى چېكىنمىدى. بىردەمدىن كېيىن: «خوجىنىياز ھاجىلار قاچتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى، ئارقا تەرىـ



پىدىن كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قورشاپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلار قورشاۋنىڭ بىر تەرىپىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجىلار جىم يول بىلەن ئاغۇنىڭ بېشىدىكى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، كۆۋرۈكنى تارتىۋېتىپتۇ. سوقۇش بولغان يەرگە بېرىپ قارىساق، ئېتىلغان ئوقلارنىڭ مىشەكلىرى بىلەن قۇرۇق ساندۇقلىرى ۋە تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر ساندۇق ئوق قېپقاپتۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇرغۇن چىقىم تارتقان بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجىلارنى تۇتالماي، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن قايتىپ، قىرغىزلارنىڭ قىشلاۋىسىغا كېلىپ قوندى. قىرغىزلار ئاللىقاچان باشقا جايغا كېتىپ قالغانىكەن. بۇ قىشلاۋدا بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆي، قوتان، ھەتتا ئورۇپ دۆۋىلەپ قويغان قىشلىق چۆپلەرمۇ بار ئىكەن. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئەتىسى ئۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا، بۇ ئۆي ۋە چۆپ دۆۋىلىرىگە ئوت قويىۋەتتى. ئەتىسى ئاغۇغا كېلىپ قوندۇق. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇ يەردىمۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى؛ تۇتۇۋالغان ئاياللارنىڭ ئۈزۈك، بىلەيزۈك ۋە ھالقىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە تارتىۋالدى؛ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇلار ئاغۇدىن قايتقاندىن كېيىن، ئاستىن ئاتۇشقا كېلىپ قوندۇق. سۇنتاغلىق يۈسۈپ ھاجىم دېگەن ئادەم ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا سېتىلىپ، يېقىنچىلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئاستىن ئاتۇشلۇق ئەمەت قۇناجىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىكەن (ئەمەت قۇناجى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىدا تۇرغان). ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئاستىن ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئەمەت قۇناجىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاستىن ئاتۇشتا تۆت كۈن تۇرۇپ، قەشقەرگە قايتىپ

كەلدۇق. بۇ تۆت كۈن جەريانىدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئاستىن ئاتۇشنى قۇيقۇرۇق چۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

## يېڭىساردىكى سوقۇشنىڭ جەريانى

ئاقمۇللا ئەسلىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئاستىن ئاتۇشتىن قەشقەرگە كېلىپلا، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىسارغا قاراپ ماڭدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قەشقەردىن يېڭىسار تۇپلۇقىغا كەتكەنىكەن. يېڭىسارنىڭ سېپىلى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن پارتىزانلار ۋە خوتەنلىك ئىمىر ھەزرەت دېگەن كىشىنىڭ پارتىزانلىرى بولۇپ، پۈتۈن يېڭىسارنى شۇلار ئىگىلەپ تۇرغان. ئۇلار سېپىل ئۈستىگە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شوتا قويۇپ چىقىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يوغان تېرەك، لىم، تاش، كۆتەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويغان. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى يېڭىسارغا بېرىپ ئىمىر ھەزرەتنىڭ پارتىزانلىرىغا دۈچ كەلدى ۋە سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ ھېچ ئىلاجى قىلالماي، سېپىلغا شوتا قويۇپ، «سا — سا» (ئۆلتۈر — چاپ) دەپ ۋارقىراش بىلەن قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، سېپىل ئۈستىدىكى پارتىزانلار سېپىلدىن يوغان لىم، ياغاچ — تاش ۋە كۆتەكلەرنى تاشلاپ، ئۇلارنى شوتىسى بىللە يەرگە دومىلىتىۋەتتى ھەم پىلىموت ۋە مىلتىقلاردىن ئوق ئېتىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى سېپىل تۈۋىگە ياتقۇزۇۋەتتى. سېپىل ئۈستىدىكى پارتىزانلار بۇ غەلىبىسىگە كاناي، ناغرا، دۇمباق ۋە دۇتار، تەمبۇرلار بىلەن تەنتەنە قىلدى. سوقۇش شۇنداق جىددىي بولۇۋاتقاندا، ئىمىر ھەزرەتنىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر: «ئاكامنى سېپىل ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ



چىقىمەن» دەپ، خوتەندىن نۇرغۇن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر بىلەن كېلىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىدا رەسمىي قورال بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمىدا چوماق ۋە كالتەكلا بار ئىكەن. شاھ مەنسۇر 40 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى ۋە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. لېكىن، ئاخىر ئوق تېگىپ يارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كىشىنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. بىراق، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، شاھ مەنسۇر ئۆلۈپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ شتابى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى. شۇ كۈنلەردە ئاسماندىن ئۈچ كېچە — كۈندۈز سېرىق توپا يېغىپ، ھاۋانى تۇمان قاپلاپ كەتتى، 10 قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ يېڭىسار سوقۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى، بولۇپمۇ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۆپرەك ئۆلۈپ كەتتى. چۈنكى، ئىمىر ھەزرەتنىڭ پارتىزانلىرى زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى كۆپلەپ قىرىپ تاشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرىنىڭ جەسىتى ۋە قورالى سېپىل تۈۋىدە قالدى، ساق قالغانلىرىنىڭ ھەر بىرى 8 — 10 دىن ئاتنى يېتىلەپ قەشقەرگە قايتتى. يېڭىساردىن قەشقەرگە قايتقان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەر كونىشەھەر ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى دەڭ، سارايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەن بۇ چاغدا مۇئاۋىن بەنجاڭ ئىدىم. ما پەيجاڭ دەيدىغان تۇڭگان پەيجاڭىمىز ئىسمايىل ئاخۇن (ئەسلى شايارلىق بولۇپ، كوچادا ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغانىكەن) دېگەن ئەسكەر بىلەن ئىككىمىزنى بىدە توغراشقا

قويدى، ئىككىمىز ھەر كۈنى 20 — 30 ئاتقا بېدە توغرايت-
تىمىز. بىر ھەپتىدىكى 12 ئەسكەرنىڭ قالغانلىرى پاشقا ئىش
قىلىدۇ. ما پەيجاڭ پات — پاتلا ئۆگزىگە چىقىپ بىزنى
يوقلاپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ بىزگە: ئەھۋال يامان بولدى!
ما جۇڭيىڭ ئاقسۇدىن قېچىپ كەپتۇ، ئەھۋال چاتاق. خوجى-
نىياز ھاجىلار يەكەندە ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرسا، ئەمدى نە-
گىمۇ قاچارمىز، دەپ خاتىرجەمسىزلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆ-
زىگە قاراپ بىزمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ، جانىنى نەگە سىغدۇ-
رۇشنىڭ غېمىدە تۇرساق، تۇيۇقسىز «بەنجاڭدىن تارتىپ
ھەممە كوماندىرلار مەجلىسكە كەلسۇن» دەپ چاقىرىق كەل-
دى. مەجلىسكە بارساق (مەجلىس قەشقەر كونا شەھەردىكى
ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىكەن)، ما جۇڭيىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ
غەزەپ بىلەن سۆزلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە
ئۇلگۇرۇۋېتىمىز «...... بىز شىنجاڭنى ئازاد قىلدۇق، ئۇرۇمچى-
نىمۇ ئازاد قىلىمىز...... بىز خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئالدى-
دىن ئۆتىمىز دەۋاتىمىز. بىز گەنسۇدىن چىققاندا، خوجىنىياز
ھاجى ئاتا، بىز بالا ئىدۇق. بىزنىڭ دىنىمىز بىر، بىز بىر
مۇسۇلمان، بۇرۇنقى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايمىز...... خو-
جىنىياز ھاجىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قې-
شىغا ۋەكىل ئەۋەتىمىز. ئوسمان داموللا، ھىلاخۇن ھاجى
باشلىق مۆتىۋەر ئۆلىمالارنى ئەۋەتىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر
خوجىنىياز ھاجىلار كېلىشىمگە كېلىشكە ئۇنىمىسا، ئۇلارنى سالىمىز
(يوقىتىمىز — دېمەكچى).» بۇ مەجلىسكە ما جۇڭيىڭنىڭ
ھەممە كوماندىرلىرى بولۇپ 800 دەك ئادەم قاتناشتى.
مەجلىستىن يېنىپ سارايغا قايتىپ كەلسەك، بىزنىڭ ھېلىقى
ما پەيجاڭ بىزگە يەنە: «سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ما جۇڭيىڭ
ئاقسۇدىن جەزمەن قېچىپ كەپتۇ. ئارقىمىزدىن شېڭ شىسەي-
نىڭ ئورۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئەمدى يامان



بولدى، قانداقىمۇ قىلارمىز. ما جۇڭيىڭ ئادەم ئەمەس،
مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇشامدۇ؟ ئالدىمىزدا
خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرسا، ئارقىمىزدىن ئورۇس
ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتسا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ نە-
گىمۇ قاچارمىز؟» دېدى. مەن بىلەن بىللە بېدە توغرايدىغان
ئىسمائىل ئاخۇنغا ئىلگىرى: بىز ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى ئىچىدە
ھارام ئۆلۈپ كېتىمىز، بۇ يەردىن قاچايلى، دېسەم، «مېنى
سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسىز» دەپ ئۇنىمىغا-
نىدى. ئەمدى ئۇ، ما پەيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن قېچىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن
ئىككىمىز بىر — بىرىمىزگە قەسەم بېرىشتۇق. بىز سىرتقا
چىققاندا ئادەتتە ئىككىلىنىڭ تاختاي نومۇرنى ئېلىپ چىقاتتۇق. بۇ،
رۇخسەت سورىغانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. بىز ما پەيجاڭدىن:
بېدە توغراپ بەدەنلىرىمىز كىر بولۇپ كەتتى، مۇنچىغا بې-
رىپ كەلسەك، دەپ رۇخسەت سورىدۇق. ما پەيجاڭ ماقۇل
بولۇپ، سىرتقا چىقىش تاختىيىدىن ئىككىنى بەردى. ئىكك-
مىزدە ئىككى تال بەشئاتار مىلتىق، مەندە 100 تال ئوق،
ئىسمائىل ئاخۇندا 50 تال ئوق بار ئىدى. بىز سارايدىن
چىقىپ، شۇ ماڭغانچە نامازشام مەزگىلىدە تۈمەن دەرياسىدىن
ئۆتۈپ، تېلېگراف ئىدارىسى يولى بىلەن ئۇستىپۇن ئاتۇشقا
قاراپ ماڭدۇق. بۇ، دەل قاچقان ئەسكەرلەرنى ئۇ يەردە — بۇ
يەردە خەلقلەر تۇتۇپ بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا، مەن
ئىسمائىل ئاخۇنغا: بىز مۇنداق ماڭساق، ئۆزىمىزنى شتابقا
تۇتۇپ بېرىمىز. توققۇزاقنىڭ چۈيۈنچى يېزىسىدا بىزنىڭ
تۇغقانلىرىمىز ۋە تونۇش — بىلىشلىرىمىز بار. ئۇنىڭ ئۈست-
تىگە، تاشمىلىقتا خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بار
دەپ ئاڭلىدۇق. بىز توققۇزاققا بارايلى، دەپ مەسلىھەت بەر-
دىم. ھەمراھىم ئىسمائىل ئاخۇنمۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ

بىلەن، نىشانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، توققۇزاق تەرەپكە ماڭدۇق. توققۇزاق چۆيۈنچىدىكى تونۇشۇم ئابدۇرېھىم خەلپىتىمىنىڭ ئۆيىگە ئۆتكەن نۆۋەت بارغاندا ئىككى ئات، تۆت تال قورالنى يوشۇرۇپ قويغانىدىم. كۆڭلۈمدە شۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئويلايتتىم. بىز ئايلىنىپ تۈمەن دەرياسىغا قايتىپ كېلىپ، مىڭ تەسلىكتە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈۋالدۇق. كىيىم ــ كېچەك ۋە قوراللىرىمىز ھۆل بولۇپ شالاقشىپ كەتتى.

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى. تاڭ ئاتقۇچە توققۇزاققا يېتىۋېلىش ئۈچۈن يول ــ پولغا يۈگۈرۈپ ماڭدۇق. قورسىقىمىز ئېچىپ ماڭغۇچىلىك ھالىمىز قالمىدى. بىردەم ماڭساق، بىر ھويلىنىڭ تېمىغا تاقىلىپ قالدۇق. مەن: مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ بىر نەرسە سوراپ يەيلى دېسەم، ئىسمائىل ئاخۇن: بولمايدۇ، خەتەرگە يولۇقۇپ قالىمىز، دەپ ئۇنىمىدى. مەن: ئەمىسە، سەن 10 ــ 15 مېتىر نېرىدىراق تۇرۇپتۇر، مەن ئىشىكنى قاقاي. ئادەم چىقسا، مەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سېنى چاقىراي، دېدىم. تاكىمۇ سۆزلەي دەپ قالدى، مەھەللە ئىتلىرى قاۋىماقتا. ئۆيدىن بىر كىشى چىقىپ: «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. مەن: بىز يولۇچى ئىدۇق، يولدىن ئېزىپ قالدۇق. گەپ سوراپ ئۆتەيلى دېۋىدۇق، ئىشىكنى ئاچسىلا، دېدىم. ئۇ كىشى ئىشىكنى ئاچتى ــ دە، مېنىڭ قوراللىق ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. بىر ئاز كەينىگە داجىپ: «سىلەر نېمە ئادەملەر؟!» دەپ سورىدى. مەن: توققۇزاققا بارماقچى ئىدۇق، يولدىن ئېزىپ قالدۇق، دېۋىدىم. «ھە، ئۆيگە كىرەيلى» دەپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن ھەمراھىمنى چاقىردىم، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىگىسى بەستلىك، يوغان ساقاللىق، 80 ياشلارغا كىرگەن كىشى ئىكەن. داستىخان سېلىپ، بىزنى



نان، چاي بىلەن مېھمان قىلدى. قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن، مەن: ئۆزلىرى ئاقساقال كىشى ئىكەنلا، راست گەپنى قىلساق، بىز ماجۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىقتۇق. مالال كۆرمىسىلە، بىزنى توققۇزاق تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ياردەم قىلغان بولسىلا، دەپ بوۋايغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدىم. ھەمىيىنىمدا قەشقەردە سابىت داموللا ھۆكۈمىتى باسقان قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك «خاپىياۋ» تىزا بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن 10 ــ 15 نى ئېلىپ بوۋايغا بەردىم. بوۋاي خۇش بولۇپ: مېنىڭ بىر بالام بار، شۇ بالام سىلەرنى ئېشەك بىلەن دېگەن يېرىڭلەرگە ئاپىرىپ قويسۇن دەپ، 10 نەچچە ياشلاردىكى بالىسىنى ئېشەك بىلەن بىزگە قوشۇپ قويدى. ئۇ بالا ئېشەككە مىنىپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. ئېشەك بەك ئىتتىك ماڭغاچقا، ئىككىمىز ئىككى تەرەپتە ئېشەكنىڭ قوشقۇقىغا ئېسىلىپ يۈگۈرگەندەك ماڭدۇق. مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا، ئەنە ئاۋۇ دەرەخلىك چۆيۈنچى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ قويدى. بىز بالىغا 10 سەر «خاپىياۋ» بېرىپ، رەھمەت ئېيتتۇق. «يولدا بىرى سورىسا، ھېچ كىشىنى كۆرمىدىم دېگىن» دەپ تاپىلاپ قويدۇق.

بالىنى يولغا سېلىۋېتىپ، دەرەخلىككە قاراپ ماڭدۇق. ئارقىمىزدا قەشقەر كونىشەھەرنىڭ سېپىلى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرەخلىكنىڭ ئارىسىغا بارساق، ئىككى قوراللىق ئادەم كۆرۈنۈپ قالدى. بىر ئۆينىڭ ئالدىدا 2 ــ 3 ئېگەر ــ توقۇملۇق ئات باغلاقلىق تۇراتتى. بىز ئۇلارنى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلگەن ياكى ئالدىمىزدىن توسقىلى كەلگەن قىرغىزلار ئوخشايدۇ، دەپ بەك قورقۇپ كەتتۇق. ئاندىن: «مەيلى نېمە بولسا ــ بولسۇن» دەپ، ئېرىق بويىدىكى قاتار جىگدىلەرنىڭ ئارىسىدىن ماراپ كېتىۋاتساق، ئالدىمىزغا بىر ئادەم يولۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن: بۇ ئاتلىق قوراللىق كى-

شىلەر كىملەر؟ دەپ سورىساق، ئۇ ئادەم: بۇلار قىرغىز ئەسكەرلەر، ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ «ئالتۇن - كۈمۈش نەدە؟ پۇل نەدە؟» دەپ دېھقانلارنى ئۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇلار بەش كىشى ئىكەن، دەپ يىغلاپ كەتتى. «بۇ يەردە چوڭلاردىن كىم بار؟» دەپ سورىساق، «ئابدۇرېھىم خەلپىتىم بار» دەپ بىزنىڭ تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالغىنىمىزغا بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، كېچىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، قىرغىزلار ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ، بۇلاپ - تالاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ھەتتا ئىلگىرى مەن ئامانەت قويغان ئىككى ئاتنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. لېكىن، ئۇلار مەن يوشۇرۇپ قويغان تۆت تال قورال (ئىككى دانە ماۋزېر، ئىككى دانە ياپونچە بەشئاتار مىلتىق) نى تاپالماپتۇ. بىز ئۇلارنى ئالدۇق. بىزدە قولىمىزدىكى بىلەن جەمئىي ئالتە تال قورال بولدى. ئۇقۇشساق، بۇلاڭچى قىرغىزلار بىر قوشنا ئۆيدە سويۇق ئاش ئىچىۋاتقان ئىكەن. مەھەللىدىكى بالىلاردىن بىرنەچچىنى جۈملىدىن ئابدۇرېھىم خەلپىتىمنىڭ بالىلىرىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارغا قوراللارنى بىردىن بەردۇق؛ ئاندىن قورالنى قانداق كۆتۈرۈش ۋە قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى باشلاپ ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن باغقا كىرىپ، قاتار ئۆيلەرنىڭ دالدىسى بىلەن قىرغىزلار تاماق يەۋاتقان ئۆيگە باستۇرۇپ كىردۇق - تە، ھەممىمىز تەڭلا: قولۇڭنى كۆتۈر! دەپ توۋلىدۇق. ئۇلار قىمىر قىلالماي، قوللىرىنى كۆتۈردى. ئىسمائىل ئاخۇن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالدى (بىرى توققۇزئاتار، بىرى قارا مىلتىق، بىرى تاپانچا، ئۈچى بەشئاتار مىلتىق ئىكەن). «بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىشتىڭ؟!»



دەپ سورىساق، گەپ قىلالماي يەرگە قاراپ تۇرۇشتى. دەرھال ھەممىسىنى باغلاپ تاشلىدۇق. ئىچى دەرد - ئەلەمگە تولۇپ كەتكەن دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. بىز بۇ بۇلاڭچى قىرغىزلارنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتۇق. ئاندىن ئۇلار بۇلاپ - تالىغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئاياللارنىڭ ھالقا - ئۈزۈكلىرى ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۇلارنىڭ خۇرجۇنلىرى ۋە يانچۇقلىرىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپ، مەھەللە ئاقساقىلىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. باغلاقلىق قىرغىزلارنى «ئىگىسى ئىزدەپ كەلسە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ، ئابدۇرېھىم خەلپىتىمگە ھاۋالە قىلدۇق. قىرغىزلار بۇلىغان ئاتلارنىڭ ئىچىدە ياخشى بىر ئات بار ئىكەن، ئۇنى ئىگىسىدىن سېتىۋالدۇق.

ئەتراپىمىزغا توپلانغان كىشىلەر ئارىسىدا ياشلارمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارغا: قايسىڭ بىزگە ئەسكەر بولىسەن؟ دېيىشىم بىلەن، «مەن بولىمەن، مەن بولىمەن» دەپ 10 — 20 دەك بالا يىغىلدى. بىز ئابدۇرېھىم خەلپىتىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولىمىزدا بار ئاتلارغا تۇشلۇق سەككىز ياشنى ئالىۋالدۇق، ئۆزىمىز بىلەن 10 كىشى بولدۇق. بىر تاپانچا بىلەن قورالىمىزمۇ 10 غا يەتتى. ئاتلارنى تەقسىم قىلىپ، ئاتلىق ۋە قوراللىق بولۇپ، بورىختاي تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. كەچقۇرۇن بورىختايغا يېتىپ بېرىپ، يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئاتلىرىمىزغا يەم - بوغۇز بېرىپ، ئۆزىمىزمۇ قورساقنى تويغۇزۇپ ۋە دەم ئېلىپ، تاشمىلىققا قاراپ ماڭدۇق. تاشمىلىقتا ئىبراھىم تۈەنجاڭ (بۇرۇن قەشقەردە باجگىر بولغان ھەمراھباي لوزۇڭنىڭ كۈيئوغلى) خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولۇپ تۇرىدىكەن. «تاشمىلىقتا بېرىۋالساقلا خاتىرجەم بولاتتۇق» دەپ ئويلاپ، كېچىدە

كېتىۋاتىساق، ئالدى تەرەپتىن تۇيۇقسىزلا بىرنەچچە ئۇي-
غۇرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەمراھلىرىمنى
يولنىڭ چېتىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا توختىتىپ قويۇپ،
ئۆزۈم يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ، كېلىۋاتقانلارنى كۈتۈپ
تۇردۇم. ئۇلار يېقىن كەلگەندە، ئاۋازىمنى چىقىرىپ سالام
قىلدىم. ئۇلار: كىم سەن! دەپ ۋارقىرىدى. مەن: بورىختاي-
دىن كەلدۇق، دەپ ئالدىغا باردىم. قارىسام، ھەممىسى بىر
پەي كەلگۈدەك قوراللىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ
باشلىقى قەشقەر بەشكېرەملىك نىياز لېيەنجاڭ ئىكەن. يولنى
رازۋېتكا قىلىش (چارلاش) ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلەر ئىكەن.
نىياز لېيەنجاڭ بىلەن مەن بۇرۇن ھەربىي سەپتە بىللە ئىشلى-
گەن، ئوبدان تونۇشاتتۇق. بىز يول بويىدا ئولتۇرۇپلا مۇڭ-
داشتۇق. ھەمراھلىرىممۇ كەلدى. نىياز لېيەنجاڭ قەشقەر يولى-
نى رازۋېتكا قىلىشقا چىققانىكەن. ئۇ: بىز سىلەرنى ما جۇڭ-
يىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدۇق.
ئۇلارنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭلار؟ دەپ سورىدى.
مەن ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ يەردە 2 — 3 سا-
ئەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن، پاشىنىڭ ئازابىغا چىدىماي، نى-
ياز لېيەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى داۋاملىق رازۋېتكا قىلىشقا قال-
دۇرۇپ، ئۆزى بىر كانىۋوي بىلەن بىزنى تاشمىلىققا باشلاپ
ماڭدى. تاشمىلىقنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىكەن، تاڭ ئا-
تارغا يېقىن ئاران يېتىپ باردۇق. نىياز لېيەنجاڭ بىزنى
ئوتتۇر تۇەنجاڭنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. ئىبراھىم تۇەن-
جاڭ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئىكەن. تۇەنجاڭنى ئويغىتىپ،
بىزنىڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىققانلىقىمىزنى ئېيت-
تى. مەن ما جۇڭيىڭ باشلىق بىر قىسىم قوشۇننىڭ ئاقسۇدىن
قېچىپ كەلگەنلىكىنى؛ ماجۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىلارغا
سۆھبەت ۋەكىلى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى، ئەگەر خوجىنىياز



ھاجى ماقۇل كۆرمىسە، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىماقچى
بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئىبراھىم ئاخۇن تۇەنجاڭ ناھايىتى خۇ-
شال بولۇپ: «قېچىپ چىقىپ ئوبدان قىپسىلەر، بۇ ناھايىتى
مۇھىم خەۋەر ئىكەن. بۇنى تېزدىن ماموت سىجاڭغا يەتكۈزۈش
كېرەك. سىجاڭلار ھازىر توپلۇقتا* خوجىنىياز ھاجىم يەكەن-
دىن خوتەنگە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ خەۋەر تېزدىن سى-
جاڭغا يەتكۈزۈلسە، سىجاڭ ئادەم قوشۇپ ھاجىملارغا يەتكۈ-
زىدۇ» دېدى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «بۇ خە-
ۋەرنى ئۆزۈڭلار يەتكۈزگىنىڭلار ياخشى. ھازىر ماڭساڭلار،
بەلكىم ھاجىملار خوتەنگە مېڭىپ بولغۇچە يېتىپ بېرىپ قا-
لارسىلەر. ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھازىر نېمە ئىش قىلماق-
چى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تۇراتتۇق، بۇ ئىنتايىن ياخ-
شى خەۋەر ئىكەن. دەرھال يولغا چىقىڭلار» دېدى ۋە بىزگە
10 نەپەر قوراللىق ئەسكەر قوشتى. ئۆزىمىز بىلەن جەمئىي
20 نەپەر بولدۇق. ھەممىمىز ئاتلىق. ئەتىسى سەھەردە يولغا
چىقىپ، يېڭىسارنىڭ شانىياز دېگەن يېزىسىغا يېقىن بارساق،
ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ،
شانىياز يېزىسىغىمۇ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقى مەلۇم بولدى.
ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمىز. بىز دەر-
ھال تاغ باغرىغا قاراپ قاچتۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى
كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. بىز ئاتلارنى قويۇۋېتىپ، تاغ
باغرىدىكى ئېگىز يارنىڭ جەينەكتەك ئەگرى يېرىگە كىرىپ
مۇداپىئەلەندۇق: بىرنەچچە پاي ئوق ئاتقىنىمىزدىن كېيىن،
ئۇلار قوغلاشتىن توختىدى. ئاندىن بىز تاغنىڭ تۆپىسىگە
چىقىساق، توپلۇق، قىزىل تەرەپلەرگە بارىدىغان يولدا يوشۇ-

* توپلۇق — يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا بولۇپ، يە-
كەن بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭ ھېسابلىنىدۇ.

جان قۇربىشى ۋە سىتىۋالدىجانلار باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بار ئىكەن. دەرھال بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ خەۋەر يەتكۈزدۇق. ئۇلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇشتى ۋە: بۇنى قىزىلدىكى سىجاڭغا يەتكۈزەيلى دەپ، ئۇلارمۇ يول باشلايدىغان ئەسكەر قوشتى. بىز يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قىزىل يېزىسىغا قاراپ ماڭدۇق. بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىزدىن، قىزىلغا ناھايىتى ئۇزاقتا يېتىپ باردۇق.

قىزىلغا بېرىپلا مامۇت سىجاڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتۇق. مامۇت سىجاڭ لىيەنجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسىرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، بىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇلار — ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، جان تىكىپ قەھرىمانلىق قىلغان ھەم بىزگە مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن باتۇرلار. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇشۇنداق قەھرىمانلىق كۆرسىتىش لازىم» دەپ بىزنى ماختىدى ۋە شۇ يەردىلا بىزگە 3000 سەر «خاپياۋ» مۇكاپات بەردى. مەن 3000 سەر «خاپياۋ» نى ئېلىپ، بىر تىيىنىمۇ يانچۇقۇمغا سالماي، شۇ مەيداندىلا 1000 سەر «خاپياۋ»نى سەپدىشىم ئىسمائىل ئاخۇنغا بەردىم، قالغان 2000 سەر «خاپياۋ» نى سەككىز نەپەر ھەمراھىمىزغا بۆلۈپ بەردىم. مامۇت سىجاڭ بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ: مانا، كۆردىڭلارمۇ؟ قەھرىمانلىق قىلغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە پۇلنىڭ ھەممىسىنى سەپداشلىرىغا بەردى، دەپ يەنە ماختىدى. ئاندىن مامۇت سىجاڭ: قالغان ھەمراھلىرىڭىز بۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇرسۇن. سىزگە ئادەم قوشايلى، دەرھال ھاجىملارنىڭ قېشىغا بېرىڭ دەپ، خوجىنىياز ھاجىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. مامۇت سىجاڭ ماڭا ئادەم قوشقانىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تورۇق ئېتىنى «بۇ ئاتنى سىز مىنىڭ» دەپ ماڭا بەردى. شۇنىڭ بىلەن، يەكەنگە



قاراپ ماڭدۇق. يەكەننىڭ كورۋات* دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ چۈشلۈك تاماق يېدۇق، ئاتلىرىمىزنى تويغۇزۇپ، بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، يەكەن شەھىرىگە يېرىم كېچىدە يېتىپ باردۇق. خوجىنىياز ھاجىم ئۆز ئۆيىدە ھامۇتخان لۈيجاڭنى قويۇپ قويۇپ، ئۆزى قاغىلىققا كەتكەن ئىكەن. مامۇت سىجاڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى ھامۇتخان لۈيجاڭغا بەردىم. ھامۇتخان لۈيجاڭ ناھايىتى خۇش بولۇپ: ياخشى خەۋەر ئىكەن، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھاجىمنىڭ قېشىغا باشقا ئادەم ئەۋەتىمىز، دېدى. بىز يەكەندە قېپقالدۇق. مەن ھامۇتخان لۈيجاڭنى تونۇمايتتىم. ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسقىچە سۆھبەت بولدى:

— سەن نەلىك؟
— قومۇللۇق.
— قومۇل نەدىن؟
— قومۇل سۇبېشىدىن.
— كىمنىڭ بالىسى؟
— ئىسمائىل ھاجىنىڭ.

ھامۇتخان لۈيجاڭ بۇنى ئاڭلاپلا: ۋاي! مېنىڭمۇ تۇغقىنىم چىقىدىكەن. سەن مېنىڭ تۇغقىنىم بولىسەن! مېنىڭ يېنىمدا تۇر، دەپ يېنىغا ئېلىۋالدى. قاغىلىققا بارغانلار ئەتىسى: «خوجىنىياز ھاجىملار پوسكامغا كېلىدىغان بولدى» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بىزمۇ ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن بىللە پوسكامغا ماڭدۇق ۋە مامۇت سىجاڭغا: «خوجىنىياز ھاجىملار خوتەنگە بارمايدىغان، پوسكامغا قايتىدىغان بولدى» دەپ خەت يېزىۋەتتۇق. پوسكامغا بېرىپ، بىر ھاجىمنىڭ

* كورۋات — يەكەننىڭ بىر يېزىسى ھەم يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭ.

كاتتا بېغىغا چۈشتۇق، ئوبدان مېھمان قىلدى. خوجىنىياز ھاجىملارمۇ كېلىپ شۇ ھاجىمنىڭ بېغىغا چۈشتى. مەسلىھەت بويىچە، مەن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئاساسەن تەييارلىق قىلىندى.

دېگەندەك، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا قەشقەردىن ئوسمان داموللا، ھېلاخۇن ھاجى باشلىق ما جۇڭيىڭ ۋەكىللىرى كەلدى. خوجىنىياز ھاجىم ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى، ئەمما گەپ-سۆز قىلمىدى. ھەممىمىز پوسكاملىق ھاجىمنىڭ باغ-ھويلىسىدا قوندۇق. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلانغان كاتتا زىياپەتتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىم گەپ باشلاپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىگە: «خوش، نېمە ئىش بىلەن كېلىشتىلە؟ بىزگە ئېيتىدىغان نېمە گەپ بار ئىدى؟» دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى قاراپ چىقتى. خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي كىيىم بىلەن بولغاچقا، تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ۋەكىللەر: «خوش - خوش» دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇپ: «بىزنى ما جۇڭيىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىپتۇ. ئۇ كىشى: ئىلگىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن قىلىشقان ۋەدىمىز بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئاتا، بىز بولساق بالا، ھەم بىردىن قېرىنداش، بىز ھاجىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز، دېدى» دەپ ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن سۆزلىدى. خوجىنىياز ھاجىم: «مەن بىر ئوقۇمىغان تۈرك ئادەم، ھەرقايسىلىرى موللا - ئۆلىما كىشىلەر. ئويلاپ بېقىشسىلا، بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەك بولامدۇ؟» دەپ، ھەممە كىشىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ۋەكىللەر يەنە: ھەممىمىز مۇسۇلمان ئىكەنمىز، ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، ھەتتا ئۈرۈمچىنىمۇ ئازاد قىلىپ بوپتۇ، دېيىشىدى.
خوجىنىياز ھاجىمنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلىپ كەتتىكى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى شامالدا ئۇچقاندەك تىترەپ كەتتى. ۋەكىللەر قورقۇپ: ۋاي، تەقسىر، ھەممىمىز مۇسۇلمان



بولغاندىن كېيىن ئىتتىپاق بولساق دېگەن غەرەزدە شۇنداق دېيىشتۇق، دېدى. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ: ما جۇڭيىڭ قولىدىن كەلسە مېنى قىلسۇن! ئۇ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي، قەشقەر شەھىرىدە بىگۇناھ خەلقتىن بىرنەچچە مىڭنى ئۆلتۈردى. بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنى ئاشۇنداق قىرسا، چاپسا، بىز يەنە مۇسۇلمان دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق بولساق بولامدۇ؟ دېدى. ۋەكىللەر بۇنى ئاڭلاپ، ئاغزىلىرىنى ئاچالماي قالدى. خوجىنىياز ھاجىم سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلمىدى، ئۈرۈمچىگە كىرەلمەي قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئورۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مانا (مەن ئاقموللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ)، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىققان مۇشۇنداق مۇسۇلمان بالىلىرىمىز بار. بۇلار بىزگە ما جۇڭيىڭنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى (ئوسمان داموللا مېنى تونۇيتتى). ھەرقايسىلىرى بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا: «بىزنىڭ ئالدىمىزدا خەۋەر يەتكۈزۈپ بوپتۇ» دېسىلە. ما جۇڭيىڭنىڭ قولىدىن كەلسە، بىرى تۈگۈل مىڭنى قىلسۇن. بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەرگىز ئىتتىپاق بولمايمىز. ئۇنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن! قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!» دېدى. ۋەكىللەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «خوش تەقسىر، خوش» دېيىشىپ، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. خوجىنىياز ھاجىم ۋەكىللەرگە بىردىن تون، بىردىن ئات سوۋغا قىلىپ، يولغا سېلىپ قويدى ۋە: «خۇدايىم بۇيرۇسا، ما جۇڭيىڭ بىلەن پات يېقىندا قەشقەردە كۆرۈشىمىز» دېدى.

خوجىنىياز ھاجىملار پوسكامدا بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، مامۇت سىجاڭ ۋە ھامۇتخان ئويجاڭ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلارغا سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن يول تەييارلىقى قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

(داۋامى بار)

جاۋابكار مۇھەررىر: ئى. ئەسقەرى

# شىنجاڭنى ئازاد قىلىش جەريانىدىكى بەزى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

سۆزلەپ بەرگۈچى: ھۆسەن ئادىل

رەتلىگۈچى: قادىر مەمەت

مەن 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ رەسمىي جەڭچىسى بولدۇم ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئېسىل ئىستىلىنى ئۆگەندىم، سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتىم. مەن تۇرۇۋاتقان قىسىم 1950 - يىلى 3 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن 8 ئاي جاپالىق مەشق ئېلىپ بېرىپ، مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆردى. بىز زاڭزۇ خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتتۇق.

كېرىيىدە مۇستەقىل بىر دىۋىزىيە، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 7 تۇەن، جەمئىي 15000 ئەسكەر، ھەر بىر باتالىيوندا ئۈچتىن لىيەن، بىر توڭشۈن (خەۋەرچى) پەي بار ئىدى. دىۋىزىيە



باشلىقى خې سىجاڭ ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن؛ 7 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى خۇڭ ياۋرۇڭ شەرقىي شىمال پىدائىي قىسمىدىن بولۇپ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن؛ سىياسىي كومىسسار ما چىنداۋمۇ ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەنىدى.

مەن 7 - تۇەننىڭ 1 - باتالىيونىدىكى خەۋەرچى پەيىنىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭى ئىدىم. بۇ باتالىيوندا 550 ئەسكەر بار ئىدى. باتالىيون كوماندىرى لو تەنچىڭ بىز بىلەن بىللە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىن ئىدى، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جىڭسەن ئازادلىق ئارمىيىدىن كەلگەن. بىزنىڭ پەيدە 35 كىشى بار بولۇپ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز باش شتابنى قوغداش، لىيەنلەردە خەۋەرچىلىك قىلىش ئىدى.

بىزنىڭ باتالىيون باش شتابنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، 1951 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ئاتلاندى. سىياسىي كومىسسار ۋاڭ جىڭسەن بارلىق جەڭچىلەرگە بىر تەرەپتىن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسى توغرىسىدا دوكلات بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن چاۋشيەن ئۇرۇشىدىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۇردى. بىز چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن تىنىمسىز تىنىغ كۈرەش قىلىۋاتقان سەپداشلارنىڭ روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندۇق.

بىز كېرىيىدىن چىقىپ 30 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، بوغاز لەڭگەر دېگەن كەنتكە يېتىپ باردۇق. بۇ جايدا ئۈچ سائەت ئارام ئېلىپ تاماقلىرىمىزنى يېگەندىن كېيىن، يەنە 50 كىلومېتىر يول يۈرۈپ پولو دېگەن جايدىكى چازىغا يېتىپ باردۇق. پولو مۇھىم جاي بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 30 نەپەر ئەسكىرى تۇرىدىكەن. بۇ جاينىڭ بىر تەرىپى ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپىدە كېرىيە دەرياسىنىڭ بىر تار-

مىقى ئاقىدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپى قاقاسلىق بولۇپ، دەريا بويىدا 50 ئۆيلۈكچە ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار بىر تەرەپتىن چارۋا باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىكەن. بىز پولودا بىر كېچە قونۇپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ تارمىقىنى ياقىلاپ ماڭدۇق. شىزاڭغا بېرىش ئۈچۈن چوقۇم كۇئېنلۇن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. تاغ ئۈستىدە قار قېلىن، ھاۋا شالاڭ بولۇپ، شۇۋرغان ئادەمنىڭ سۆڭىكىدىن ئۆتىدىكەن. كېچىسى شۇۋرغان ھەيۋەتلىك ئۇشقىرتاتتى، قار توختىماي ياغاتتى. بىز قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي، ھەر بىرىمىز ئىككىدىن ئاتنى يېتىلەپ ماڭدۇق. ئاتقا ئادەم تەمىناتى، شكلى، ئاتنىڭ تەمىناتى، قورال - جابدۇق، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى ئارتتۇق؛ قايسى جايدا كەچ بولسا، شۇ جايدا دالدا بولىدىغان جاينى تېپىپ ياتتۇق. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لىڭ جىگتەن دېگەن جايغا بارغاندا، ئاتلىرىمىز ئۆلۈپ تۈگىدى. ھەر بىرىمىزدە بىردىن شكلى، 100 تالدىن ئوق، بىردىن قورال، ئىككى دانىدىن گىرانات؛ ئوفىتسېرلاردا بىردىن يان قورال، بىردىن شكلى؛ ھەربىر لىيەندە بىردىن تەخسىلىك پىلىموت، ئۈچ دانىدىن ئاپتومات؛ پۈتۈن قىسىم بويىچە سەككىز مىللىمېترلىقتىن ئىككى دانە مىنامىيوت بار ئىدى. بىز ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، سۇ بولمىسا قارنى ئېرىتىپ يېدۇق. ئەتراپىمىزدا ياۋا قوتاز، ئارقار، كېيىك، ئۇلار قاتارلىق ھايۋانلار ۋە باشقا قۇشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئامال بولمىغاندا، ئۇلارنى ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. كېچىسى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئەتراپىمىزدا ئەگىپ يۈرۈپ، بىزگە تەھدىت سالاتتى. ئوتنى شۇنچە ئۇلۇغ قالىساقمۇ، قازاندىكى سۇ قاينىمايتتى. بىز لىڭجىگتەندىن چىقىپ، كېرىيە تاغ ئېغىزى ئارقىلىق گوچاڭ كۆلىگە



يېتىپ باردۇق؛ ئاندىن بۇ كۆلنىڭ يېنى بىلەن مېڭىپ، شەرق تەرەپتىكى باڭداك كۆلىگە يېتىپ بېرىپ، كۆلنىڭ يېنىدىن پەم بىلەن ئىككى زاڭزۇ چارۋىچىنى تۇتۇۋالدۇق. ئارىمىزدا زاڭزۇ تىلىنى بىلىدىغان تۆت تەرجىمان بار ئىدى. بىز بۇ چارۋىچىلارنى ياخشى كۈتتۇق، ئۇلارغا كۆپ تەربىيە ئىشلىدۇق، چارۋا - ماللىرىغا چېقىلمىدۇق. بىز ئۇ جايدىن چىقىپ 10 كۈن يول يۈرۈپ، قاتمۇ قات تاغ ۋە ئېدىرلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، سىپان كۆلىگە يېتىپ باردۇق. بۇ كۆلگە شىنجاڭ تەرەپتىن بىر دەريانىڭ سۈيى قۇيۇلىدىكەن. بىز بۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللىگە يېقىن باردۇق. بۇ مەھەللىدە 50 ئۆيلۈكچە زاڭزۇ بار ئىكەن، ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى. بىز بۇ مەھەللىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر دەريانىڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ چاغدا ئوزۇق - تۈلۈكلىرىمىز ئىنتايىن ئاز قالغانىدى، بۇرۇنقى بىر ۋاقلىق ئوزۇقلۇقنى بىر كۈنلۈككە توغرىلىدۇق. دەريادا بېلىق كۆپ ئىكەن. زاڭزۇ خەلقى بېلىققا چوقۇنىدىغان بولغانلىقتىن، بېلىقنى كېچىسى تۇتۇپ يەپ، سۆڭەكلىرىنى دەرياغا تاشلىۋەتتۇق. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى زاڭزۇ چارۋىچىمۇ قېچىپ كەتتى. بىز بۇ جايغا ئورۇنلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، ئالتايدىن 50 دەك باندىتنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممىمىز جەڭگە تەييارلىنىپ تۇردۇق. ئۇ باندىتلار بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پوستتا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەت ئىسىملىك جەڭچىمىزنى ئېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، باندىتلار بىلەن 20 مىنۇتتەك قاتتىق ئېلىشتۇق. جەڭدە باندىتلار باشلىقى يارىبەگ ئۆلدى، قالغانلىرى ئاتلىرىغا مىنىپ ئارقىسىغىمۇ قارىماي تىكىۋەتتى. شۇ ئارىدا، گومىنداڭنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىدىن بىر تۈەن ئەسكەر بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تەي-

پارلىنىۋاتقانىكەن. بىز باندىتلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزگە ۋاقتىنچە چېقىلمىدى. تۆتىنچى كۈنى، ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىپ، بىر نەپەر تەرجىمان بىلەن ئىككى نەپەر ئەسكەرنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋەكىللىرىمىز ئۇلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكىنى، بۇ قوشۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن بولۇپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەت «تەسلىم بولمايمىز، قەتئىي ئۇرۇش قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىز بۇ ئىشقا ئەستايىدىل ۋە سالماق پوزىتسىيە تۇتتۇق. ئاخىردا، ئۇلارنىڭ گازارمىسىغا 10 پاي مىناميوت ئېتىپ ھەيۋە قىلدۇق. ئۇلار قورقۇپ كېتىپ، ئىككى ۋەكىل چىقىرىپ، بىزنىڭ شىزاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش پىلانىمىزغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارغا چېقىلمىدۇق، ئۇلارمۇ بىزگە چېقىلمىدى.

1952 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى «شىزاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» گە ئىمزا قويۇلغانلىقى، شىزاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز 95% نى تەشكىل قىلغان يانچىلار ۋە قۇللارنىڭ رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىگە تەنتەنە قىلدۇق. شىزاڭ خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن، راھىبلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە ياشاپ كەلگەنىدى. بىز شىزاڭدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە



ھۆرمەت قىلدۇق؛ ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۇق. بىز بىر ليەن ئەسكەرنى رېيتوۋونىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئىككى ليەن ئەسكەر بىلەن لاداختا يۈرۈش قىلدۇق. شىزاڭ ئىچكى شىزاڭ، تاشقى شىزاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن، لاداخ تاشقى شىزاڭنىڭ مەركىزى ئىكەن. بىز لاداخقا يېتىپ بارغاندا، 500 دىن كۆپرەك زاڭزۇ قېرىنداش ئالدىمىزغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى. 1955 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى سىدىق مۇسايوۋ شىنجاڭ پارتىيە بيۇروسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى ھەمدە شىزاڭدىن ئالمىشىدىغانلارنىڭ ئورنىغا بارغان 700 دەك ئەسكەرنى باشلاپ شىزاڭغا باردى. ئۇلار بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ، شىزاڭدىكى چېگرىلاردا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەردىن ھال سورىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

بىز 1955 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە لاداختا ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە بولدۇق. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باش شتابنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شىنجاڭغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندۇق. بىز لاداختىن تۆگە بىلەن يولغا چىقىپ، رېيتوۋونى بېسىپ ئۆتۈپ، سىپانكو كۆلىگە كەلدۇق. بىز شىنجاڭغا قايتىشتا كېرىيە يولى بىلەن ماڭماي، گۇما ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدۇق. لوڭمۇ كۆلى، بارىستون داۋىنى، ئاق سارچىن كۆلى، چۈەنشۈيگۇ، كۆكئارت داۋىنى، داخوڭلىيۇتەن، كەڭشىۋە قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەيدۇللا (سۆگەت قورۇل) غا كەلدۇق. شەيدۇللا قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان مۇھىم ئېغىز بولۇپ، بۇ يەردىن پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستانلارغا بارغىلى بولىدىكەن؛ مەككىگە ھەج قىلىشقا بارىدىغانلارمۇ شەيدۇللادىن ئۆتىدىكەن. بۇ يەردە ئەسلىدە 100 ئۆيلۈك قىرغىز چارۋىچى بار بولۇپ، كېيىن

شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلاردىن قېپقالغان قوتار، ئات، كالىلار ياۋايىلىشىپ كەتكەن. بىر ئېتىپ ئوزۇقلانغان كالىلارنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆردۇق. بىز شەيدۇللادىن يولغا چىقىپ، دەريا ياقىلاپ مېڭىپ كەڭقىر، ماڭغۇبۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، سانجۇغا كەلدۇق. شىزاڭنى تەمىنلەيدىغان ئارقا سەپ تەمىنات شتابى دەل سانجۇدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىز سانجۇدا تۇرۇپ قالدۇق. مەن قوغداش بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. 1957 - يىلى 3 - ئايدا سانجۇدىكى قىسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەمىنات شتابى قاغىلىققا يۆتكەلدى. مەن سانجۇدا كەسىپ ئالمىشىپ، ئاقسۇغا قايتىپ كەلدىم.

(ئاپتورى: ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت**



# قوبۇقسارنى ئىشغال قىلىشتىكى كەسكىن جەڭ

ئىمىنوپ ئىلاخۇن

قوبۇقسار ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، شىمالىي پاراللېل 45°20 — 47°12، شەرقىي مېرىدىئان 84°37 — 87°12 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 30589.2 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. قوبۇقسار ناھىيە بازىرى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ 200 كىلومېتىر شەرقىدە، ئالتايغا قاتنايدىغان تاشيول ئۈستىدە بولۇپ، تاشيول قوبۇقسار ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى موڭغۇل چارۋىچىلىرىدۇر. قوبۇقسار ناھىيىسى تۆپىلەڭ جايغا جايلاشقان، ئەتراپى تۈزلەڭلىك ۋە چىملىق. ھەربىي ئىشلاردا مۇداپىئە كۆرۈشتە بۇ جايىنى تەبىئىي شارائىتى ياخشى ئورۇن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## قۇبۇقسار ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى

1944 - يىلى كىرىشى بىلەنلا گومىنداڭ ئاتلىق 11 - دىۋىزىيىسىنىڭ 31 - پولكى قۇبۇقسار ناھىيە بازىرىغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت پارتىزان ۋە قوزغىلاڭچىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈزلەپ مۇداپىئە ئىستىھكام قۇرۇلۇشى ئىلىپ بېرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا كېسەكلەردىن كۆپلىگەن پوتەي ۋە ئاكوپلارنى ياسىدى. بۇ جايغا ئورۇنلاشقان گومىنداڭ 31 - ئاتلىق پولكى جەڭ قىلىش تەجرىبىسى كۆپ، قورال - ياراقلىرى خىل بولۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە خېلى مەشھۇر ئىدى. قۇبۇقسارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى ئېگىز، ئەتراپى تۈزلەڭ بولغىنى ئۈچۈن، مۇداپىئە كۆرگۈچىلەرگە قولايلىق، ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا قولايسىز ئىدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى دەل قۇبۇقسار ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ جاينى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىكنى مەقسەت قىلاتتى. خۇسۇسەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆز كۈچىگە ۋە مۇداپىئەسىگە ئىشەنچ قىلاتتى.

قۇبۇسارغا جايلاشقان گومىنداڭ 31 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن ئالساق، مەزكۇر پولكتا بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى بولۇپ، غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئويغانغان ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى بىر - بىرلەپ يوشۇرۇن رەۋىشتە غۇلجا تەرەپكە قېچىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. بۇ، گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى ئىچىدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى «ياندىتلارنىڭ تەسىرىگە



ئۇچرىدى»، «يوشۇرۇن ھەرىكەت ئۇيۇشتۇردى» دەپ، قورالسىزلاندۇرۇلۇپ نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارنى قىيىن - قىستاققا ئالدى، بەزىلىرىنى ھەتتا ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈردى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىن 300 دىن ئارتۇق ھارۋىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. ئەسكەرلىرىنى گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، خەلقنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ چارۋىسىنى، 70 مىڭدىن ئارتۇق قويىنى بۇلىۋالدى. بۇرۇندىنلا ئوسمان باندىتىنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان قۇبۇقسار خەلقى، «ئەكسىچە، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئوسمان باندىتقا ياردەم بەرگەن» دېگەن تۆھمەتكە ئۇچرىدى. 200 دىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلق تۇتقۇن قىلىندى. قاتىمۇ قات زۇلۇمغا چىداپ تۇرالمىغان يەرلىك خەلقنىڭ كۆپچىلىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا قېچىپ كېتىشكە باشلىدى.

1944 - يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى چارۋىچى موڭغۇللاردىن ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى (زىۋېيدۇي) تەشكىل قىلىپ، زوگراۋ باتۇر رەھبەرلىكىدە قوراللاندۇردى. لېكىن، بۇ ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تىزگىنىدىن كۆنمەي قېچىپ كېتىپ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇزاققا قالماي زوگراۋ باتۇر رەھبەرلىكىدە پارتىزانلىق ھەرىكەت كۆچىيىپ، قۇبۇقساردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقى جۇ شاۋلياڭ 31 - پولك كوماندىرى لو خۇەنجاڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قۇبۇقسارنى قەتئىي ساقلاشنى، ئەگەر قۇبۇقسار قولدىن كەتسە ھەربىي قانۇن بويىچە چارە كۆرۈپ جازالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

## مىللىي ئارمىيە تەرەپ ئەھۋالى

مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قۇبۇقسارغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن جىمىنەي پارتىزانلىرى بىلەن كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ بىر ئاتلىق ئىسكادرونى بۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى ۋە ھەربىي قوماندانلىق بىرلىككە كېلىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇبۇقساردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ۋەھالەنكى، قۇبۇقسار ناھىيە بازىرى ئىچىگە ئورۇنلاشقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارغا قارشى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بىز تەرەپنىڭ شۇ چاغدىكى ئەسكىرىي كۈچى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، دۆربىلجىندىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قىسمى كېلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ ئارىلىقتا مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئىسكادرونى بىلەن پارتىزانلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە ۋەھىمە سالدى؛ ئىككى دانە يېنىك پىلىموتىنى نەچچە يەرگە يۆتكەپ ئوت ئېچىپ، دۈشمەننى ئارىسالدى قىلدى. بىزنىڭ ھەقىقىي ھەربىي كۈچىمىزدىن بىخەۋەر بولغان گومىنداڭ قوشۇنى مۇداپىئە رايونىدىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مۇھاسىرىدە قالغان گومىنداڭ قوشۇنى تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە قىسىلىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىللەردە، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشلەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىمۇ زور غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.



## قۇبۇقساردا بولغان جەڭ

مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 2 ـ ئايرىم ئاتلىق بىرىگادا 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دۆربىلجىندىن قۇبۇقسارغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى نىشانغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى 2 ـ ئايرىم ئاتلىق بىرىگادىنىڭ كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە قۇبۇقسار ناھىيىسىنى يەنە قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالتايدىن قۇبۇقسارغا ياردەمگە كېلىش ئېھتىمالىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە باشقا ئېھتىيات ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق پولكى ۋە بىرىگادىنىڭ بىۋاسىتە قىسىملىرى زاپاس كۈچ سۈپىتىدە قالدۇرۇلدى. قالغان قىسىملار قۇبۇقسار ناھىيە بازىرى ئىچىگە ھۇجۇم قوزغىدى. لېكىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ تۈزلەڭلىكتىن قوزغىغان ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەربىي جەھەتتىن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەمىناتى بىر پولك ئەسكەر ھەم ئات ـ ئۇلاغلارنى داۋاملىق قامداپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەربىي ئاتلار يەم ـ خەشەك يېتىشمەسلىكتىن كارغا كەلمەيتتى. مىللىي ئارمىيىدە ئېغىر قوراللار بولمىغانلىقتىن، مۇھاسىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىر مەزگىل خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن. ئۇلاردا روھىي چۈشكۈنلۈك ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار بىر نەچچە قېتىم مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. نائىلاج، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىز تەرەپكە تەسلىم بولۇش

ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ۋەكىل چىقاردى. ئىككىنچى قېتىم ۋەكىل چىقارغىنىدا، تەسلىم بولغان كېيىنكى مۇئامىلە قانداق بولىدىغانلىقىنى، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش تەمىناتى كاپالىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوماندانلىق ئۇلارنىڭ پەقەت قورالىنى تاپشۇرسىلا ھاياتىغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدىغانلىقىنى، تۇرمۇش جەھەتتىن تولۇق تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچىنچى قېتىم ۋەكىل چىقارغىنىدا (8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)، تەسلىم بولغاندىن كېيىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ـ سېلىنماسلىقى، كۈندىكە قانچىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە بىرىگادىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سوۋېت گراژدانى دوسكونوۋ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ: «سىلەر ئەمەلىيەتتە ئەسىرگە چۈشۈپ تۇرۇپ، يەنە نېمە بىلجىرلايسىلەر، قورال تاپشۇرساڭ تېز تاپشۇرمامسەن»، دەپ قاتتىق ئاچچىقلاپ ۋاقىرايدۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان گومىنداڭ قوشۇنى تەسلىم بولۇشنىڭ ئورنىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. دوسكونوۋ بۇ ۋاقىتتا قاراملىق قىلىپ: «قۇبۇقسارنىڭ غەربىيدىكى پوتەي بىزنىڭ قولىمىزدا، شۇ يەردىن قۇبۇقسار ناھىيە بازىرى ئىچىگە قەتئىي باستۇرۇپ كىرىش كېرەك» دەپ، كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ بىر ئىززۋودىنى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدىكى پوتەيلەرگە قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىززۋوت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پوتەيگە يېقىنلاشقاندا، دۈشمەن بىردىنلا ئۇلارنى ئوققا تۇتتى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، قەھرىمان ئىززۋوت جان پىدالىق بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، كوماندىر ئىززۋوت بىلەن بىر جەڭچى يارىدار بولغاندىن باشقا، قالغان جەڭچىلەر قۇربان بولدى. بۇ ئەھۋال قىسىمنىڭ كەيپىياتىغا يامان تەسىر بېرىپ كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى ۋە ئاچچىق ساۋاق



بولدى. دۈشمەن يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەمدى دۈشمەننى تېز ۋاقىت ئىچىدە تارمار قىلىپ ئالتايغا يۈرۈش قىلىش كېرەك ئىدى. پولكنىڭ ئاخۇنى ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاللاھۇ ئەكبەر بىلەن جەڭگە كىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاخۇننىڭ بۇ پىكرى بىرىگادا قوماندانلىقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. دۈشمەننى تېز تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئارقا سەپتىن مىنامىيوت، زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللار كەلتۈرۈلدى. مۇھاسىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى 11 كۈن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئۈچىنچى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن گومىنداڭ قىسىملىرى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، قۇبۇقسارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ، ئۇرۇمچىگە قاراپ قاچتى. دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۆپ قىسمى يوقىتىلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى. پولك كوماندىرى باشلىق ئاز قىسمى قېچىپ قۇتۇلدى.

قۇبۇقساردا بولغان ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي يۆنىلىش بويىچە بولغان ئۇرۇشلار ئىچىدە ئەڭ كەسكىن داۋام قىلغان ئۇرۇش ئىدى، چىقىممۇ بىرقەدەر زور بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئۇرۇش 2 ـ بىرىگادا تەركىبىنى چېنىقتۇرۇپ، زور تەجرىبە ھەم جەڭ ساۋاقلىرىغا ئىگە قىلدى. 200 دىن ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلىپ، 300 دىن ئارتۇقى ئەسىرگە ئېلىندى. 580 دانە مىلتىق، 29 دانە ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت، بىر دانە 82mm لىق مىنامىيوت قاتارلىق قورال ـ ياراق ۋە ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى.

مىللىي ئارمىيە قىسمىدىن 140 نەپەر ئوفىتسېر ـ جەڭچى

قۇربان بولدى، 30 نەپەر ئادەم يارىلاندى. گومىنداڭ دائىرىلىرى قولغا ئېلىپ قامىغان 200 دىن ئارتۇق ئادەم تۈرمىدىن ئازاد قىلىندى. خەلقتىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان چارۋا ۋە مۈلۈكلىرى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوبۇقساردىكى 31 - ئاتلىق پولكىنىڭ تارمار كەلتۈرۈلۈشى ئالتايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بولسا تېخىمۇ يۇقىرى جەڭگىۋار روھ بىلەن ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىغا دائىر قىسقىچە ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيوپ

## كىرىش سۆز

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە خېلى جىق ماقالە - ئەسلىمىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى توغرىسىدا ماقالە - ئەسلىمىلەر ناھايىتى ئاز يېزىلدى ياكى يېزىلمىدى. مېنىڭ ئۇ ئىشلاردىن ئاز تولا خەۋىرىم بولغاچقا، شۇ ھەقتە ئەسلىمە يېزىشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشقا ئالاقىدار ماتېرىياللار تولۇق بولمىغاچقا، بۇ ئەسلىمىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەن. يېقىندا «تارىخ ماتېرىياللىرى»

ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، بۇ ئەسلىمىنى ئىسىمگە كىلىشىچە يىزىپ چىقتىم. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئەسلىمە يىزىش ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، بەزى مەسىلىلەر يۈزەكى يىزىلىپ قالغان بولۇشى، ھەتتا بەزى نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن خەۋەردار يولداشلارنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## I

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1. ئىلى ۋىلايىتى مەنزىرىسى گۈزەل، يىرى مۇنبەت، دىھقان - چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كىلىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقى چىگرىسىغا يىقىن جاي بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى ھىسابلىنىدۇ. غۇلجا شەھىرىدە چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە بىلىملىك كىشىلەر خىلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

1944 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 472500 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 210700 نەپەر، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 45% نى ئىگىلەيتتى، كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى؛ ئۇيغۇرلار 165400 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 35% نى ئىگىلەيتتى، دىھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە سودىگەرچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ خەنزۇلار 27700 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ 22 مىڭدىن كۆپرەكى غۇلجا شەھىرى بىلەن سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) نا-



ھىيىسىگە مەركەزلەشكەن، ئۇلار سودىگەرچىلىكنى ئاساس قىلىپ، باشقا ھۈنەر - كەسىپنى قوشۇمچە قىلاتتى. سۈيدۈڭدە تولاراق تيەنجىنلىك خەنزۇلار سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. سۈيدۈڭنىڭ ئەزەلدىن «كىچىك تال - تىيرە كىلىك جاي» دىگەن نامى بار ئىدى.

ئىلى ۋىلايىتىدە يەنە، خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، رۇس، ئۆزبېك، تاتار مىللەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى سودىگەرچىلىك بىلەن، كۆپرەك قىسمى دىھقانچىلىق بىلەن، يەنە بىر قىسمى چارۋىچىلىق ۋە ھەر خىل قول ھۈنەر كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دىھقانچىلىق قىلىنىدىغان تىرىلغۇ يىرى 3 مىليون مودىن ئارتۇق بولۇپ (بىنام يەرلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، ئاشلىق مەھسۇلاتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ئەينى زاماندا ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى دەپ ئاتىلاتتى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 10 ناھىيىسى بولۇپ (ئۇ چاغلاردا بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىرىمۇ ئىلى ۋىلايىتىگە قارايتتى)، چارۋىچىلىقى خىلى تەرەققىي قىلغان. بۇ ناھىيىلەرنىڭ ئومۇمىي چارۋا سانى 2 مىليون 146 مىڭ 726 باش بولۇپ، يىلقا 425561 تۇياق، كالا 329535 باش، قوي 1032145 تۇياق، ئۆچكە 345840 تۇياق، تۆگە 5192 دانە، قىچىر 8453 تۇياق، جەمئىي 2146726 تۇياق ئىدى؛ چارۋىچىلىقىدا قوي، كالا، يىلقا ئاساس قىلىناتتى. ئىلى ۋىلايىتى ئەزەلدىن سىرتقا تىرىك چارۋا، تىيرە - يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىپ كەلگەن. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئىچىدە يىزا ئىگىلىكى 40% — 35% نى، چارۋىچىلىق 35% نى، سودا - تىجارەت 30% — 25% نى ئىگىلەيتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ھەر

خىل سىلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، خەلق ئىنتايىن نامرات ئىدى.

2. تارباغاتاي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغا، غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، غەربىي جەنۇبتا ئىلى ۋىلايىتىگە، شەرقىي جەنۇبتا قۇربان-توڭغۇت قۇملۇقى ئارقىلىق ئۈرۈمچى رايونىغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئارىلىقى 470 كىلومېتر، شىمالدىن جەنۇبقىچە ئارىلىقى 490 كىلومېتر؛ ئومۇمىي يەر مەيدانى 230 مىڭ كۋادرات كىلومېتر. ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 172400 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 102 مىڭدىن ئارتۇقراق ئىدى (56% نى ئىگىلەيتتى). ۋىلايەت تەۋەسىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، قىرغىز، داغۇر، شىبە، مانجۇ قاتارلىق 12 مىللەت ياشايتتى. چۆچەكتە ھەر تەرەپلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەر خىل كەسىپتىكى كىشىلەر ۋە زىيالىيلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. قازاقلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن؛ ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس، داغۇر مىللەتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. كۆپىرەك بىر قىسىم خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلار بولسا، سودا-تىجارەت ۋە باشقا قوشۇمچە ئىگىلىكلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 40% دىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى. تارباغاتايدا بىر مىليون 500 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەمەلىي تېرىلىدىغىنى 900000 مودىن بىر مىليون موغىچە ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 35% ئەتراپىنى، سودا-تىجارەت ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 25% نى تەشكىل قىلاتتى. تارباغاتاينىڭ دېھقانچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ،



چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدە ئاساسەن ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىناتتى. بۇ ۋىلايەتنىڭ يېرى كۆپ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول بولغاچقا، دېھقانچىلىقىمۇ، چارۋىچىلىقىمۇ باب كېلەتتى. تارباغاتاينىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئالاھىدە، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، كالا، قوي، يىلقا ۋە باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلاتتى؛ كان مەھسۇلاتلىرىدىن نېفىت، ۋولفرام قاتارلىقلار مول ئىدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2.746.986 چارۋا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىلقا 144.656 تۇياق، كالا 231400 باش، قوي 1.979.200 تۇياق، ئۆچكە 368.727 تۇياق، تۆگە 23.124، قېچىر 878 تۇياق ئىدى.

3. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالتاي تېغى. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىي تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن، غەربىي تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى ئۈرۈمچى رايونىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 160 مىڭ كۋادرات كىلومېتر. ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمىي ئاھالىسى 83800 بولۇپ، ئاساسەن قازاقلاردىن، ئۇنىڭدىن قالسا موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. قازاقلار بىلەن موڭغۇللار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن، مەلۇم دەرىجىدە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. خەنزۇ بىلەن ئۇيغۇرلار سودا-تىجارەت بىلەن ۋە مەلۇم ساندا دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 450 مىڭ مو ئەتراپىدا ئىدى. ئالتايدا ئالتۇن، ئۇران ۋە ئاز ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتاللار كانلىرى بولۇپ، ئالتۇن ۋە ئۇران ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تۆۋەن بولسىمۇ، مەھسۇلاتى خېلى راۋاجلانغان. ئۇران سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلاتتى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوۋېت ئىت-

ئىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىشىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. ئالتاينىڭ ئومۇمىي چارۋىسى ئەينى ۋاقىتتا 1086076 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىلقا 120.815 تۇياق، كالا 110.635 باش، قوي 613.923 تۇياق، ئۆچكە 221.968 تۇياق، تۆگە 18.836 دانە، قېچىر 330 تۇياق ئىدى. ئالتاي خەلقىنىڭ بولۇپمۇ چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم كۆتۈرگۈسىز ئېغىر بولغانلىقتىن، جەمئىيەت مۇقىم ئەمەس ئىدى.

دېمەك، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي نوپۇسى 848.350 نەپەر، ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرى 4.950.000 مو، ئومۇمىي چارۋىسى 5.890.250 تۇياق ئىدى.

× × ×

20 - ئەسىرنىڭ 1940 - يىللىرىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى، مىللىي كەمسىتىشى، مۇستەبىتلىك سىياسىتى، ئىنتايىن ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىدىن جاق تويغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز خەلقلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان جاھانگىر كۈچلەرگە قارشى، مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قوراللىق كۈرەش باشلىدى. بۇ كۈرەش ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ غەلبىسىرى راۋاجلىنىپ، ئاخىر جۇڭگو دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەركەزلىك



ئىپادىسى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەش يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ، ئىنقىلابىي بازىلارنى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازا قىلىپ قۇرۇش سۇيىقەستىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى يۈز مىڭلىغان ئەسكىرىي كۈچى بىلەن 140 مىڭدىن ئارتۇق ساقچى ژاندارمىلىرىنى تىزگىنلەپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بۇ قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە، سىياسىي جەھەتتىكى دەسلەپكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ ۋە ئوبدان يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى؛ قوراللىق قىسىملارنى ئوبدان تەمىنلەپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى بىرلەشتۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قوشۇلغانغا قەدەر بولغان بەش يىل داۋامىدا، ئاساسەن ئۈچ مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈردى: بىرىنچى مەزگىل — 1944 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1945- يىلى ئاپرېلغىچە بولغان مەزگىل، بۇ مەزگىلدە، ئاساسەن مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىپ، گومىنداڭ ئىلكىدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچلىرى قوراللىق قوزغىلاڭلار ئارقىلىق بىتچىت قىلىندى؛ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە مۇنتىزىم ئارمىيە تەش-

كىل قىلىندى. ئىككىنچى مەزگىل — 1945 - يىلى ئاپرېلدىن شۇ يىلى سېنتەبىرگىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تامامەن ئىشغال قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇردى. ئۈچىنچى مەزگىل — 1945 - يىلى ئۆكتەبىردىن 1947 - يىلى فېۋرالغا قەدەر بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى؛ پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سىياسىي كۆرەش ئېلىپ بېرىلدى. تۆتىنچى مەزگىل — 1947 - يىلى فېۋرالدىن 1949 - يىلى سېنتەبىرگىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىلغار كۈچلەر ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئوڭچىل كۈچلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاپ، مەملىكەت بويىچە خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈۋالدى. بۇ مەزگىللەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## II

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى مالىيە - ئىقتىساد ئىشلىرى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1945- يىل 18 - يانۋاردىكى 9 - قېتىملىق مەجلىسىنىڭ قارارىدا



مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

1. گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلەشكەن بيۇروكرات ئورگانلىرى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار خەلقنى تالان - تاراج قىلىش ۋە پارا ئېلىش ئارقىلىق بېيىغان، ئۇلار بۇ بايلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مۈلكى دەپ قارىماقتا. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ بايلىقلاردا ئۇلارنىڭ ھەققى يوق. بۇ بايلىقلار خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي خەلققە مەنسۇپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بايلىقلارنى مۇسادىرە قىلىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش لازىم.

2. ئىلى رايونىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىل ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تىكلەندى. ئەگەر كىمكى بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى ۋە ئەمىر - پەرمانلىرىنى كۆزگە ئىلماي، يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن داۋاملىق قوراللىق قارشىلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، ئۇنداقلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش لازىم.

3. 1 -، 2 - ماددىدا كۆرسىتىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تېزدىن تەييارلاپ، ھۆكۈمەت مەجلىسىنىڭ ماقۇللىشىغا يوللاپ، مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇش، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش لازىم.

4. ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆلۈپ كەتكەن، مال - مۈلكىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىدىغانلارنى دەرھال تىزىملاپ، مالىيە نازارىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزىگە ئايرىپ بېرىلگەنلىرىدىن باشقىسىنى تېزدىن تەكشۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش لازىم.

**5. مالىيە نازارىتى مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلۈكلەرنى**

ۋە غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېسابات تۇرغۇزۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش لازىم.

6. مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى نازارەت قىلىش ۋە غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم ـ نەرسىلەرنى باشقۇرۇش، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش ئىشىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى دۆلەت رېۋىزىيە (گوست ـ كونترول) كومىتېتىدە بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلى دۆلەت بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پۇل چېكى تارقىتىشىنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلار، مەسىلەن: تىرىك چارۋا، يۇڭ، تېرە ۋە باشقا خام ئەشيالارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئېكسپورت قىلىپ، ئۇنى 100 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئالماشتۇرۇش؛ ئاندىن ئۇنى ۋاقىتلىق پۇل چېكى تارقىتىشنىڭ زاپاس فوندى قىلىپ، 100 دوللار، 200 دوللار، 300 دوللار، 500 دوللار ۋە 1000 دوللارلىقتىن ئىبارەت 100 مىليون دوللارلىق بەش خىل ۋاقىتلىق پۇل چېكى تارقىتىشنى يولغا قويدى. بۇ پۇل چېكى يېتەرلىك ماددىي ماتېرىيال زاپىسىغا ئىگە ئىدى. بۇ، بىر تەرەپتىن، پۇل چېكىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تارقىتىلىشىنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينىغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل چېكىنىڭ قىممىتىنى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. پۇل چېكى تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن «گۇەنجىڭ» پۇلى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە بىرلا ۋاقىتتا خەجلەنگەنىدى.



لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتى بەك تۆۋەنلەپ كېتىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ھەر خىل دەرىجىدە باھا پەرقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ۋە بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ۋە مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇستەقىل ۋە ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 97 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان ئىلگىرىكى گومىنداڭ پۇلىنىڭ ئۈستىگە تامغا بېسىپ بەلگە قىلىپ قويۇشنى ۋە بۇ ئىشنى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى بانكىلارنىڭ 10 ـ ئاينىڭ بىرىگە قەدەر تاماملىشىنى بەلگىلىدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن، بەلگە تامغىسى بولمىغان پۇللارنى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە خەجلەش مەنئىي قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭنىڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلق قولىدىكى پۇل چەكلىرى ئۈچ ۋىلايەت بازارلىرىدا تېزلا كەڭ كۆلەمدە خەجلىنىشكە باشلىدى. بۇ تەدبىر پۇل چېكىنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتىن ئىناۋەت تىكلەپ بەردى. لېكىن، پۇل چېكىنى بېسىش تېخنىكىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئوبوروتتىكى ئاقچا سانىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك بانكىلارمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، پۇل چېكى چىقىرىپ تارقىتىشنى يولغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بانكا 98 مىليون دوللارلىق پۇل چېكى چىقىرىپ تارقاتتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك بانكىمۇ تەخمىنەن 50 مىليون دوللارلىق

پۇل چېكى چىقىرىپ تارقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماددىي ماتېرىياللار زاپىسىغا ئىگە ئىدى.

III

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مالىيە - ئىقتىساد ئورگانلىرى

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاقىتلىق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» مالىيە مىنىستىرلىكى تەسىس قىلدى. بۇ مىنىستىرلىك مالىيە، باج، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سانائەت ئىشلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇردى. شۇ كۈنى يەنە، 23 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئىگىسىز مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش كومىتېتى» («بەيتۇلمال») تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت قۇرۇلدى. ئاندىن بۇ كومىتېتنىڭ قارمىقىدا، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئورگانلىرىدىن قېپقالغان ماددىي ئەشيالار ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنى ۋە ئىگىسىز مال - مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا، شۇنىڭدەك بۇ مال - مۈلۈك ۋە ماددىي ئەشيالار ئىچىدىن ئېكسپورت قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە لازىملىق تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

مالىيە - ئىقتىساد ئىشلىرىنى ۋە ئىگىسىز مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىشلار قىلىندى:



1. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئورگانلىرىدا قېپقالغان مال - مۈلۈكلەر، ھەر خىل تاۋارلار، ماددىي ئەشيا ۋە خام ماللار، «يۇشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مال - مۈلۈكلىرى 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۆۋەندىكى مال - مۈلۈكلەر ئۆتكۈزۈۋېلىندى: 564.500 مېتىر ھەر خىل گەزمال، بۇنىڭ ئىچىدە: تاۋار - دۇردۇن 30.000 مېتىر، ئاق خەسە 129 مىڭ 300 مېتىر، يۇڭ رەخت ۋە باشقا يۇڭ توقۇلما 24.200 مېتىر، گۈللۈك رەخت 294 مىڭ 200 مېتىر، باشقا ھەر خىل رەختلەر 86.250 مېتىر، 37.800 تاختا قاراچاي، 300 يەشىك سەرەڭگە، 15 توننا شېكەر، 32.700 پاچكا قاپلىق تاماكا، 2120 ساندۇق ھاراق، 10 توننا قاقالتىر (تۇنىكە)، 176 توننا موخوركا، 10.900 دانە ھەر خىل ماتا، 170 كىلوگرام قارامۇچ ۋە باشقا پاختا، كەندىر، تاغار قاتارلىق نەرسىلەر.

2. 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» ئىقتىسادىي كومىتېت قۇردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئېلىنغان ماددىي ئەشيالار ۋە مال - مۈلۈكلەرنى، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلاردىن مۇسادىر قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى توپلاش ۋە باشقۇرۇش؛ بۇ مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش؛ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ كىرىم - چىقىم ۋە ئىشلىتىش خىزمەتلىرىدىگە نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

3. 1945 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئىلگىرىكى ئىلى بانكىسىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، 288 نەپەر ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت سودىگەرلىرىدىكى 7 مىليون 888 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ۋە 368 نەپەر خەنزۇ سودا -

سانائەتچىلەردىكى 8 مىليون 987 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئىنقىلاپ چىقىلىپ، جەمئىي 656 كىشىدىكى 16.875.000 يۈەن قەرز قايتۇرۇۋېلىندى.

4. مالىيە مىنىستىرلىكى قۇرۇلۇپ 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ بىرىگىچە قەدەر ئۇنىڭ كىرىمى 25 مىليون 500 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇل سوممىسى 23 مىليون 200 مىڭ يۈەن). ئورگانلارنىڭ مالىيە - ھېسابات ئىشلىرىنى ئىنىقلاش ئارقىلىق كىرىم بولغان نەق پۇل ۋە پۇلغا سۇندۇرۇلغان ماددىي نەرسىلەر 92.690.000 يۈەن، باج ئىدارىسى ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم 14.160.000 يۈەن.

5. 1945 - يىلدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم 150 مىليون دوللارلىق قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى، بۇنىڭدىن 70 مىليونلۇق زايوم تارباغاتاي ۋىلايىتىگە، 30 مىليونلۇق زايوم ئالتاي ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. بۇ ۋىلايەتلەر ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

6. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق پۇل چېكى ھېسابىدا 300 مىليون دوللارلىق «غالىبىيەت» زايومى تارقاتتى. بۇنىڭدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 100 مىليون دوللارلىق، ئالتاي ۋىلايىتىگە 50 مىليون دوللارلىق تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە 600 مىليون دوللارلىق «بەخت سىناش» لاتارى بېلىتى تارقىتىلدى.

7. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ھەربىيلەرگە ئىئانە قىلىش يولى بىلەن كۆپلىگەن تىرىك چارۋا، ئاشلىق، نەق پۇل توپلاندى. يالغۇز تارباغاتاي ۋىلايىتىدىلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى 1945 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ ھەربىيلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى ئىئانە قىلدى: (1) 1000 تۇياقتىن ئارتۇق ئات - كالا، 18 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي؛ (2) 214 توننا ئاشلىق، (3) 3 مىليون 661



مىڭ 495 دوللار نەق پۇل، بىر مىليون 200 مىڭ دوللارلىق ھەر خىل زىبۇ - زىننەتلەر؛ (4) 610 توننا ئاق ئۇن، 625 توننا بۇغداي، 214 توننا ھەر خىل ئاشلىق؛ (5) 492 ئات ھارۋا.

يۇقىرىدىكى مەنبەلەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 9 - سانلىق مەجلىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تەدبىرلەر بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەسىگە ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى. 1944 - يىلى كۈزدە قوراللىق كۆرەش باشلانغاندىن تارتىپ 1945 - يىلى ئاخىرىغا قەدەر يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت باشلانغانغا قەدەر بولغان مەزگىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي ئىشلارنى يولغا قويۇش تەدبىرلىرى ئالاھىدىرەك بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي سىياسەتتىكى بەزى خاتالىقلار تۈپەيلىدىن، زور بىر تۈركۈم تەجرىبىلىك سودا سانائەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كونا كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، خۇسۇسىي سودا - سانائەت بىر ئاز سۇسلىشىپ قالغانىدى. بۇ ھال كېيىن دەرھال تۈزىتىلىپ، سىياسىي جەھەتتە خۇسۇسىي سودىنى يۆلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. مەسىلەن:

(1) ھەر مىللەت خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئەركىن سودا قىلىشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

(2) ئاقچىلار تەڭشىلىپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، ئاقچىنىڭ بازاردىكى ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە پۇل ئوبوروتى مىقدارى بىلەن تاۋار زاپىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىندى.

IV

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مالىيە مەنبەسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى

1941 - يىلى 6 - ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ھەربىي ئات جىددىي لازىم بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭدىن 100 مىڭ تۇياق ئات سېتىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئىلى، قاراشەھەر، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، 40 مىڭ تۇياق ئات سېتىپ بېرىشكە قوشۇلغانىدى. لېكىن، 1942 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان توختامدا 50 مىڭ تۇياق ئات ئېلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

1942 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ئات تاپشۇرۇپ بېرىشكە كىرىشىلگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاتلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىدىن 10 نى ئەۋەتتى. ھەر بىر گۇرۇپپىدا بىردىن باشلىق، ئات دوختۇرى، چارۋا مۇتەخەسسىسى ۋە تېخنىك خادىمىدىن ئىبارەت تۆت كىشى بولۇپ، بۇ 10 گۇرۇپپا ئەڭ ئاۋۋال، ئات سېتىپ بېرىدىغان ناھىيىلەرگە بۆلۈنۈپ بېرىپ، ئاتلارنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ، ئاتنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەپ، كۆزىگە دورا تېمىتىپ، قۇلىقىغا بەلگە سېلىپ ۋە نومۇر قويۇپ، 200 تۇياقتىن 400 تۇياققىچە ئاتنى بىر توپ قىلىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارنى چېگرىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى؛ ئاندىن بۇ مەسئۇل كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



ئات ئېلىش ۋەكىللىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. سوۋېت تەرەپ ئۆتكۈزۈۋالغان ئاتلارنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، كۆزىگە دورا تېمىتىپ، ساپ بولۇپ چىقسا (ماڭقا ئاغرىقى بولمىسا)، شۇ بويىچە ئېلىپ كەتتى؛ ئەگەر ساپ بولۇپ چىقمىسا، چېگرىدىن قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئات سېتىۋېلىش خىزمىتى 1942 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىرىدىن تارتىپ (تارباغاتايدا 4 - ئايدا) باشلىنىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئات ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئاخىرلاشتى. سوۋېت تەرەپكە قاراشەھەر ئېتى موڭغۇلكۈرەدىكى سۈكبۇ چازىسىدىن؛ ئىلى، قورغاس، جىڭ، ئارشاڭلارنىڭ ئاتلىرى قورغاسنىڭ يىڭتاڭلى چازىسىدىن، تارباغاتاينىڭ ئاتلىرى چۆچەكنىڭ ئېمىل چازىسىدىن چىقىرىلدى. دەسلەپ ئىلى ۋىلايىتى 30 مىڭ تۇياق، قاراشەھەر ۋىلايىتى 10 مىڭ تۇياق، تارباغاتاي ۋىلايىتى 10 مىڭ تۇياق، ئالتاي ۋىلايىتى 4 مىڭ تۇياق ئات ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۈرلۈك ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە 50.100 تۇياق ئات ئۆتكۈزۈلدى. تارباغاتايدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان 10 مىڭ تۇياق ئاتنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە ۋەكالىتەن مەن ئېمىل چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بەردىم. شۇ چاغدا بۇ ئاتلارغا كېرەكلىك 1.000 ھارۋا چۆپ (قۇرۇق ئوت)، 10 مىڭ دانە قەيىش نوختا - چۇلۋۇر ئاتلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ توغرىدىكى ئانكېتقا سوۋېت تەرەپ ۋەكىلى بىلەن ئىككىمىز قول قويۇپ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسىنى سوۋېت تەرەپ ۋەكىلى ئالدى، بىر نۇسخىسىنى مەن ئېلىپ، ئات سېتىپ بېرىش ھەيئىتىگە تاپشۇرۇپ بەردىم. بۇ ئاتلارنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلەردىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركەتلىرى ئارقىلىق چارۋىچىلاردىن ئەرزان باھادا (ھەر بىر ئاتنى 128 تاۋارنى رۇبلىدىن) سېتىۋېلىپ، بۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سانائەت ماللىرى ۋە باشقا ھەر خىل تاۋارلارنى ئالغان. بۇنىڭدىن شېڭ شىسەي

ھۆكۈمىتىگە چوڭ پايدا كەلگەن.

ئاتالارنىڭ بەدىلىگە ئېلىنغان تاۋارلارنىڭ بىر قىسمى ئۈ-
رۈمچى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ئەۋەتىلىپ، قالغانلىرى
ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركەتلىرىگە ئە-
ۋەتىپ بېرىلگەنىدى. يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركەتلىرى بۇ
تاۋارلارنى تىرىك چارۋا ياكى چارۋا ـ مەھسۇلاتلىرىغا ئايرى-
ۋاشلاپ سوۋېت سودىسىغا ئۆتكۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ،
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
بولغان مۇناسىۋەت ۋە تاشقى سودا مۇناسى-
ۋىتىنى ئۈزۈپ، سودا شىركىتىنى ياپقان؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
مۇتەخەسسىس ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىۋەت-
كەندىن كېيىن، تاشقى سودا توختاپ قالدى. جەنۇبىي شىن-
جاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يول قاتناش مۇناسىۋىتىمۇ
ئۈزۈلگەنلىكتىن، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە
دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي قالغاندا،
يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركەتلىرى ئۇلارنى تاۋارغا ئايرىۋاشلاپ
بەرگەندىن كېيىن، بۇ خام مەھسۇلاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئېكسپورت قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، شىركەتلەرنىڭ ئۆزىدە
بېسىلىپ قالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇل-
غاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى خام مەھسۇلاتلار
ۋىلايەتلەردىكى مالىيە ئىدارىلىرى ۋە سودا ـ سانائەت ئىدا-
رىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلار بۇ مەھسۇلاتلارنى دەرھال
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھەر
خىل تاۋار ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن، بۇ مەھسۇلاتلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈ-
مىتى مالىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى. يالغۇز
تارباغاتاي ۋىلايىتىدىلا مۇشۇ ماللاردىن 15 مىڭ توننا
ھەر خىل قوي يۇڭى، بىر قانچە يۈز مىڭ دانە قوي ۋە كالا
تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار تارباغاتاي مالىيە ئىدارىسى



نىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ خام ئەشيالارنى تارباغاتاي مالىيە
ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئېكسپورت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىمپورت قىلىنغان سانائەت تاۋارلى-
رىنى بىر تەرەپتىن ھەربىيلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەچكە،
يەنە بىر تەرەپتىن بازارلارنى تەمىنلەپ خەلقنىڭ ئېھتىياجى-
نى قاندۇرۇشقا ئىشلەتتى.

## V

## ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەدبىرلىرى

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەت-
لىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، «شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلۇپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»
قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىنى «ئىقتى-
سادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك
قىلىش» دەپ بەلگىلىدى ۋە 1946 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ
كۈنىدىكى 230 ـ نومۇرلۇق قارارىدا مۇنداق دەپ كۆرسەت-
تى: «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت ۋە سودا ئىشلىرى-
نى راۋاجلاندۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دۆلەتنىڭ
ئىگىلىك ئىشلىرىنى ياخشىلاش، خەلق ئىگىلىكىنى مۇقىم
ئىزغا چۈشۈرۈپ خەلقنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئىقتىسا-
دىي خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مالىيە نازارىتى دۆلەت بان-
كىسىغا 100 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىدۇ ۋە بۇ پۇلنى
توغرا ئىشلىتىش ئۈچۈن، مەخسۇس ھەيئەت تەشكىل قىلىپ،

بانكىدىن قەرز بېرىلىدىغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى تۆۋەندىكىچە يولغا قويىدۇ:

1) سودىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى 2.5%؛

2) سانائەت ۋە چارۋىچىلىققا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى 2%؛

3) دېھقانچىلىققا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى 1.5%؛

4) ئادەتتىكى بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى 1.5%؛

5) خەلقنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 3% بولىدۇ ۋە مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

دۆلەت بانكىغا قەرز بەرگەن ھەر 100 مىليون يۈەننى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇۋالىدۇ:

1) سودىگەرلەرگە بېرىلگەن قەرزنىڭ 50% تى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛

2) سانائەتكە بېرىلگەن قەرزنىڭ 15% تى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛

3) چارۋىچىلىققا بېرىلگەن قەرزنىڭ 15% تى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛

4) دېھقانچىلىققا بېرىلگەن قەرزنىڭ 20% تى تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە.

بانكىنىڭ پۇل قەرز بېرىش، پۇل قەرز ئېلىش، ئامانەت قويۇش ۋە پۇل پېرېۋوت قىلىش ئىشلىرى بانكىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە بولىدۇ؛ بانكا مەبلىغىنى قويماي تەقسىم قىلىش ۋە ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، دائىملىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بانكىنىڭ باشلىقى مەسئۇل بولىدۇ».

خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ سودا - تىجارەتلىرىنى يۆلەش توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت قارارىغا ئاساسەن، ئىلى بانكىسى پۇل قەرز بېرىشتە يولغا قويغان 2.5% ئۆسۈم شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قەرز ئۆسۈمىدىن 2% تۆۋەن



ئىدى. بۇ، سودا ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش بىلەن سودىگەرلەرنىڭ بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىشى ۋە بانكىنىڭ پۇل قەرز بېرىشىنى ياخشىلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت بانكىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشتە چوڭ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر نەچچە يىل ئىچىدە بانكىغا پۇل ئامانەت قويغۇچى سودىگەر - تىجارەتچىلەرنىڭ سانى 614 كىشىگە يەتتى. قەرز بېرىلگەن پۇل ۋە ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ سانى 185 مىليارد 900 مىليون دوللارغا، بانكىنىڭ يىللىق قەرز بەرگەن پۇلى 56 مىليارد 646 مىليونغا يەتتى.

1947 - يىلى 8 - ئايدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى نىسبىي مۇقىملىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. گومىنداڭنىڭ ئىلگىرىكى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكەن ماللار ھېسابىغا قۇرۇلغان سودا - سانائەت ئىدارىسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي سودا - سانائەت كارخانىسى بولغان «تەرەققىيات» شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ شىركەتنى شۇ ۋاقىتتىكى مالىيە مىنىستىرلىكى باشقۇراتتى. بۇ شىركەت ئىلىدا موخوركا زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، تېرە - خۇرۇم زاۋۇتى، سەرەڭگە زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، يۇڭ يۇيۇش كارخانىسى قاتارلىق كارخانىلارنى باشقۇرغاچقا، ئۇنىڭ تىجارىتى كۆپەيدى. كېيىنچە، مايتاغدىكى نېفىت كانى، ئىلىدىكى ترانسپورت شىركىتى، نەسىللىك قوي ۋە نەسىللىك ئات فېرمىلىرىنىمۇ «تەرەققىيات» شىركىتى باشقۇرغاچقا، ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ سېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويدى ھەمدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. لېكىن، ئېكسپورت - ئىمپورت سودىسىنى ئېلىپ بېرىشتا مەخسۇس ئورگان

قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا يەنە كېيىندىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئېكسپورت، ئىمپورت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

## VI

## «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى

ئۈچ ۋىلايەت مالىيە مىنىستىرلىكى قارىمىقىدىكى «تەرەققىيات» شىركىتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئېنىگىلىكىدىكى بىردىنبىر سودا — سانائەت ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئورگاننىڭ باش قۇرۇش دائىرىسى بارغانسېرى زورايدى. ئۇنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك شۆبىلىرى قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق 10 ناھىيىدە ۋە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيىلىرىدىمۇ ناھىيىلىك شۆبىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك شىركەتلەرگە ۋىلايەتلىك شىركەتلەر، ۋىلايەتلىك شىركەتلەرگە ئىلىدىكى مەركىزىي «تەرەققىيات» شىركىتى رەھبەرلىك قىلدى. ئىلى «تەرەققىيات» شىركىتى 1948 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە سودا پونكىتى قۇرۇپ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە سانائەت ماللىرىنى يۆتكەپ ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى، خام ئەشيا، يېرىم تەييار مەھسۇلاتلار ۋە باشقا تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىپ ئېكسپورت قىلدى؛ چۆچەك «تەرەققىيات» شىركىتى ئۈرۈمچىگە مال ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا 200 — 250 تونىنا قوي يۇڭى، 15 توننىدىن ئارتۇق خام يىپەك، 10 — 15 توننىلاپ قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىپ، ئېكسپورت قىلدى. دېمەك، «تەرەققىيات» شىركىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.



ئىلى «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ 1946—1949 — يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋارلار | بىرلىكى | 1946 - يىل | 1947 - يىل | 1948 - يىل | 1949 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| تىرىك كالا | تۇياق | 48.200 | 21.300 | 34 700 | 35.200 |
| تىرىك قوي | تۇياق | 334.900 | 399.900 | 344.500 | 319.300 |
| قوي يۇڭى | توننا | 1.267 | 1.697 | 1.061 | 1.166 |
| كالا تېرىسى | پارچە - دانە | 106.000 | 63.000 | 25.000 | 23.000 |
| قوي تېرىسى | پارچە - دانە | 520.000 | 495.000 | 379.000 | 412.000 |
| ئۆچكە | بىر تال - دانە | 516.000 | 829.000 | 642.000 | 631.000 |
| يېرىم پابرىكانت جاڭگۇك قىلىنغان قوي تېرىسى | تاۋارنى رۇبلى | 1.240.000 | 2.195.000 | 1.391.000 | 1.299.000 |
| ئۆسۈملۈك مېيى | توننا | 75 | 70 | 648 | 413 |
| بۇغداي | توننا | 17.000 | 24.000 | 21.100 | 31.000 |
| ئومۇمىي سوممىسى | تاۋارنى رۇبلى | 23.800.000 | 22.100.000 | 30.400.000 | 36.000.000 |

ئېلى «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ 1946 - 1949 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋارلار | بىرلىكى | 1946 - يىل | 1947 - يىل | 1948 - يىل | 1949 - يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| ياختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرى | مېتر | 6.102.000 | 7.942.000 | 10.410.000 | 12.449.000 |
| يىپەك رەخت | مېتر | 165.000 | 65.000 | 261.000 | 244.000 |
| تەييار كىيىم | تاۋارلىق رۇبلى | 358.000 | 394.000 | 348.000 | 601.000 |
| شېكەر | توننا | 1.159 | 1954 | 909 | 1.129 |
| چاي | توننا | 186 | 94 | 132 | 167. |
| ياختا يىپ، ماشىنا يىپى | غالتەك | 1.266.000 | 2.003.000 | 1672.000 | 1.761.000 |
| سەرەڭگە | يەشىك | 67.000 | 314.000 | 22.500 | 53.000 |
| نېفت مەھسۇلاتلىرى | توننا | 1.599 | 741 | 600 | 1.046 |
| ئومۇمىي سومىسى | تاۋارلىق رۇبلى | 23.800.000 | 22.1.00.000 | 30.400.000 | 36.000.000 |



سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئېكسپورت - ئىمپورت ئىشلىرى ئېلى ۋىلايىتىدە قورغاس، ساندوخوزىلاردىكى سۇ يولى ۋە موڭغۇلكۈرەنىڭ سۇمبا قاتارلىق چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بەختە، ئېمىل، چاغانئوبا چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە جىمۇنەي چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. تىرىك چارۋا، تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يۇڭ - تېرە، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، كان مەھسۇلاتلىرى، خام يىپەك، پاختا، قۇرۇق مېۋە قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر خىل سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ھەر خىل تاۋارلار، ئاپتوموبىل، تراكتور، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ھەر خىل يىپەك ۋە پاختا رەختلەر، ھەر خىل چىت ۋە يۇڭ رەختلەر، قەنت، شېكەر، سەرەڭگە، چاي، ھەر خىل كەمپۈتلەر، توقۇلما بۇيۇملار، بېنزىن، كىرسىن ھەرخىل پار - پۇرقاچا - قۇچىلار ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك باشقا بۇيۇملار ئىمپورت قىلىندى. بۇ تاۋارلار بىلەن خەلق ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى، ھەربىي قىسىملارنىڭ كىيىم - كېچەككە بولغان ئېھتىياجى ھەل قىلىندى ۋە ھەربىر ناھىيىلەرمۇ تەمىن ئېتىلدى.

ئېلى «تەرەققىيات» شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە 1947 - يىلى بىر يىل ئىچىدە، 2.408.000 تاۋارنى رۇبلىلىق (مېتال پۇل، ئالتۇن ھېسابىدا دېسىمۇ بولىدۇ) چارۋا مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ باھاسى تۆۋەنگە قاراپ بەلگىلەندى. مەسىلەن: 15.000 ئۆكۈز (كالا) نىڭ ھەر بىرىگە 68.00 تاۋارنى رۇبلى، 80.000 تۇياق قوينىڭ ھەربىرىگە 12.00 تاۋارنى رۇبلى، 17.000 پارچە كالا تېرىسىنىڭ ھەر بىرىگە 7.00 تاۋارنى رۇبلى، 100 مىڭ پارچە قوي تېرىسىنىڭ ھەربىرىگە 1.20 تاۋارنى رۇبلى، 3.000

پارچە ئات تېرىسىنىڭ ھەربىرىگە 4.50 تاۋارنى رۇبلى، 50 مىڭ پارچە ئەلتىرەنىڭ ھەربىرىگە 0.63 تاۋارنى رۇبلى، 5.000 پارچە مارى تېرىسىنىڭ ھەربىرىگە 2.00 تاۋارنى رۇبلى، 50 تونىنا ئات يايلى ۋە قۇيرۇقىنىڭ ھەربىر تونىنىسىغا 130.00 تاۋارنى رۇبلى، 50 تونىنا پاخلان يۇڭىنىڭ ھەربىر تونىنىسىغا 600 تاۋارنى رۇبلى باھا قويۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئېكسپورت قىلىنغان بۇ چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەم باشقا خام ئەشيالارنىڭ باھاسى ھەقىقەتەن بەك تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پايدا قىلاتتى.

ئىلى «تەرەققىيات» شىركىتى 1948 - يىلى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە تىرىك چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا خام ئەشيالاردىن بولۇپ جەمئىي 5.000.000 تاۋارنى رۇبلىلىق مال ئېكسپورت قىلدى. ئۇلارنىڭ كونكرېت تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تىرىك كالا (ئۆكۈز) 15.000 باش بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ باھاسى 80.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 216.08 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 1.200.450 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(2) تىرىك قوي 80.000 تۇياق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 14.58 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 40.10 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 1.166.400 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(3) كالا تېرىسى 17.000 پارچە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 10.50 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 28.30 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 178.500 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(4) ئات تېرىسى 3.000 پارچە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 6.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 16.20 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 18.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.



(5) قوي تېرىسى 100.000 پارچە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 1.60 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 4.32 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 160.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(6) ئەلتىرە 55.000 پارچە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 1.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 2.94 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 60.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(7) بۇغداي 4.500 تونىنا بولۇپ، ھەربىر تونىنىسىنىڭ باھاسى 140.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 378 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 630.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(8) قوي يۇڭى 3.750 تونىنا بولۇپ، ھەربىر تونىنىسىنىڭ باھاسى 894.67 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 2415.60 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 3356000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(9) ئاق ئۇن 1000 تونىنا بولۇپ، ھەربىر تونىنىسىنىڭ باھاسى 260.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 7025 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 260.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(10) بېنزىن 300 تونىنا بولۇپ، ھەر بىر تونىنىسىنىڭ باھاسى 400.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 1080.00 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 120.000 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

(11) كىرسىن 39 تونىنا بولۇپ، ھەربىر تونىنىسىنىڭ باھاسى 50.00 تاۋارنى رۇبلى، پۇل چېكى باھاسى 1.350.00 دوللار، ئومۇمىي سوممىسى 195.00 تاۋارنى رۇبلى بولغان.

يۇڭنىڭ 65% تى كوزەم، قالغانلىرى جابىغا (ئەتىيازلىق يۇڭ) ۋە ئارىلاشما يۇڭلار بولۇپ، سوۋېت سودا شىركىتى بۇنىڭ 70% تىگە سانائەت مەھسۇلاتى بەرگەن.

«تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ يەتتە نەپەر دائىمىي ھەيئىتىنىڭ بىر باش جىڭلىسى، بىر نەپەر مۇئاۋىن جىڭلىسى ۋە

بىر باش بوغالتىرى بولۇپ، ئىش بېجىرىش ئورگىنىدا 30 نەپەچە خادىم بار ئىدى. باش جىڭلى ئەسەيدۇللا (ئۆزبېك، سوۋېت گراژدانى) ئىدى. شىركەتنىڭ غۇلجا شەھەر ئىچىدىلا ئالتە چوڭ ئۇنىۋېرسال ماگىزىنى، تۆت يەردە پارچە سېتىش ماگىزىنى بار ئىدى. ئۇلار يىلىغا 2 مىليون تاۋارنى رۇبلىلىق سودا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ بىر قىسمى ھەربىيلەرنى تەمىنلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھېسابات تۈزۈمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېسابات تۈزۈمىگە ئوخشاش بولۇپ، خىزمەتچى خادىملارغا تاۋارنى رۇبلى بىرلىك قىلىنغان مائاش بېرىلەتتى. بۇ مۇقىم مائاشقا پۇل ھەم ماددىي نەرسىلەر بېرىلەتتى. (بۇ تۈزۈم پەقەت ئىلىدىلا بولۇپ، باشقا ۋىلايەتلەردە يەرلىك ئورگانلار بىلەن ئوخشاش تۈزۈمدە ئىدى، يىل ئاخىرىدا مۇكاپات پۇلى بېرىلەتتى). بۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتچى خادىملەرگە ھەر كۈنى چۈشتە بىر ۋاخ ئىسسىق تاماق بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ يىللىق تاۋار سېتىش پىلانى 5 مىليون تاۋارنى رۇبلى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 7 — 6 مىليون رۇبلىدىن ئاشاتتى. شۇڭا، يىل ئاخىرىدا خادىملارغا ئومۇمىي پايدىدىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىلەتتى. پايدىنى تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، 1948 - يىلدىكى پايدىدىن ئايرىلغان پىرسەنت 398.000 تاۋارنى رۇبلى بولۇپ، بۇنىڭدىن 7 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىغا 293.000 تاۋارنى رۇبلى (ئومۇمىي سانىنىڭ 65% تىنى تەشكىل قىلىدۇ، يەتتە كىشىنىڭ ھەربىرىگە 41.860 تاۋارنى رۇبلىدىن توغرا كەلگەن)، شىركەتتىكى 724 دىن ئارتۇق خىزمەتچىگە 105.000 تاۋارنى رۇبلى تەقسىم قىلىپ بەرگەن (بۇ، ئومۇمىي سانىنىڭ 35% تىنى تەشكىل قىلىپ، ھەربىر كىشىگە ئاران 143 تاۋارنى رۇبلىدىن يەنى ھەربىر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئالغان پىرسەنتىنىڭ 0.52% توغرا كەلگەن). بۇ، ئادىل بولمىغان تەق-



سىمات ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تىرىك قوينىڭ 5 - ئايدىكى ئېغىرلىقى 56 كىلوگرام، 8 - ئايدىكى ئېغىرلىقى 45 كىلوگرام بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ھەر بىر قوينىڭ باھاسى 15 تاۋارنى رۇبلى، ھەر بىر كىلوسى 0.29 تاۋارنى رۇبلى ھېسابلىناتتى. تىرىك كالىنىڭ ئېغىرلىقى 280 كىلوگرام بولۇشى كېرەك ئىدى؛ 8 - ئايدىكى باھاسى 65.00 تاۋارنى رۇبلى، ھەربىر كىلوسى 0.23 تاۋارنى رۇبلى ھېسابلىناتتى. شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى «تەرەققىيات» شىركىتى بىلەن دىگۋارلىشىپ، ئېكسپورت قىلىدىغان چارۋا مەھسۇلاتى ۋە باشقا خام ئەشيالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتىگە «تەرەققىيات» شىركىتى ھېسابى ئارقىلىق ئۆتكۈزەتتى - دە، بۇنىڭغا تېگىشلىدىغان تاۋار ماللارنى «تەرەققىيات» شىركىتىدىن ئالاتتى. يەنە بىر قىسىم سودىگەرلەر چارۋا مەھسۇلاتى ۋە خام ئەشيالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى سودا" شىركىتىگە بىۋاسىتە ئۆتكۈزۈپ، بەلگىلىمە بويىچە تاموژنا بېجى ۋە سودا بېجى تاپشۇراتتى. بۇ شەخسىي ماللار خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى. «تەرەققىيات» شىركىتى ئۆزى ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلغان ماللىرىغا ئۆزى باج تۆلەيتتى.

## VII

## «11 بىتىم» تۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئەھۋال

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، 1945 - يىلى 1 - ئايدىن 1946 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە خەجلەش ۋە ئوبوروت قىلىش ئۈچۈن،

477 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق پۇل چېكى تارقاتقانىدى. 1946 - يىلى 6 - ئايدا «11 بىتىم» ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتتە تارقىتىلغان ۋاقىتلىق پۇل چېكىنى 1946 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ، ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىپ بېرىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق پۇل چېكىنى يىغىۋېلىش چارىسىنى بەلگىلىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇنىڭغا 350 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى بۇيرۇپ بەرگەن ھەمدە 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئىككى ئاي ئىچىدە تېگىشىپ بولۇشنى، تېگىشىش نىسبىتىنى بىرگە بىر يەنى بىر دوللارغا بىر يۈەن قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. لېكىن، كېيىن: تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تارقىتىلغان پۇل چېكىنىڭ ئومۇمىي سانى ئەسلى بەلگىلەنگەن ساندىكىدىن كۆپ ئىكەن دەپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تېگىشىش فوندىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەستىقلاپ بەرمىگەنلىكتىن، تېگىشىش خىزمىتى توختاپ قېلىپ، ۋاقىتلىق پۇل چېكى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىۋەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا «11 بىتىم» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ھەر بىر ۋىلايەتتە ۋالىي مەھكىمىلىرى قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا كەسپىي خىراجەتلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە بەرمەستىن، بىر مەزگىل 30% ئەتراپىدىلا بەردى، كېيىن بۇنىمۇ توختىتىپ قويدى. 1947 - يىل كۈزدە 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنى ئۈچ ئايدەك تالاش - تارتىش قىلىنىپ يەنىلا ئېچىلمىدى؛ 11 ماد-



دىلىق بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى كېيىن پانتۈركىست مەسئۇت سەبىرىنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، كېڭەش ئەزالىرى (ۋەكىللەر) ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ ئايرىم ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىتىمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقانلىقتىن، تىنچ ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىلىغا قايتىپ كەتتى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە — قاتناش ئۈزۈلگەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى ۋاقىتلىق پۇل چېكىنى داۋاملىق ئوبوروت قىلىپ تارقىتىۋەردى. مەسىلەن، 1947 - يىلى ۋاقىتلىق پۇل چېكىنى 2.000، 2.500، 3.000، 5.000، 10 مىڭ دوللارلىق قىلىپ، بەش خىل پۇل چېكىدىن 15 مىليارد دوللارلىق تارقاتتى؛ 1948 - يىلى ئىلگىرى تارقىتىلغان 100 دوللارلىق، 300 دوللارلىق، 500 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق پۇل چەكلىرى داۋاملىق تارقىتىلىۋەردى؛ 1949 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىش ھارپىسىدا، ۋاقىتلىق تارقىتىلغان پۇل چېكىنىڭ ئوبوروتتىكى سانى 31 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتتى (تامغا بەلگىسى بېسىلغان ئۆلكە پۇلىنىڭ سانى 300 مىليون يۈەنگە يەتتى). بۇ پۇل چەكلىرىنىڭ 75% تى ماددىي ئاساسقا، ماتېرىيال زاپىسىغا ئىگە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پۇل تۈزۈمى مالىيە كىرىمى بىلەن تاشقى سودا ئاساسىغا تايانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قىممىتى گومىنداڭ ھۆكۈمە-

رانلىق قىلغان رايونلاردىكىگە قارىغاندا يەنىلا مۇقىم بولۇپ، پۇل پاخاللىقى ئاساسەن يۈز بەرمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدىلا نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى سودىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشىلاش، ھەر خىل باج كىرىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش، سېلىقنى كۆپەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى زۆرۈر خىراجەتلەر ۋە چىقىملارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ھەل قىلىپ، مەلۇم تاۋار زاپىسىغا ئىگە بولغان ئىدى.

VIII

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى تەدبىرلىرى

1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان تەپتىش ئورگىنى يەنى دۆلەت كونترول كومىتېتى دۆلەتنىڭ مالىيە پىلانىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ زىيىنىنى كۆپەيتىش سىياسىي جەھەتتە خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئىدارە - ئورگانلاردىكى خادىملارغا ئېنىق چۈشەندۈردى؛ دۆلەت بەلگىلىگەن خام چوتىنىڭ سىرتىدا خالىغانچە خىراجەت قىلغان ئورگان ياكى خادىملارنى جازالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇردى.

2. ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ياردەم ۋە ئىئانە قىلغان مال - مۈلۈك ۋە نەق پۇللار، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىپ كەتمەسلىكى



ئۈچۈن، مالىيە كىرىمى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭغا مەخسۇس ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ، خەلق ئىئانە قىلغان زىبۇ - زىننەتلەر پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ ماددىي ئەشيالار، تىرىك چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەر ئېنىق سانى ھەم تىزىمى بىلەن مالىيە ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئەھۋالىدىن ھەر ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇلدى.

3. كىرىم قىلىدىغان ئورگان ۋە ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، مالىيە - ئىقتىساد تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ۋە قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ باج قانۇنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئۇنىڭغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلماسلىق؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە باش بوغالتىرلار ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئاتچوتى خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇشى، بۇ خىزمەت خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى بەلگىلەندى.

× × ×

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى چىڭ تۇتتى ۋە بۇ توغرىدا مەخسۇس قارار قوبۇل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى قۇردى. بۇ كومىتېت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇش، ھەربىر ناھىيىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەخسۇس كادىرلار ئاجراتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقى-

رىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن، دۆلەت بانكىسىدىن 1.5% ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىشنى بەلگىلىدى.

2. چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا دۆلەت بانكىسىدىن 2% ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىشنى بەلگىلىدى.

3. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا 2000 توننا ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، 100 مىليون دوللار قەرز بەردى.

4. ھەرخىل تېرىلغۇ ماشىنىلىرىدىن 915 دانە، خەلقنىڭ تېرىلغۇ ماشىنىلىرىدىن 60 نەچچىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بەردى.

5. ھەربىر ئىدارە ۋە شەخسلەرگە 660 دانە دېھقانچىلىق ماشىنىسىنى ئىجارىگە بەردى.

6. يېرى ئاز دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ھۆكۈمەت ئىختىيارىدىكى يەرلەردىن 1000 گېكتار (16000 مو) نى، ھۆكۈمەت ئىختىيارىدىكى 20 مولۇق مېۋىلىك باغلاردىن 15 نى بەردى.

7. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قالغان دېھقانچىلىق سېلىقىنىڭ 50% تىنى كېمەيتىپ ئېلىشنى قارار قىلدى (شۇ يىلى يەر — سۇ سېلىقى 700 توننا كېمەيتىلگەن). يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئارقىلىق دېھقانلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 3000 دانىدىن ئارتۇق تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىپ ئېلىپ بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، 700 دىن ئارتۇق بىرىچكا ھارۋا سېتىپ ئېلىپ بەردى. 695 قوش يەر ① ۋە سۇنى ئىجارىگە بەردى.

8. ئىدارىلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، يەر - سۇ

① بىر قوش يەر — بىر تاش سۇ ھېسابىدا.



باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقىلىق 4800 پۇت ئۇرۇقلۇق بۇغداي قەرز بەردى (يالغۇز تارباغاتاي ۋىلايىتىدىلا دېھقانلارغا 700 توننا ئاشلىق، 30 مىليون دوللار قەرز بېرىلگەن).

9. چارۋىچىلىقنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پۇل قەرز بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، نەسىللەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويدى؛ ئىلىدىكى نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئات فېرمىسىنى ئەرتىپكە سېلىپ ياخشىلىدى. تارباغاتايدىكى نەسىللىك ئات، كالا، قويلارنى گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي - ھەربىي ئەمەلدارلىرى سوۋېت چېگرىسىگە بىللە ئېلىپ كېتىپ، نابۇت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ قولىدىكى نەسىللىك ئات، كالا، قويلارنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، راۋاجلىنىش يولىغا سالدى.

10. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادى يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى سودىنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چارۋىچىلاردىن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى: تىرىك مال، قوي يۇڭى، قوي - كالا تېرىسى، قوي ئۈچەيى، ئەلتىرە قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئوبدان باھادا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سانائەت ماللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، سېرىق ماي چىقىرىدىغان ماشىنا (سېپاراتور) لارنى، قوي قىرقىيدىغان سايمانلارنى ئىمپورت قىلدى؛ ھەتتا نەسىللىك ئايغىر ۋە بۇقىلارنى ئىمپورت قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا ماللارنى نەسىللەندۈرۈش ئىشلىرىغا يار - يۆلەكتە بولدى. شۇنىڭدەك، مال دوختۇرلۇق كۇرسلىرىنى ئېچىپ، مال دوختۇرلۇق تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى داۋالاش ئىشلىرىنىمۇ يولغا قويدى.

11. دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى، «تەرەققىيات» شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ياخشى باھا بىلەن سېتىۋېلىپ، ئېكسپورت قىلىش ئىشلىرىنى

يولغا قويدى. مەسىلەن، 1948 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «تەرەققىيات» شىركىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىرلىكتە 12.000 توننا بۇغداي، ئىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 4.800 توننا بۇغداي سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزدى؛ ئۇنىڭ بەدىلىگە سانائەت تاۋارلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تەمىنلىدى ھەم يېزا ئىگىلىكىنىڭ ياخشىلىنىشىغا مەدەت بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانچىلىقنى ئاگرو تېخنىكا ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاگرونوم يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، نۇرغۇن ئاگروتېخنىكلارنى تەربىيىلەپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى. مۇشۇنداق تەدبىرلەر بىلەن، ئاشلىق ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى.

12. سۇ قۇرۇلۇشى — دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جان تومۇرى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن 8.875.000 دوللار ئاجرىتىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئوبدان ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلىش ئاكتىپلىقى ئۆستى. شۇ چاغدا جەمئىي 3.600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 140 دىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلغان. بۇ تەدبىرلەر نەتىجىسىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. مەسىلەن، 1946 - يىلى 1944 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 10.8% ئۆسۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 650 مىليون جىڭغا يەتكەنىدى. 1948 - يىلى 1946 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 10% ئۆسۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 750 مىليون جىڭغا يەتتى.

× × ×

1945 - يىلى 31 - ئىيولدا چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ، تارباغاتاي



ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئورگانلىرىدىن ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن 4.386 توننا ئاشلىق، 133.760 باش چوڭ - كىچىك چارۋا مال، 450.000.000 دوللارلىق ماددىي نەرسىلەر غەنىيمەت ئېلىنىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەن. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتى جۈملىدىن سودا مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالغانلىقتىن، خەلقنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋە دېھقان - چارۋىچىلار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشقا پۇل تاپالماي قالغانىدى. ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قولىدىكى بار تاۋارلارنى بىر نەچچە سەييارە سودا گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق ھەربىر ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ئايرىۋاشلىدى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھەربىرى 1000 — 900 تونىنلاپ قوي يۇڭى، بىرنەچچە ئون مىڭلىغان قوي ۋە كالا تېرىلىرىنى سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ خام ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى 15 مىڭ توننا قوي يۇڭى، بىرنەچچە يۈز مىڭ دانە قوي - كالا تېرىسى، يۈزمىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار تېرىلىرىگە يەتكەنىدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى سېتىلماي يېسىلىپ قالغان بۇ خام ماللارنى ئۆز ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەرخىل سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلدى.

بۇ چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا خام ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تەخمىنەن ئۈچ مىليون تاۋارنى رۇبلى بول-

غانسكەن. بۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى چېگرىسىغا بېرىپ سودا پونكىتىدا ھېساب قىلىشقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئەينى ۋاقىتتا چۆچەك پارتىزانلىرىغا بەرگەن قورال - ياراق ۋە باشقا ئەسلىھەلەر ئۈچۈن 600.000 تاۋارنى رۇبلى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان 2 مىليون 400 مىڭ تاۋارنى رۇبلىغا تۈرلۈك سانائەت ماللىرى ۋە تۈرلۈك ئەسلىھەلەر، جۈملىدىن ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تەمىناتىغا كېرەكلىك ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بەرگەن. چۆچەك ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى سودا شىركىتىدىن ھەرخىل رەخت، يىپ تېرىكە، دىگنال تېرىكە، ھەرخىل گۈللۈك چىت، يىپ، چاي، شېكەر، قەنت، يىپەك رەخت ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تاۋارلارنى ئېلىپ، بىر تەرەپتىن ھەربىيلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجىنى تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بازارلارنى تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن تەمىنلەپ خەلق ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. يۇقىرىقىلاردىن ھەربىيلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بېرىلگەن نەق پۇل 250.000.000 دوللار، ئاشلىق 3500 تونىنا، ھەرخىل مۈلۈك، جاھاز - سايمانلار ئۈچۈن 200 مىليون دوللار، 5.000 باش كالا، 55.000 تۇياق قوي بىلەن تەمىنلىگەن.

45 - ۋە 46 - يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە سودا ئورۇنلىرى سېتىۋالغان خام ماللار ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 250 مىليون دوللار، جانلىق ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 91 مىليون 150 مىڭ دوللار بولغان. بۇ مەھسۇلاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئېكسپورت قىلىنىپ، بۇنىڭدىن ئىمپورت قىلىنغان سانائەت تاۋارلىرى بازارلارنى تەمىنلەش ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ، تارباغاتاينىڭ سودا - سېتىق، تىجا-



رەت ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان. 1946 - يىلى سوۋېت سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈلگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن جانلىق ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 310 مىڭ تاۋارنى رۇبلى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل چېكى ھېسابىغا سۇندۇرغاندا 327 مىليون 180 مىڭ دوللار بولىدۇ. بۇنىڭ ھېسابىغا سوۋېت سودا شىركىتىدىن 776 مىڭ 400 تاۋارنى رۇبلىلىق سانائەت ماللىرى سېتىۋېلىنغان، بۇنىڭ سوممىسى 922 مىليون 450 مىڭ دوللار بولىدۇ. بۇنداق سودىنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەرخىل كىرىملەرمۇ چوڭ ئورۇن تۇتاتتى. تېرە زاۋۇتىدىن ئېلىنغان پايدا 13 مىليون 900 مىڭ دوللار، ھۈنەر - كەسىپ، سودا بۆلۈملىرى ۋە ماسترۇسكوپلارنىڭ يىللىق پايدىسى 140 مىليون 220 مىڭ دوللار، تۈرلۈك باجدىن كىرگەن كىرىملەر مەسىلەن: 1945—1946 - يىللىق تۇياق بېجىدىن كىرگەن كىرىم 147 مىليون 124 مىڭ دوللار، تاشقى سودا تاموژنىسىدىن كىرگەن كىرىم 75 مىليون 630 مىڭ دوللار، ئىچكى باجلاردىن كىرگەن كىرىم 117 مىليون 140 مىڭ دوللار بولۇپ، باجدىن قىلىنغان جەمئىي كىرىم 339 مىليون 900 مىڭ دوللار بولغان.

شۇ مەزگىلدە ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى بىر نەچچە مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى، تۈرلۈك چىقىم - خىراجەتلىرى ۋە رېمونت خىراجەتلىرى ئۈچۈن 250 مىليون دوللار بېرىلگەن.

## IX

## ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا سودىنى بولۇپمۇ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، دۆلەتنىڭ

مالىيە كىرىمى تۈرلۈك باجلاردىن كۆپىيىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە سودا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى مۇۋاپىق يولغا قويۇشتا يەنە، مۇقىم خاتىرجەملىكنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەشمۇ زۆرۈر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سودىنى بولۇپمۇ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدىمۇ جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاش، ھەربىي قىسىملارنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى بارلىق ئىمكانىيەتلەر بويىچە ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىم پۇت تىرەپ تۇرالىشىغا ئاساس ياراتتى. دۈشمەن بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلىپ تاشلىغان جايدا، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىگىلىك يارىتىش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئىقتىسادنى تىكلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىگىلىك يارىتىش خىزمىتىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالىدى. بۇنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى 241 ـ نومۇرلۇق قارارى بويىچە تەستىقلانغان 1946 ـ يىللىق كىرىم ـ چىقىم خام چوتى مۇنداق:

1) كىرىم قىسمى 24 تۈر بولۇپ، ئومۇمىي كىرىم 2 مىليارد 679 مىليون 31 مىڭ دوللار.

2) چىقىم قىسىمىمۇ 24 تۈر بولۇپ، ئومۇمىي چىقىم 2 مىليارد 780 مىليون 389 مىڭ دوللار. كىرىمنىڭ چىقىمغا يەتمىگەن قىسمى — دېفىتسىت (قىزىل رەقەم) 101.357.000 دوللار بولۇپ، بۇ 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولدۇرۇلماقچى بولغان (بۇ خام چوت تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ خام چوتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:



ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1946 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى

| رەت نومۇرى | كىرىم مەنبەلىرى | كىرىم | رەت نومۇرى | چىقىم قىلىنىدىغان ئورۇنلار | چىقىم |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | دېھقانچىلىق بېجىدىن | 146.17 000 | 1 | ئىش ھەققى | 244 102.000 |
| 2 | چارۋىچىلىق بېجىدىن | 545.000.000 | 2 | ئىش بېجىرىش | 9.142.000 |
| 3 | تاشقى سودىدىن | 736.957 000 | 3 | پوچتا ـ تېلېگراف | 1.673.000 |
| 4 | جەرىمانىدىن | 3.643.000 | 4 | كىيىم ـ كېچەك | 84 081.000 |
| 5 | ماركا بېجىدىن | 2.000.000 | 5 | پارچا ـ خىراجەت | 124.770.000 |
| 6 | ھاراق بېجىدىن | 93.119.000 | 6 | قاتناش ـ ترانسپورت | 44 872.000 |
| 7 | قۇشخانا بېجىدىن | 4.900.000 | 7 | ئىسىنىش خىراجىتى | 13.499 000 |
| 8 | تاماكا بېجىدىن | 14.794.000 | 8 | يورۇتۇش خىراجىتى | 3.646.000 |
| 9 | خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن | 64.369.000 | 9 | رېمونت خىراجىتى | 6.402.000 |
| 10 | مائارىپ نازارىتىدىن | 73.980.000 | 10 | كاماندىروپكا خىراجىتى | 3.981.000 |
| 11 | يەر ـ سۇ بېجىدىن | 8875.000 | 11 | گېزىت ـ ژۇرنال خىراجىتى | 655.000 |

داۋامى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 12 | سېھىيە نازارىتىدىن | 7.432.000 | 12 | ھېيت - بايرام خىراجىتى | 312.000 |
| 13 | ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن | 5.575.000 | 13 | ئىجارە ھەققى چىقىمى | 1.676.000 |
| 14 | دۆلەت بانكىسىدىن | 25.000.000 | 14 | ستىپ بېلىش خىراجىتى | 1.000.000 |
| 15 | گېزىتخانىدىن | 8.561.000 | 15 | مەخسۇس ماتېرىيال | 21.532.000 |
| 16 | باسماخانىدىن | 4.709.000 | 16 | تازىلىق خىراجىتى | 180.000 |
| 17 | قاتناش - ترانسپورتتىن | 4.244.000 | 11 | ئاپتوموبىل خىراجىتى | 6.900.000 |
| 18 | سودا - سانائەت بېجىدىن | 422.517.000 | 18 | تەييارلىق خىراجىتى | 9.262.000 |
| 19 | دورىخانىدىن | 3.000.000 | 19 | قۇرۇلۇش خىراجىتى | 1.000.000 |
| 20 | نېفىتتىن | 4.5000.000 | 20 | خىزمەتچىلەر ماگىزىنى | 186.333.000 |
| 21 | پوچتا - تېلېگرافتىن | 5000.000 | 21 | كۆۋرۈك رېمونتى | 50.000.000 |
| 22 | تارباغاتاي چارۋا بېجىدىن | 424.220.000 | 22 | زايوم ئۆسۈمى | 60.000.000 |
| 23 | ئىگانە - يارەدەمدىن | 50.000.000 | 23 | پاسولكا خىراجىتى | 20.000.000 |
| 24 | دېپوزىت (قىزىل رەقەم) | 101.357.000 | 24 | ھەربىي خىراجەت | 1.879.106.000 |
| 25 | | | 25 | | |
| 26 | ئومۇمىي جەمئىي | 2.780.389.000 | 26 | ئومۇمىي جەمئىي | 2.780.389.000 |

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە نازارىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئاخبارات ئېلان قىلدى:

1) «11 بىتىم» بويىچە ئۈچ ۋىلايەتتە ۋالىي مەھكىمىلىرى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىشىنچە ئىقتىساد ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇشى ياكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋالىي مەھكىمىلىرىگە ۋە 11 ماددىلىق بىتىم بويىچە 12.000 كىشىلىك ئالتە پولك قىلىپ قايتا تەشكىل قىلىنىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بېرىدىغان خىراجەتنىڭ ئورنىغا سەرپ قىلىنىشى كېرەك.

2) ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋە مال - مۈلۈك ئەھۋالى:

(1) خەلقتىن ئۆتنە ئېلىنغان پۇل: 1 مىليارد 768 مىليون 250 مىڭ دوللار؛

(2) ھۆكۈمەت قەرز ئالغان مال - مۈلۈكنىڭ پۇلى: 337 مىليون 309 مىڭ 100 دوللار؛

(3) قەرز ئېلىنغان باشقا پۇللار: 1 مىليارد 60 مىليون 80 مىڭ دوللار؛

(4) تارقىتىلغان ۋاقىتلىق پۇل چېكى: 477 مىليون دوللار لىق؛

(5) ئۆتنە ئالغان پۇل: 1 مىليارد 786 مىليون 308 مىڭ دوللار.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا

ھېچقانچە نەق پۇل قالمىغان. شۇنىڭدەك، قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە ھەربىي ۋە مەمۇرىي چىقىملارنى ھەل قىلغاننىڭ سىرتىدا، كۆپلەپ ئىقتىساد ۋە مال - مۈلۈك جۇغلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقى سانلار - خەلقتىن قەرز ئېلىنىپ مالىيە نازارىتىنىڭ دەپتىرىگە خاتىرىلەنگەن سانلار.

3. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىيارىدىكى نەرسىلەر ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلار بولغانىدى. بۇ مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىلى ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ چىقىمىنى قەيەر كۆتۈرىدۇ؟

(2) مىللىي ئارمىيىنىڭ تەمىناتىنى قايسى ئورۇن تەمىنلەيدۇ؟

(3) تارقىتىلغان پۇل چېكىنى قايسى ئورۇن مەسئۇل بولۇپ يىغىۋالىدۇ؟

(4) خەلقتىن ئۆتنە ئالغان قەرزلەرنى كىم مەسئۇل بولۇپ قايتۇرىدۇ؟

(5) ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ھەمدە مېيىپ بولغان ھەربىيلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

4. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ئۇلار بازلىق ھەربىي تەمىناتقا ۋە ۋاقىتلىق پۇل



چېكىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىغا مەسئۇل بولسىمۇ، قالغان ھېچقايسى مەسىلىگە مەسئۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسمىتىدا كۆرسىتىلگەن خىراجىتىنىڭ ئاران 30% تىنى بېرىدىغان بولغان. لېكىن، بۇمۇ ئانچە ئۇزاق داۋام قىلماي، توختاپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قولىدا بار ئىقتىسادنى ۋە مال - دۇنيانى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماسلىق ھەمدە ئۆتنە ئالغان قەرزلەرنى ۋاقتىنچە قايتۇرماسلىقنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقتىن ئۆتنە ئېلىنغان قەرزلەرنىڭ ھەر قاچان قايتۇرۇۋېلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 11 - ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ھېچقانداق باج - سېلىق ئالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتكە ھېچقانداق خىراجەت بەرمىگەچكە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ باج ئېلىۋەردى. باجنىڭ ئېلىنىش ئەھۋالى مۇنداق:

(1) تاپاۋەت بېجى، سودا - تىجارەت بېجى، تامۇژنا بېجى قاتارلىق باجلارنى باج ئورگانلىرى دائىم ئېلىپ تۇردى.

(2) بۇ باجلارنىڭ پۇللىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆسكەن باھا بويىچە ھېسابلانغاچقا، مالىيە كىرىمىمۇ خېلى كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي ئەھۋال ياخشىلاندى.

(3) 1947 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە تامۇژنا بېجى، سودا - سانائەت بېجى، سودا تاپاۋەت بېجى ۋە باشقا

بىاجىلاردىن كىرگەن كىرىم تۆت مىلىيادر 500 مىلىيون دوللارغا يەتكەن.

(4) 1947 - يىلى تۇياق بېجى ھېسابىغا ئېلىنغان ھەربىي ئات 2.500 تۇياق، قوي 40.000 تۇياق بولۇپ، پۈتۈن ئومۇمىي سوممىسى 925.000.000 دوللار بولغان.

5. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى كىرىم ئەھۋالىغا ئاساسەن، بەزى ئارتۇق مەبلەغلەرنى يېڭى قۇرۇلغان مۇئەسسەسەلەر ۋە ئورگانلارنىڭ خىراجىتىگە بۆلۈپ بەرگەن ھەمدە زۆرۈر كارخانا، ئورگانلارنى قۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلغانىدى. قارارىدا تۆۋەندىكى مەبلەغلەر كونكرېت كۆرسىتىلگەن:

(1) يېزا ئىگىلىك بانكىسى (تارباغاتاي، ئالتاي شۆبە بانكىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) غا 500 مىلىيون دوللار.

(2) قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە مېيىپ ھەربىيلەرگە نەپىقە بېرىش كومىتېتىغا 200 مىلىيون دوللار.

(3) مائارىپقا 50 مىلىيون دوللار.

(4) سەھىيىگە 20 مىلىيون دوللار.

(5) يەر - سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە 20 مىلىيون دوللار.

(6) شەھەر قۇرۇلۇشىغا 20 مىلىيون دوللار.

(7) نەشرىيات ئىشلىرىغا 50 مىلىيون دوللار.

(8) ياشلار تەشكىلاتىغا 20 مىلىيون دوللار.

(9) ئاياللار بىرلەشمىسىگە 500 مىڭ دوللار.

(10) مەھكىمىگە 2 مىلىيون 500 مىڭ دوللار.



يۇقىرىدىكى قارارنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

| | ئىلى ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1 | يېزا ئىگىلىك بانكىغا 255 مىلىيون 443 مىڭ | 114 مىلىيون 510 مىڭ | 369 مىلىيون 955 مىڭ |
| 2 | نەپىقە بېرىش كومىتېتىغا 243 مىلىيون 360 مىڭ | 36 مىلىيون 331 مىڭ | 279 مىلىيون 961 مىڭ |
| 3 | ئۈچكى ئىشلارغا 1 مىلىيارت 228 مىلىيون 800 مىڭ | 992 مىلىيون 40 مىڭ | 2 مىلىيارت 221 مىلىيون 360 مىڭ |
| 4 | مائارىپقا 20 مىلىيون | 12 مىلىيون دوللار | 32 مىلىيون 809 مىڭ |
| 5 | سەھىيىگە 2 مىلىيون 400 مىڭ | 6 مىلىيون | 8 مىلىيون 400 مىڭ |
| 6 | يەر - سۇ ئىدارىسىگە 171 مىلىيون 906 مىڭ | 3 مىلىيون | 6 مىلىيون 700 مىڭ |
| 7 | شەھەر قۇرۇلۇشىغا 15 مىلىيون | 3 مىلىيون | 18 مىلىيون |
| 8 | ياشلار تەشكىلاتىغا 11 مىلىيون 540 مىڭ | 4 مىلىيون 500 مىڭ | 16 مىلىيون 40 مىڭ |
| 9 | ئاياللار بىرلەشمىسىگە 3 مىلىيون 560 مىڭ | 1 مىلىيون 500 مىڭ | 6 مىلىيون 26 مىڭ |
| 10 | مەھكىمىگە 11 مىلىيون 170 مىڭ | 10 مىلىيون 967 مىڭ | 22 مىلىيون 437 مىڭ |
| 11 | سانائەت بانكىسىغا 33 مىلىيون 623 مىڭ | 8 مىلىيون 53 مىڭ | 43 مىلىيون 676 مىڭ |
| 12 | زاپاس: 329 مىلىيون 576 مىڭ دوللار | | 329,576,000 — |

ئىزاھات: ئالتاي ۋىلايىتىدە 55 مىلىيون نەق پۇل بار بولۇپ، ئۇنى ئالتاي يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

6. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ خام چوتىدىن ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىلىدىغان مەبلەغ ۋاقتىدا بېرىلمىگەچكە، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە ھەربىي ئىشلارغا كېرەكلىك خىراجەتلەرنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن يۆتكەپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە مېيىپ ھەربىيلەرگە نەپىقە بېرىش كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرقەدەر ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئۇلارغا خىراجەت تارقىتىپ بەردى. بۇ ئورۇنلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.

X

## ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئورگانلىرى خىراجىتىنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن پۇل سوراپ بىرنەچچە قېتىم دوكلات يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇ دوكلاتلارنى تەستىقلىمىدى ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە 1946 - يىلى 7 - ئايغا قەدەر بىر تىيىن پۇل بەرمىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي، مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىراجىتى ھەمدە ئۇلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن كېتىدىغان پۇل تۆۋەندىكى چارىلەر بىلەن ھەل قىلىندى:

1) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن 1946 - يىلى 7 - ئايدا بېرىلگەن ئاز - تولا پۇل ئىلى ۋىلايەتلىك بانكا ئارقىلىق كىرىم - چىقىم قىلىندى.



2) يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئورۇنلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن ئالغان پۇلى ئۆتنە ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىندى. ئورگانلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلمۇ ئۆتنە ئېلىنغان ھېسابتا بىر تەرەپ قىلىندى.

3) يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن مۇراجىئەت قىلىنغان بولسىمۇ، مەسىلە يەنىلا ھەل بولماي، ھېساباتتا قالايمىقان بولغاچقا، مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلار ئۆز خىراجىتىنىڭ ئاران 50% تىنى تاپشۇرۇپ ئالالايتتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ تولۇق بېرىلمەيتتى. شۇنىڭدەك، بۇ ئورگانلارغا نەق پۇل بېرىلمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا 5.300.000 دوللار، ھەربىي قىسىملارغا 4 مىليون 500 مىڭ دوللار بېرىلەتتى. 1946 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن ئاز - تولا پۇل بىلەن ھېچ نەرسىنى ھەل قىلغىلى بولمىغاچقا، ئارمىيە بىلەن ساقچىلارنىڭ بۇ خىراجىتىنى يەنىلا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىرلا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، باشقا خىراجەتلىرى ئۈچۈن 60 مىڭ يۈەن، جەمئىي 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن كېتەتتى. بۇنىڭدىن ۋالىينىڭ ئىش ھەققى 520 يۈەن، قوشۇپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى 2600 يۈەن، ئىش بېجىرىش خىراجىتى 9000 يۈەن، ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ ئىش ھەققى 26.000 يۈەن ئىدى. بۇ پۇللار ھەر ئايدا ئاتچوت قىلىنىپ تۇراتتى. 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن، يەنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋالىي مەھكىمىلىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە

ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق قىلىنغان ۋە بېرىشكە تېگىشلىك خىراجەتلەر ۋاقتىدا بېرىلمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن 1946 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق خام چوتى ئۈچۈن ئالىدىغان پۇلىنىڭ سانى مۇنداق ئىدى:

(1) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ 7 -، 8 -، 9 - ئايلارنىڭ خىراجىتى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن؛ (2) 10 -، 11 -، 12 - ئايلارنىڭ خىراجىتى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن؛ (3) ھەربىيلەرنىڭ خىراجىتى 336 مىليون يۈەن؛ (4) ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئورگانلارنىڭ خىراجىتى 487 مىليون 880 مىڭ يۈەن؛ (5) چەك پۇلىنى ئايرىۋاشلاش ئۈچۈن 477 مىليون يۈەن؛ ھەممىسى بولۇپ 6 مىليارد 426 مىليون 42 مىڭ يۈەن بولاتتى.

لېكىن، شۇنچىۋالا خام چوتقا ئاران تۆۋەندىكىچە پۇل بېرىلگەن:

(1) مەمۇرىي خىراجەت ئۈچۈن 1 مىليارد 501 مىليون 971 مىڭ 570 يۈەن؛ (2) ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن 249 مىليون يۈەن؛ (3) پارچە خىراجەت ئۈچۈن 25 مىليون يۈەن؛ (4) كىيىم - كېچەك خىراجىتى ئۈچۈن 210 مىليون يۈەن. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە 4 مىليارد 430 مىليون 70 مىڭ 130 يۈەن قەرزى قالغانىدى. بۇ ھېسابنى ئىنقىلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كىشى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ھەل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى مالىيە - ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا چارىسىنى تېپىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بارلىق خىزمەتلەرنى بۇرۇنقىدەك بېجىرىشكە باشلىدى.



× × ×

1947 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 ماددىلىق بىتىمنى بۇزغاندىن كېيىن، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىن چېكىنىپ چىقىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى ۋە تەڭشەپ، رەتكە سالدى؛ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشلارنى ئۈنۈملۈك يولغا قويدى. ئەڭ ئاۋۋال ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ھەيئىتىنى تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ قۇرۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادى نىسپىي مۇقىملىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي خىزمەتلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، كىرىم كۆپەيتىلدى؛ چىقىم مۇمكىنقەدەر ئازايتىلىپ، ئارتۇق خىراجەتلەرنى قىسقارتىشقا ئوخشاش ھەر خىل تەدبىرلەر قوللىنىلدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرى سودا - تىجارەت خىزمىتىنى جانلىق ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت سودىسىنىڭ شەخسىي سودىگەرلەرنى يۆلەش ۋە ئۇلار بىلەن دوگوۋور تۈزۈپ ئالدىن ئاۋانس بېرىش ئىشلىرىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت سودىسى بولسۇن ياكى شەخسىي سودا بولسۇن، تېز راۋاجلاندى؛ شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتى بىلەن ياكى چېگرا سودىسى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قىلىشىغا كەڭ يول ئېچىلدى، ئۇلار تامۇژنا بېجى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك باجلارنى تولۇق تۆلىسىلا بولاتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بەزى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىنى قەتئىي چەكلىدى. بىر قېتىم كادىرلار چوڭ يىغىنىدا مۇنداق ئەھۋالنى تەنقىد قىلىپ: «ئەگەر ئىدارىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئورگان خادىملىرىنىڭ شەخسىي سودا قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن «11 بىتىم»دە، مىللىي ئارمىيىنى 12 مىڭ كىشىلىك ئالتە پولك قىلىپ (قىسقارتىپ) تەشكىل قىلىش كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي كۈچ بىلەن خىرىس قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىتاتى قايتىدىن 26.500 كىشىلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى؛ ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئېلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئېلىنىدىغان تۇياق بېجى كىرىمى تولۇق بۇيرۇپ بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۇياق بېجىغا ئېلىنىدىغان 250 مىڭ قوي، 10.500 دىن ئارتۇق كالا ۋە قويىي تۇشمايدىغانلاردىن ئېلىنىدىغان نەق پۇل قاتارلىقلار ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلار بۇ قوي، كالىلارنى سوۋېت چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن تۈرلۈك سانائەت تاۋارلىرىنى ئالىدىغان بولدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنى يەنە تەرەققىيات شىركىتى قوشۇمچە تەمىنلەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تىيىن ياردىمىسىز، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئازادلىققا قەدەر تولۇق تەمىنلەپ كەلدى. دېھقان - چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، دېھقانلارغا



ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، بانكىدىن ئۆسۈمسىز ياكى تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىش، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۇرۇقلۇق ئاشلىق قەرز بېرىش، ئىشلەپ چىقىرىلغان ئاشلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى نورمال باھا بىلەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى؛ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېشىپ كۆپىيىپ، 1948 - يىلىدىلا ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 10.8% ئۆستى، چارۋا سانى كىشى بېشىغا سەككىز تۇياقتىن توغرا كەلدى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 235 - قارارىغا ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنۋانى ئومۇميۈزلۈك بىر دەرىجە كۆتۈرۈلدى؛ ئىش ھەققى بىر ھەسسە، باشقا تەمىناتلىرىمۇ مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى؛ جەڭچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 50% ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ خىراجەت سەرپ قىلىندى.

## XI

## ئالتاي ۋىلايىتىنى ئوسمان باندىتتىن قايتۇرۇۋېلىشقا كەتكەن خىراجەت

ئوسمان باندىت 1947 - يىلى 17 - سېنتەبىر كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋىلايەتنىڭ مەركىزى سارسۇمبە (ئالتاي شەھىرى)نى بېسىۋالدى. گېنېرال دەلىلقان باشلىق ئالتاينىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي باشلىقلىرى 24 -

سېنتەبىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق چۆچەككە يېتىپ كەلدى، دەرھال مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەجلىس ئېچىلىپ، ئالتايني ئوسمان باندىتلىرىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئالتايغا ياردەم بېرىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تەشكىلىي تەييارلىققا كىرىشىلدى، ئەڭ ئاۋۋال مىللىي ئارمىيىنىڭ چۆچەك بىلەن دۆربىلجىندە تۇرىدىغان 3 - ئاتقۇچى پولكى ئاتلىق پولكقا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلارغا ئات ۋە ئېگەر - توقۇم ھازىرلاپ بېرىلىپ، ئۇلار ئالتايغا ئاتلاندۇرۇلدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمىل چېگراسىدىن چۆچەككە ئۆتۈپ كەلگەن 40 دانە «ئۇرال — زىس» ئاپتوموبىل بىلەن 500 دەك ئەسكەر ئالتايغا ياردەمگە ماڭدۇرۇلدى. ئاندىن تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى-نىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقى، سابىق جىمنەي پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان پولكوۋنىك خوجا-ئەخمەت سىلامۇۋ باشچىلىقىدىكى 1500 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتىگە دۆربىلجىن ياشلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 200 ئاتلىق پارتىزان ئەترىتى قوشۇلۇپ، ئالتايغا ئاتلاندۇرۇلدى؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پولك ئەسكىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورغاس چېگرىسى ئارقىلىق ياردەمگە كەلگەن 70 تەك يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن قۇبۇققا يەتكۈزۈلۈپ، ئۇ يەردە ئاتلىق قىسىمغا ئۆزگەرتىلىپ، ئالتايغا يولغا سېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال دەلىلقاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، رۇس خەلقىدىن بىر دىۋىزىيون (460 تەك) ئەسكەر ئېلىنىپ، ئۇلار ئات - ئۇلاق، قورال - ياراق بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپ، ئالتايغا يولغا سېلىندى؛ ھەربىي سەپتىن قايتقان 960 كىشى قايتىدىن ئەسكەرلىككە چاقىرتىلىپ، مىللىي ئارمىيە قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ خىراجەت-لىرىنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ئىدارىسى



چىقىم قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارغا 2300 باش ئات، 2300 دىن ئارتۇق ئېگەر - توقۇم، 1000 باش ئۆكۈز، 600 توننا ئاشلىق، 6400 پۇت سۇلۇ، 500 دىن ئارتۇق گۆرجەك - كەتمەن، ھەربىي مەتلۇبات ئىدارىسىدىن 4000 قۇر قىشلىق كىيىم، 300 دىن ئارتۇق تۆگە ياردەم بېرىلدى، دېمەك، تارباغاتاي خەلقى قېرىنداش ئالتاي خەلقىگە بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن ياردەم بەردى.

1947 - يىلى 26 - سېنتەبىر كۈنى ھەممە قىسىم قۇبۇققا يىغىلىپ، ئالتايغا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، جۇملىدىن سار-سۇمبە شەھىرىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئوسمان باندىتلىرى بىلەن بىرنەچچە مىڭدەك گومىنداڭ قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقاردى. باندىت ئوسمان ئالتايدىن قاچار ۋاقتىدا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى خەلقتىن 3700 ئائىلە (17 مىڭ 800 كىشى)، 62 مىڭ قارامال، 152 مىڭ ئۇششاق مال (قوي) نى زورلۇق بىلەن بۇلاپ، پۇقرادىن 60 تىن ئارتۇق ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ كەتكەن. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ياردىمى بىلەن، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە بىر قىسىم مۇھىم مالىيە ئورۇنلىرى (مالىيە، سودا، بانكا قاتارلىق ئورۇنلار) نىڭ 2 مىليارد 950 مىليون دوللارلىق مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالتاي ۋىلايىتىگە جەمئىي 13 مىليارد 610 مىليون دوللارلىق زىيان سالغان.

ئالتاي ۋىلايىتى باندىت ئوسماندىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، باندىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن قالايمىقانچىلىقتا ۋەيران بولغان ئىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلقنى تىنچلاندۇرۇپ خاتىرجەم قىلىش، ئىدارە - ئورگانلارنى تەرتىپكە سېلىش ياكى قايتىدىن قۇرۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، جەمئىيەت تىنچ ۋە مۇقىملىققا

يۈزلەندى. 1948 - يىلى 10 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال دەلىلقان يېڭىدىن قۇرۇلغان ئالتاي ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلىغىنى ئايرىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە بۇيرۇق چۈشۈردى:

1. ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ھېسابىدىكى ئۆسۈم بېرىلىدىغان چارۋا - مال، ئىسكىلاتتىكى ئاشلىق، يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى يېڭى قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلىغى قىلىنىدۇ.

2. مالىيە باشقارمىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ھېسابىدىكى 3000 تۇياق ساغلىق قوي، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، «تەرەققىيات» شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قالغان چارۋىنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلىغى قىلىنىدۇ.

3. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ھېساباتىدا ئەسلىدىن بار بولغان تاشقى پېرېۋوت، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە تىرىك چارۋىلار، توختام بويىچە قايتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك پۇللار يېڭى قۇرۇلغان سودا باشقارمىسىنىڭ مەبلىغى قىلىنىدۇ.

4. ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى بىلەن يېڭى قۇرۇلغان سودا باشقارمىسى ئارىسىدىكى مەبلەغنى تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.



## XII

## ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە، مەيلى ھۆكۈمەت سودىسى بولسۇن ياكى خۇسۇسلار سودىسى بولسۇن، خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان تاشقى سودىنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېكسپورت - ئىمپورت بېجى، سودا - سانائەت بېجى، ھۈنەر - كەسىپ بېجى ۋە دېھقان - چارۋىچىلىقتىن ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ كىرىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل چېكى ھېسابىغا تەخمىنەن 10 مىليارد دوللارغا يەتكەن. 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۈرۈمچىگە تۈرلۈك سانائەت ماللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغان. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا تۈرلۈك سانائەت تاۋارلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدا ئالغان؛ بۇنىڭدىن دۆلەتكە كىرىدىغان باج كىرىمىمۇ كۆپەيگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى بارلىق كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تاشقى سودىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ياخشىلىغان. مەسىلەن، 1947 - ۋە 1948 - يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ ئۆزىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 50 مىڭ تۇياق قوي، 1500 تۇياق كالا، 300 باش تۆگە، 1500 توننا قوي يۇڭى، 150 مىڭ پارچە قوي ۋە كالا تېرىسى، 50 مىڭ

پارچە ئەلتىرە ئېكسپورت قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمـ
چىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئابدۇقادىر راخمانوۋ ئارقىلىق ئۈرۈمچى،
قاراشەھەر ۋە قۇمۇللارغا چاي، تۈرلۈك سانائەت ماللىـرى ۋە
زاۋۇت قەغىزى قاتارلىق تاۋارلارنى ئەۋەتىـپ، 300 تـوننـا
قوي يۇڭى، 15 توننا خام يىپەك، 16 توننا قۇرۇق ئـۈزۈم،
بىر قانچە توننا قۇرۇق مېۋە سېتىۋېلىپ چۆچەككە ئېلىپ كېلىپ،
ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۇ-
نىڭ بەدىلىگە پاختا رەخت، يىپەك رەخت، يۇڭ رەخت، چاي،
شېكەر، قەنت، غالتەك يىپ، سەرەڭگە، تەييار كىيىم، يىـپىزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى، بېنزىن، كىرسىن قاتارلىق تاۋارلارنـى
ئىمپورت قىلىپ، ئاندىن بۇ تاۋارلارنى ھەربىر ناھىيىلەردىكى
شۆبە شىركەتلىرى ئارقىلىق سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالغـان ۋە
دۆلەتكىمۇ نۇرغۇن باج تاپشۇرغان.

1949 - يىلى دېھقانچىلىقتىن مـول ھـوسۇل ئېلىنغا-
نىدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن «تەرەققىيات» شىركىتـى
دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى سېتىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 12 مىڭ
توننا بۇغداي ئېكسپورت قىلغاندىن باشقا، شەخسىي سودىگەر-
لەرمۇ 2000 توننا بۇغداي ئېكسپورت قىلغان.

1949 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ «تەرەققىيات» شىركـىتـى،
گـرازدانلار جەمئىيىتى، موڭغۇل سودا جەمئىيىتى، خۇسۇسىـي
سودا شىركەتلىرىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتـۇق شـەخسىي
سودىگەر «سو - سىن تورگ» (سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىـ
تى) بىلەن ئـۈچ ۋىـلايـەت پـۇل چېكى ھېسابىغا 102 مىلـ
يارد 424 مىليون دوللارلىق سودا ئوبوروتى قىلىشقان. بۇنىڭ
ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان تۈرلۈك تاۋارلار 77 مىليـارد 940
مىليون دوللارلىق بولۇپ، بۇنىڭدىن چەت ۋىلايەت - ناھىيىـ
لەرگە 24 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق تۈرلۈك تاۋار چىـ
قىرىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىـ



نىڭ رەھبەرلىكىدە بەش يىل ئىچىدە، دېھقان - چارۋىچىلىق،
سانائەت، ھۈنەر - كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشلىرى تۈرلۈك چارە-
تەدبىرلەر بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، خەلق تـۇرمۇشـى زور
كۆچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ئەھـۋال خېيلـى
ياخشىلاندى ۋە زور نەتىجىلەر قازىنىلدى.

× × ×

غۇلجا ۋە چۆچەكتە سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيەتلىـرى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سودا تىجارىتى ۋە سودا دۇكانـ
لىرى بار ئىدى. ئۇلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتى
بىلەن سودا قىلاتتى. ئۇلار بانكا بىلەن پەقـەت كـەسـپـىـي
جەھەتتىلا مۇئامـىلە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى بـىلەنـمۇ
سودا ئالاقىسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئابلىز موسايوۋقـا
ئوخشاش چوڭ سودىگەرلەرنىڭمۇ ئۈرۈمچىدە دائىملىق سودىسى
بولۇپ، ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلاتـ
تى. 1948 -، 1949 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە زاۋۇت قەغـىزى
كەم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېھتىياج كۆپىيىپ كەتكەن، بولۇپمۇ سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ھەم سـۇپـەتـلـىك ئاق
قەغەزگە بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۆپ ئىـدى. گـومـىـنـداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى قەغەز پۇل بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تـولـىـمۇ
ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا، چوڭ سودىگەرلەر ئۈچ ۋىلايەتـتىـن
ئۈرۈمچىگە 100 توننىدىن 150 توننىغىچە قـەغەز يـۆتـكـەپ
ئاپىرىپ، ئۇنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئەڭ يۇقىـ
رى باھا بىلەن سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ھەر خىل خام ئەشيـا،
چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالتۇن - تىللالارنى سـېـتـىۋالاتـتـى؛
ئاندىن بۇ خام مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېـكـسـپـورت
قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەر خىل سانائەت ماللىرىنى ئىمپورت

قىلىپ، ئۇنى يەنە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، سودا ئوبوروتىنى كۆپەيتىش بىلەن بايلىق ئاشۇراتتى. مەسىلەن: 1949 - يىلى ئەتىيازدا، مۇئاۋىن ۋالىي ئالىمجان ھېكىمبايوۋ شائەكبەر دېگەن كىشى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يوشۇرۇن ھالدا 15 تۇننا قەغەز ئەۋەتىپ، مۇسابايوۋلاردىن 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئەلتىرە ۋە 300 سەردەك ئالتۇن سېتىۋېلىپ چۆچەككە ئېلىپ كەلگەن. ئاندىن ئەلتىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىپ، كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن؛ ئالتۇننىڭ بىر قىسمىدا زىننەت ئەسۋابى ياسىتىپ ئۆزى ئىشلەتكەن، 20 سەر ئالتۇندا بەش دانە تاماكا قۇتىسى ياسىتىپ سوۋېتلىك كىشىلەرگە تەقدىم قىلغان (ئۇ كۆرۈنۈشتە تاماكا قۇتىسى، ئەمەلىيەتتە ئالتۇن ئىدى)، قالغان ئالتۇننى بىرقانچە كىشى بۆلۈشۈۋالغان. ئالىمجان 1952 - يىل 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتەر ۋاقتىدا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە 12000 تۇياق قوي سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا شاڭخەيدىن نۇرغۇن گاباردىن سېتىۋېلىپ، باج تۆلىمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتكەن؛ ھەتتا قويلىرىنى مالىيە نازارىتىگە تولۇق ئۆتكۈزۈپ بولماي تۇرۇپ، قار بېسىپ ئۆلگەن 1000 تۇياقتىن ئارتۇق قويغىمۇ پۇل ئالغان.

## XIII

## تارباغاتاي «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ھېسابلانغان ئىلى «تەرەققىيات» شىركىتى 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە 3



مىليون 550 مىڭ تاۋارنى رۇبلى جۇغلانمىسىغا ئىگە بولغانىدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «تەرەققىيات» شىركىتىنىڭ سودىسى ۋە جۇغلىغان پۇلىمۇ ئۇنىڭدىن كەم قالماي، 2.5 مىليون تاۋارنى رۇبلىدىن 3 مىليون تاۋارنى رۇبلىغىچە جۇغلانمىغا ئىگە بولادى. دېمەك، ئۇمۇ مالىيىدە ئېشىنچە زاپاس پۇل ۋە زاپاس تاۋار ئىسكىلاتىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، چۆچەك ۋىلايىتى مەخسۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل چېكى ھېسابىغا 2 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق بىرقانچە يول ماشىنىسى بىلەن تۈرلۈك سانائەت ماللىرى، ھەرخىل تاۋار، ئاشلىق ۋە چارۋا مال ئەۋەتىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سورىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات شىركىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىن قالغان 3 مىليارد پايلىق (قانۇنلۇق پۇل) تاۋار مالنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىڭلەننىڭ باشچىلىقىدىكى مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مالىيەسىدىن ھەربىر ۋىلايەتكە مەلۇم ساندا فوند قالدۇرۇپ، قالغان تاۋارلارنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تاۋارلار ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇنىڭ پۇلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل چېكى ھېسابىدا 25 مىليارد، رۇبلى ھېسابىدا 2 مىليون 500 مىڭ تاۋارنى رۇبلى بولاتتى (يالغۇز

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 1 مىليون تاۋارنى رۇبلىلىق سانائەت مېلى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن). بۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇلاپ - تالاپ ۋەيران قىلغان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەسىنى تۇرغۇزۇشقا خېلى چوڭ تۆھپە قوشتى، ئېسىمدە قېلىشىچە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ماللارنى 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۇخەيدۇڭ ئۆتكۈزۈۋالغان ئاپتوموبىل ۋە يۈزلىگەن تۆگە چاقلىق ھارۋا بىلەن بىر نەچچە قېتىم توشۇپ ئېلىپ كەتكەن. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سودىسى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇ سودىغا خېلى ئېتىبار بېرەتتى. يالغۇز تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلىشقان ماللىرىنىڭ سوممىسى 1947 - يىلى 6 مىليون تاۋارنى رۇبلىلىق، 1948 - يىلى 8 مىليون 500 مىڭ تاۋارنى رۇبلىلىق، 1949 - يىلى 10 مىليون تاۋارنى رۇبلىلىق بولغان.

1950 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنغان خام مال، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون تاۋارنى رۇبلىلىق بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 46% تىنى تەشكىل قىلغان.

تارباغاتاي ۋىلايىتى 1950 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋاقتىدىكى بەش يىللىق كىرىم - چىقىملىرىنى ۋە ئېشىنغان مەبلەغلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتتى:



**تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1945 - يىل 8 - ئايدىن 1950 - يىل 8 - ئايغىچە مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى**

بىرلىكى: دوللار (پۇل چىقى ھېسابىدا)

| يىللار | كىرىم | چىقىم | قالدۇق (ئېشىنچە) |
|---|---|---|---|
| 1945 - يىل | 201.727.379 | 76.232.415 | 125.494.964 |
| 1946 - يىل | 592.169.940 | 317.850.867 | 274.315.073 |
| 1947 - يىل | 2.557.030.829 | 1.739.468.992 | 187.561.837 |
| 1948 - يىل | 15.394.215.917 | 11.852.358.056 | 3.641.857.861 |
| 1949 - يىل | 27.408.432.303 | 21.692.887.989 | 5.715.544.314 |
| 1950 - يىل | 28 871.730.397 | 27.990.540.000 | 881.190.397 |
| جەمئىي | 75.025.308.765 | 63.669.342.319 | 11.355.964.446 |

## XIV

### مالىيە - ئىقتىسادنى ياخشىلاش يولىدىكى كېيىنكى تەدبىرلەر

1949 - يىلى 5 - ئايدا ئىلىدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي ھەيئىتىنىڭ نۆۋەتتىكى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1949 - ۋە 1950 - يىللارغا قارىتىلغان مالىيە خام چوتى مۇزاكىرە قىلىنىپ تەستىقلاندى، ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە كىرىم - چىقىمغا دائىر مەسىلىلەر مۇزاكىرە

قىلىنىپ، بۇ خىزمەتنى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ يەكۈن چىقىرىش لازىملىقى كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يولداش ئابدۇكېرەم ئاباسوۋنىڭ 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپلىرى يىغىنىدا «بىزنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەمىز» توغرىسىدا سۆزلىگەن دوكلاتىغا ئاساسەن، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىتتىپاق ئاكتىپلىرى يىغىنلىرىنى ئېچىپ دوكلات بېرىش قارار قىلىنىپ، مېنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە دوكلات بېرىشىم، يولداش مۇقاشنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدە دوكلات بېرىشى بەلگىلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە پۇلنىڭ قىممىتى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكىگە قارىغاندا ئاساسەن مۇقىم بولدى. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى سودىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشىلاش ۋە ھەر خىل باج كىرىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش چارىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى زور خىراجەت ۋە چىقىملارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ھەل قىلدى. 1950 - يىلى 2 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئاساسىي پرىنسىپى ۋە پىكىرلىرى»گە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاقچىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. مۇشۇ قارار بويىچە، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەجلىس ئېچىلىپ، ئىككى خىل پۇلنىڭ سېتىۋېلىش قىممىتى خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك 16 خىل تاۋارنىڭ باھاسى بويىچە ھېسابلاش ئارقىلىق باھالاندى. باھالاش نەتىجىسىدە، ئۆلكە كۆمۈش پۇ-



لىنىڭ بىر يۈەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق پۇل چېكىنىڭ 1250 دوللىرىغا تەڭ قىلىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قارارنى 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 86 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق پۇل چېكىنى 1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىشنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق پۇل چېكىدىن 36 مىليارد 800 مىليون دوللار ئايرىۋاشلاندى ياكى يىغىۋېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق پۇل چېكى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلكە ئىچىدە پۇل تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن، ئۆلكە كۆمۈش پۇلىنىڭ بىر يۈەنى خەلق پۇلىنىڭ 0.35 يۈەنىگە ئايرىۋاشلاش 1952 يىلىغا قەدەر داۋاملىشىپ، ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدىكى بىرنەچچە خىل پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلۇش ئالدىدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بۇرھان شەھىدى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى سەيپىدىن ئەزىزى 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىرلەشمە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتتى:

1. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ، يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

2. ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت سودىگەرلىرى ھەرقايسى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئەركىن سودىگەرچىلىك قىلىشا بولىدۇ.

3. سودا شەكلى ۋە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ۋاقىتىنچە مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلىنىدۇ.

4. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرتۈرلۈك خىراجەتلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ھەر خىل تاۋار ۋە ماللارنى توشۇشتا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، يول ئاسراش خىراجىتى ئالسا بولىدۇ.

5. ئۈچ ۋىلايەت ياكى يەتتە ۋىلايەت ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان قەغەز پۇللارنى ئېلىپ يۈرۈپ سودا قىلىشقا بولمايدۇ.

6. بۇ بۇيرۇق تېلېگرامما ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىگە يەتكۈزۈلگەندىن تاشقىرى، ھەر قايسى جايلارغىمۇ ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىدۇ.

بۇ بۇيرۇق چىقىرىلغاندىن كېيىن، يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرنەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىسى ئەسلىگە كەلدى.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سودا خىزمىتى» ناملىق تەزكىرىسىنىڭ 2 ـ قىسمى؛

2. ئۈچ ۋىلايەت ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى.

3. «تارباغاتاي يەرلىك تەزكىرە خەۋەرلىرى» نىڭ 1 ـ سانى.

4. ئۈچ ۋىلايەت مالىيە نازارىتىنىڭ 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالي توغرىسىدا ئېلان قىلغان ئاخباراتى.



5. «سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا مۇناسىۋەتلىرى خاتىرىسى» نىڭ رۇسچە نۇسخىسى.

6. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار پېشقەدەم يولداشلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتنىڭ خاتىرىسى.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

مۇھەممەتقۇربان ئەزىزيارى

رايونىمىز شىنجاڭ ــ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز - پەس، كىلىماتى قۇرغاق، ھاۋاسى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن سۇ مەنبەسى خېلى مول، تەبىئىي شەرت - شارائىتى سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولۇپمۇ بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بىر ماكان. شىنجاڭدا چوڭ - كىچىك بولۇپ 721 دەريا بار، بۇنىڭ 318 ى جەنۇبىي شىنجاڭدا، 403 ى شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا. بۇ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇ مەنبەلىرى ئاساسەن تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى، پامىر تېغى، ئالتاي تېغى قاتارلىق تاغلاردىكى قار - مۇزلاردىن ۋە زېمىنگە ياغقان يامغۇر - يېغىنلاردىن ئىبارەت. بۇ دەريالاردىن يالغۇز ئېرتىش دەرياسىلا چەت مەملىكەتكە ئېقىپ چىقىپ كەتسىمۇ، قالغانلىرى پۈتۈنلەي ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ زېمىنىدا دائىرىسى 5·2 كىلومېتىردىن ئارتۇق



تەبىئىي كۆللەردىن 52 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئومۇمىي سۇ يۈزى 7 مىڭ 600 مو (500 دېسات*). بۇ كۆللەرنىڭ كۆپچىلىكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ قۇيۇلىدىغان ئورنىغا جايلاشقان تۇزلۇق ياكى يېرىم تۇزلۇق كۆللەر.

شىنجاڭدىكى دەريا ۋە كۆللەرنىڭ، ھەتتا دەريا، كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىدىن سىزىلىپ چىققان سۇلاردىن ھاسىل بولغان يېپىلما سۇلار ۋە بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان سازلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بېلىق ياشايدۇ. مەسىلەن، ئېرتىش، ئىلى، ئېمىل، چىڭگىل، قۇۋۇئېرتىش، بال ئېرتىش، بۇرچۇن، قىران، بۇرۇلتوقاي، قابا، بىلەزىك، تارىم، زەرەپشان، قاراشەھەر، كۆنچى دەريالىرىدىن؛ ئۇلۇڭگۇر كۆلى، باغراش كۆلى ۋە سايرام كۆلىدىن بېلىق چىقىدۇ. سايرام كۆلىگە 1979 - ۋە 1980 - يىللىرى ئېرتىش دەريالىرىدىن كارپ بېلىقى، ئوتتۇرا ئاق بېلىق ۋە كىچىك ئاق بېلىقنىڭ بېلىقچانلىرى يۆتكەپ كېلىنىپ ماكانلاشتۇرۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن قۇرۇلغان سۇ ئامبارلىرى 500 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 5 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىر، سۇ يۈزى 910 مىڭ مو؛ بۇ ئامبارلارنىڭ كۆپچىلىكىدە بېلىقچىلىق قىلىشقا بولىدۇ. دەريا، كۆل، سۇ ئامبارلىرى، يېپىلما سۇلار قوشۇلۇپ ئومۇمىي سۇ يۈزى 9 مىليون 760 مىڭ مو، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان سۇ يۈزى 4 مىليون 330 مىڭ مو كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ۋە تەبىئىي كۆللىرىدە ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك بېلىقلار سوغۇققا چىدامىلىق، تېز يوغىنايدىغان، ئاقسىل ۋە ماي ماددىسى كۆپ، گۆشى يۇمشاق ۋە مەززىلىك بولغاچقا،

* بىر دېسات ــ 15 مو

گەك ئۇستىمالچىلارنىڭ ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە.

رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ بېلىقچىلىق تارىخىنى ئەسلىسەك، 50 - يىللاردا پەقەت تەبىئەتكىلا يۆلىنىپ، دەريا - كۆللەردىكى ئەزەلدىن بار بېلىقلارنى سۈزۈپ يەپ كەلدۇق، يەنى پەقەت ئەۋلادلىرىمىز-نىڭ نېسىۋىسىنىلا يەپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇ ساھە-دە چوڭراق بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدۇق. بۇ هال 1958 - يىلىغىچە داۋاملىشىپ، بېلىق ئۇلاش (تۇتۇش) ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شۇنىڭدەك تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە بۇرۇلتوقاي دەرياسى ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىل-غان سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا پەقەت سۇدىن پايدىلىنىشنىلا ئويلاپ، بېلىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارالغانلىقتىن، 4 مىل-يون مو كۆلىمىدىكى لوپنۇر كۆلىگە سۇ قۇيۇلىدىغان مەنبەلەر ئۆزگەرتىلىپ كېتىپ، كۆلگە سۇ كىرمەي، شۇنداق زور بىر كۆل بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا قۇرۇپ كەتتى؛ كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدا زامانىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان مەزگىلدە، بېلىق يولى قويۇش ئەستىن چىقىرىپ قويۇلۇپ، باغراش كۆلىدىكى بېلىقلارنىڭ ئەتىيازدا كۆلدىن چىقىپ ئۇرۇقلىنىپ تۇخۇم تاشلاش مەيدانلىرى بۇزۇۋېتىلگەچكە، باغراش كۆلىدى-كى بېلىقلارنىڭ تەبىئىي هالدا ئۇرۇقلىنىپ كۆپىيىشىگە بۇز-غۇنچىلىق خاراكتېرلىك تەسىر يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، بېلىق بايلىقى كۆپىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بارغانسېرى ئازىيىپ، كۆلنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى يىلدىن يىلغا كېمىيىپ كەتكەن؛ ئۇلۇڭگۈر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بۇرۇلتوقاي دەرياسى يۇقىرىدىن تىزگىنلىنىپ، كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇ ئازىيىپ كەتكەن، كۆلنىڭ سۈيى تۆۋەنلەپ، كۆل ئەتراپىدىكى ۋە بۇرۇلتوقاي دەرياسى ۋادىسىدىكى بېلىقلارنىڭ ئۇرۇقلىنىپ، تۇخۇم تاشلاش مەيدانلىرى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىقلارغا



ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ يەردىكى بېلىقلارنىڭ تەبىئىي هالدا كۆپىيىشىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكەن.

1958 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئەۋزەل شەرت - شارائىتىدىن پايدىلىنىپ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىل-دۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ كەسىپنىمۇ خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بۇنىڭغا مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. 60 - يىللارغا كەلگەندە، مەركەزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، بېلىقچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشتە «باقمىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، بېقىش بىلەن ئۇلاش (تۇتۇش) نى تەڭ ئېلىپ بېرىش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرت - شارائىتى يار بەرگەن شەھەر، ناھىيە، گۇڭشېلىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ مەيدانلاردا دەسلەپ قېرىن-داش ئۆلكە، ناھىيە، شەھەرلەردىن قاراغۇق بېلىقى (چىڭ يۈ)، غوق بېلىقى (ئوتخور بېلىق — ساۋيۈ)، سوختا بېلىقى (لييەنيۈ)، چىپار سوختا بېلىقى (روگيۈ) قاتارلىق بېلىقلارنىڭ بېلىچانلىرى ئېلىپ كېلىنىپ، باغراش كۆلىگە سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرى، بېلىق كۆلچەكلىرىدە بېلىق بېقىش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا، قېرىنداش ئۆلكىلەردىن بېلىچان توشۇپ ئەكېلىپ، باغراش كۆلىدەك چوڭ سۇ يۈزىدە بېلىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، مۇنداق چوڭ سۇ يۈزىدە بايلىق مەنبە-سىنى ۋە تەبىئىي شەرت - شارائىتنى قوغداشنى ئاساس قى-لىپ، تەبىئىي نەسىللەندۈرۈشنى يولغا قويۇش، ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا بېلىچان قويۇپ بېرىشنى قوشۇمچە ئېلىپ

بىرىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىرتنىڭ پارتىيىگىلا پۈلەنگەندە تېخنىكا سەۋىيىمىز ئۆسمەي، مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىمىز بوغۇلۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭدەك، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن بېلىجانلار يۆتكەش جەريانىدىكى تېخنىكىلىق تەدبىر ۋە ئۇسۇلنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، جىسمانىي جەھەتتە بەزى زەربىگە ئۇچراپ، ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىش، ھەتتا بەزى جايلاردا تامامەن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىرخىل سورت تەكرار ئۇرۇقلاندۇرۇلۇۋەرگەچكە، كېيىن چىققان ئەۋلادلار ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەردى. بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بېلىقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، بېلىجانلارنى ئۆزىمىز يېتىشتۈرۈپ، بېلىقلارنى ئۆزىمىز سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا توغرا كەلدى.

دەل شۇ چاغدا، مەركەز بېلىجان ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆز يېرىدىن ماتېرىيال ئېلىش، ئۆز جايىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش، ئۆز يېرىدە بېقىپ ئۆستۈرۈش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قېرىنداش ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنىڭ سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قەشقەر شەھەرلىك بېلىقچىلىق مەيدانى، قەشقەر يېڭى شەھەر ياندۇما گۈڭشې بېلىقچىلىق دۈيى، غۇلجا شەھەرلىك بېلىقچىلىق مەيدانى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق 4 - دىۋىزىيىسى 50 - پولك بېلىقچىلىق دۈيى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا تەكرار - تەكرار سىناق قىلىپ ۋە تىرىشىپ ئىشلەپ، 1961 - يىلى كارپ بېلىقى (لىيۇ) نى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش سىنىقىدا غەلىبە قىلدۇق. مۇشۇ



سىناق غەلىبىسى ئاساسىدا، 1966 - يىلى غۇلجا شەھىرى جىرغىلاڭ بېلىقچىلىق مەيدانى، قەشقەر شەھەرلىك بېلىقچىلىق مەيدانى، ئاقسۇ كوناشەھەر بېلىقچىلىق مەيدانى، كورلا بېلىقچىلىق مەيدانى ۋە قەشقەر يېڭى شەھەر ياندۇما گۈڭشې بېلىقچىلىق دۈيلىرى ئاۋۋال يەرلىك كارپ بېلىقىنى، ئاندىن ئوق بېلىقى ۋە سوختا بېلىقلىرىنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ، كۆپلەپ بېلىجان ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدى. 1968 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسى (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بېلىقلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئىشىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىپ، بىرقانچە خىل بېلىقنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، بېلىقچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارالايدىغان، بېلىجانلار بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە رايونىمىز شىنجاڭنىڭ بېلىق تۈرلىرى بايلىقى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا 50 خىل بېلىق بارلىقى ئېنىقلىنىپ، زور مىقداردا بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەندى؛ ئاندىن ئۇلارنى باھالاش، ئانالىز قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق «شىنجاڭ بېلىق خىللىرى تەزكىرىسى» يېزىپ چىقىلدى. بۇ 50 خىل بېلىقنىڭ 21 خىلى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بېلىقلار ئىدى. «شىنجاڭ بېلىق خىللىرى تەزكىرىسى» گە شىنجاڭدىكى 50 خىل بېلىق ۋە ئاسىيادىكى بېلىق خىللىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلار ئالتە تۈر، ئون ئائىلە، 26 نەسىلگە بۆلۈپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى بېلىق خىللىرىنىڭ

ئومۇمىي ئەھۋالى تۇنجى قېتىم بىر قەدەر مۇكەممەل تونۇشتۇرۇلدى. شۇ مەزگىلدە، ئۇلۇڭگۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئېرتىشتىكى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە نەسىللىك بېلىقلارنى بۇ كۆلگە ئەكىرىپ كۆلدىكى بېلىق تۈرلىرىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بۇرچىن بازىرىدىن 73 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايىدا ئۇزۇنلۇقى 2.2 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئاستى كەڭلىكى تۆت مېتىرلىق بىر قانال قېزىلىپ، ئېرتىشنىڭ سۈيى كۆلگە باشلاپ كىرىلدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ھازىر بۇ كۆلنىڭ سۇ يۈزى كۆتۈرۈلۈپ، ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى. بېلىق تۈرلىرى كۆپەيدى. شۇ مەزگىلدە يەنە شىنجاڭدىكى يەرلىك نەسىللىك بېلىقلارنىڭ جايلىشىشىنى تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، يەرلىك بېلىقلاردىن ئېرتىش دەرياسىدىكى كارىپ بېلىقى، ئوتتۇرا ئاق بېلىق، كىچىك ئاق بېلىق، تاپان بېلىق، ئالابۇغا بېلىقلارنىڭ بېلىق بالىلىرى (بەش سۇڭلۇق بېلىق بالىلىرى) شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇلدى. يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ بېلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭ شارائىتىغا ماسلىشىپ ياخشى ئۆسمەكتە.

11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش، شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ساھەسىدىمۇ خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، يېزا-كەنتلەردە يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، يېزا-كەنتلەردىمۇ بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى بارلىققا كېلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس تەڭ ئاتلىنىشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. مۇشۇنداق تەڭ ئاتلىنىش چاقىرىقىنىڭ قوماندانلى-



قىدا «بېقىشنى ئاساس قىلىش» يۆنىلىشى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ «بىر مەيدان، ئۈچ پونكىت (سۇ مەھسۇلاتلىرى تەجرىبە مەيدانى: ① بېلىجان بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، ② تېخنىكىنى قانات يايدۇرۇش پونكىتى، ③ سۇ مەھسۇلاتلىرى مۇلازىمەت پونكىتى) لىك رولى جارى قىلدۇرۇلغان. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارغاندىن تاشقىرى، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە شەرت شارائىتى بىر قەدەر ياخشى كەسپىي ئائىلىلەر بىر قانچە يىل ئىچىدىلا 1500 گە يەتتى. بۇ كەسپىي ئائىلىلەر بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان سۇ يۈزى 29 مىڭ موغا، كەسپىي ئائىلىلەر ئۆزلىرى كولىغان بېلىق كۆلچەكلىرى 6500 موغا يەتتى.

80-يىللارغا كەلگەندە، ئۆتكەنكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، ئاۋۋال باغراش ناھىيىسىدىكى باغراش كۆلىدە، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى ئۇلۇڭگۇر كۆلىدە؛ ئاندىن ئەمەلىي ئېھتىياجغا ۋە شەرت-شارائىتقا قاراپ قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىلى، ئالتاي، بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە بېلىقچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ پونكىتلار ئاپتونوم رايونلۇق باش پونكىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1986-يىلى مەركەز ئېلان قىلغان بېلىقچىلىق قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ساغلام يۈكسىلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە قوشماقتا. ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، رايونىمىزدا سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىلا ئەمەس، جايلارنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ ئاساس قىلىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئىشلەش يولغا قويۇلدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى غوق بېلىقى (ئوتخور بېلىق) نى يارىتىپ ئىستېمال قىلىدۇ. لېكىن، ئىلگىرى بازار ئېھتىياجىنى ئەمەس، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىلا ئاساس قىلغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭدا غوق بېلىقى بىلەن بىللە قارا غوق بېلىقى، سوختا بېلىقى، چىپار سوختا بېلىقلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، خېرىدارلار يارىتىپ ئىستېمال قىلىدىغان غوق بېلىقلا سېتىلىپ، باشقا خىلدىكى بېلىقلار سېتىلمايدىغان، ئەمما جامائەتچىلىك يارىتىدىغان بېلىق يېتىشمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىش فاڭجېنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، جەمئىيەت ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى.

90 - يىللارغا كەلگەندە، بېقىشنى ئاساس قىلىش بېقىش، تۇتۇش، ئۆستۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ھەر جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەرقايسىسىدا ئۆزىگە خاس مۇھىم نۇقتا بولۇش، ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بويىچە ئىش كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولغا



قويۇلدى، بۇنىڭ رولى زور بولدى.

ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىلمىي تېخنىكىغا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭ ئۈچۈن زامانىۋى كەسپىي بىلىمگە ئىگە خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ، بېلىقچىلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى يىلدىن يىلغا ئاشتى. سەككىز بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ 390 مىڭ مو دائىرىدىكى بېلىق بېقىش كۆلچىكىگە جەنلى بېلىقى (شالغۇت بېلىق) نىڭ بېلىقچانلىرى سېلىنىپ، 150 نەچچە كۈن بېقىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى 130 گرامدىن 600 گرامغىچە ئاشتى؛ تاۋار بېلىقتىن 262 توننا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مو سۇ يۈزىدىن 672 جىڭدىن بېلىق ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۈنئىي كۆللەردىكى مو بېشى مەھسۇلات مىقدارىدىن ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، شۇ يىللىق ئۇرۇقلۇق بېلىقتىن تاۋار بېلىقى يېتىشتۈرۈشكە ئەمەلىي تەجرىبە يارىتىلدى ۋە كېلەر يىللىق باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

بېلىقچىلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى ئالاھىدە ياخشىلاندى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى. بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىگىلىكى مۇقىم روناق تاپقان كەسپىي ئائىلىلەر 4000 غا يەتتى. جۈملىدىن بېلىقچىلىقنى ئاساس قىلىپ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەردىن يۇقىرىسى 300 مىڭ يۈەندىن ئارتىپ 20 مىڭ، 10 مىڭ يۈەنگىچە كىرىم قىلغانلار

پارلىقا كەلدى. مەسىلەن، يەكەن ناھىيىسىدىكى كەسپىي ئائىلىلەردىن مەھەممەت ئوسمان ئەسلىدە بىر نامرات ئائىلە بولسىمۇ، 1982 - يىلىدىن باشلاپ بېلىق بېقىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ھازىر 300 مىڭ يۈەنلىك كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى. سانجى شەھىرىدىكى تۇججىبىي (خۇيزۇ)، دۇۋپىنجۇن (خەنزۇ) لەر ھەتتا 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دەسمايىگە ئىگە ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. دېمەك، بېلىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تاپقان كەسپىي ئائىلىلەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە شەھەر ۋە يېزىلىرىدا تېپىلىدۇ.

1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بېلىقچىلىقى داۋاملىق مۇقىم تەرەققىي قىلىپ، بېلىقچىلىقتىن شىنجاڭ بويىچە 6 - يىلىمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. «بېقىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى؛ چوڭ - چوڭ سۇ ئىشلىرى كۆللەردە بېقىشتىن ئىبارەت «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» پاتال ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ جايلار ئۈچۈن سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تېخنىكلار يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلدى؛ ئۇرۇقلۇق بېلىقچانلارنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچەيتىلىپ، شالغۇت بېلىق قاتارلىق ياخشى نەسىللەر كىرگۈزۈلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئامىمىنىڭ بېلىق بېقىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى؛ بېلىقچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ۋە «تەڭرىتاغ بېلىقچىلىق لوگوسى» نى تاللىتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە، 1991 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋار بېلىق 25 مىڭ 200 توننىغا



يېتىپ، 1990 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشتى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ 17 مىڭ 700 توننىسى بېقىش مەيدانلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، 1990 - يىلدىكىدىن 10.8% ئاشقان بولدۇ؛ تەبىئىي كۆل ۋە دەريالاردىن ئېلىنغىنى 7.500 توننا بولۇپ، 1990 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشقان بولىدۇ. 1991 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان 25 مىڭ 200 توننا مەھسۇلاتنى 1985 - يىلدىكى 9.235 توننىغا سېلىشتۇرغاندا 2.7 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان بولىدۇ. 1991 - يىلى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ ئېلىنغان بېلىقچانلار 1 مىليارد 70 مىليون تال بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 16.7 سانتىمېتىر (بەش سۇڭ) ئۇزۇنلۇقتىكىسى 2.500 توننا، بۇنى 1990 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشقان بولىدۇ. 1991 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپ چىقارغان تاۋار بېلىق 16 مىڭ 800 توننا، كوللېكتىپنىڭ 2.100 توننا، شەخسلەر (كەسپىي ئائىلىلەر) نىڭ 6.300 توننا. يىغىپ ئېيتقاندا، 1991 - يىلى بېلىقچىلىقتىن 1990 - يىلدىكى مۇقىم باھا بويىچە جەمئىي 100 مىليون 40 مىڭ يۈەن قىممەت يارىتىلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 0.7% تىنى ئىگىلەپ، تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى.

رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خۇبېي، جياڭسۇ، جېجياڭ، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، بېيجىڭ، دالىيەن، ۋۇخەن، ۋۇشى قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر كۆپ ۋە كۆرۈنەرلىك ياردەملەر قىلدى: (1) شىنجاڭدا ئەزەلدىن بار يەرلىك بېلىقلارنىڭ تۈرى ئاز ئىدى؛ بەزىسىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، كۆپەيتىشكە

يارىمايتتى. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان سۈپەتلىك ياخشى نەسىللەرنى رايونىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، رايونىمىزدا بېلىقچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشقا يار - يۆلەكتە بولدى. 1959 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا قارا غوق بېلىقى، غوق بېلىقى، سوختا بېلىقى، چىپار سوختا بېلىقى (زۇگيۇ)، دۆگىلەكباش بېلىق (ئۇچاگيۇ)، ئافرىقا تاپان بېلىقى (فېيجۇجيۇ)، ياپونىيە ئاق تاپان بېلىقى، تەيخۇ ئاق بېلىقى، قىزىل كارپ بېلىقى (خۇڭ لىيۇ)، مېگو بېلىقى، ئالتۇن بېلىق، تاتلىق سۇ ئاق بېلىقى، گاۋبەيۋا، چىجاۋگۇگيۇ، جېيەنلى (شالغۇت بېلىق) قاتارلىق يېڭى سورتلار كىرگۈزۈلۈپ، ۋە رايونىمىزنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىغا كۆندۈرۈلۈپ، نەسىللىنىشى ئوڭۇشلۇق، يوغىنىشى تېز بولدى. بۇ بېلىق تۈرلىرى رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك بېقىپ ئۆستۈرۈش نىشانى قىلىندى.

(2) بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا لازىملىق ماشىنا، سايمان، ھەر خىل تور، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە قاتارلىق ماددىي ماتېرىياللارنى داۋاملىق ياردەم قىلىپ تۇردى.

(3) سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپى ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان يېڭى ئىش بولغاچقا، بېلىقلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر بۇ تېخنىكىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىمىزگە ياردەم كۆرسەتتى. ئۇسۇل جەھەتتە، ئاۋۋال قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن تېخنىك ئىشچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىشچىلىرىمىزنى تەربىيىلىدۇق. ئاندىن قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئوتتۇرا مەلۇماتلىق ياشلىرىمىزنى ئەۋەتىپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تەربىيىلىدۇق.



(4) شاڭخەي، دالىيەن، بېيجىڭ، ۋۇخەن، ۋۇشى، سىچۈەن شەھەرلىرىدىكى مەخسۇس كەسپىي ئىنستىتۇت، ئالىي تېخنىكۇم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇملارغا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلاردىن قارارلىق ھالدا بىرقانچە نۆۋەت ئەۋەتتۇق. 1982 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا ھەر خىل سەۋىيىدىكى كەسپىي خادىملاردىن 500 گە يېقىنى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ياشلار بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

(5) رايونىمىز شىنجاڭدا سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن سۇ ھايۋاناتلىرى، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى يوق ئىدى. 1959 - يىلىدىن باشلاپ خۇبېي، جياڭسۇ، جېجياڭ، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا راك (پاڭشې)، قىسقۇچ بېلىق (جايۇ)، كالا پاقىسى (نيۇۋا)، بېيې، تاشپاقا قاتارلىق سۇ ھايۋاناتلىرى، نىلۇپەر يىلتىزى، سۇ ياڭقى، سۇ قاپىقى، بېجىق، پىلپىل گۈلى، سۇلۇق تېپچاق قاتارلىق سۇ ئۆسۈملۈكلىرى كەلتۈرۈلۈپ، بېقىپ ئۆستۈرۈلمەكتە. رايونىمىزنىڭ ياخشى سورتلۇق يەرلىك بېلىقلىرىدىن خۇگيەن، دۆڭفاڭ جىڭبيەن، قارا بېلىقلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى چىڭخەي، شەنشى، نىڭشيا، شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ بېرىلدى.

(ئاپتورى: سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مەھەممەت

# شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى رادىئو ئىشلىرى توغرىسىدا

ئىمىن غازى

XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى خەلقئارادا مەيدانغا كەلگەن تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، XX ئەسىرنىڭ 19 - ۋە 20 - يىللىرى ئامېرىكا، كانادا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە سابىق روسىيە ئەللىرىدە رادىئو ئىستانسىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ سىممىسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلۇشمۇ 1923 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەڭ ئاۋۋال شاڭخەيدە تۇنجى «چوڭ قۇرۇقلۇق خەۋىرى — جۇڭگو رادىئو شىركىتىنىڭ رادىئو ئىستانسىسى»، ئارقىدىن خاربىن، تيەنجىن، بېيجىڭ، نەنجىڭ، چۇڭچىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە رادىئو ئىستانسىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە مەركەزلىرى ۋە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە رادىئو ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى.

شىنجاڭدا 1935 - يىلى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق



قىلىۋاتقان دەۋردە، ياڭ دېلۇ باشلىق بولغان ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى «ۋېنمياۋ» بۇتخانىسى ئىچىدىكى جەنۇبىي يان ئۆيدە بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئاران 21 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بەك ئاددىي. سەككىز ۋاتلىق بىر سىملىق رادىئو ئاپپاراتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە ئىستانسا ئىچىگە ئورنىتىلغان جەمئىي 30 نەچچە رادىئو قوبۇللىغۇچ ۋە كانايلار بار ئىدى. بۇ ئىستانسا كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۆزى يىر دانە رادىئو ئاپپاراتى ياساپ ۋە سىرتتىن 200 نەچچە رادىئو قوبۇللىغۇچ، كاناي سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى. رادىئو ئاڭلىتىش دائىرىسىنى ئىدارىلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ھەربىي قىسىم، دوختۇرخانا، مەكتەپ، سودا - سانائەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسى ئارىسىغىچە يەيدىنپەي كېڭەيتتى. كاناي سانىنىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇپ، 1937 - يىلى 100 گە، 1939 - يىلى 775 كە يەتكۈزدى.

1941 - يىلى 12 - ئايدا، بۇ ئىستانسا قاتناش باشقارمىسىغا قاراشلىق تېلېفون ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باشلىقى ئالماشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ رادىئو تەشۋىقاتى شېڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى؛ ماشىنا، ئۈسكۈنە ۋە ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشقا تېخنىك شۆيىنخۇا مەسئۇل قىلىندى؛ رادىئوغا دائىر مۇھىم تەدبىرلەر ۋە پروگراممىلار شېڭ شىسەي تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. ئاۋۋالقى باشلىقنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئاڭلىتىشنىڭ راۋان بولماسلىقىدەك بەزى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن،

1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماشىنا - ئاپپاراتلار ئىشتىن توختىتىلىپ، رادىئو ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى؛ سىم يوللىرى رېمونت قىلىندى؛ سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى كۆپەيتىلىپ، كانايلار باشقىدىن ئورنىتىلدى؛ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى كۈچەيتىلىپ، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاڭلىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ چاغدىكى سىملىق رادىئو ئاڭلىتىشتا رادىئو ئاڭلىغۇچىلاردىن ھەق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىل شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دېگەن پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئارقىلىق سىياسىي دوكلاتلار بېرىلىۋاتقان، ۋەزىيەت توغرىسىدا سىياسىي نۇتۇقلار سۆزلىنىۋاتقان چاغ ئىدى. 1942 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» تىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى؛ ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ ئىستانسا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. 1943 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇلار ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاڭلىتىشنى بىر مەھەل توختىتىپ قويۇپ، رادىئو ئىستانسىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رادىئو ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتىنى قايتا باشلىدى.

1947 - يىلى يازدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى مورۇيىڭ ئۆلكىلىك



ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ مېڭچۈننىڭ نامىدا، قاتناش مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق 6 - رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىستانسىسىدىكى ۋۇشيا گېچىن، ۋېي فۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە تەييارلىق ئىشلىرىنى 6 - رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىشلەشنى، شۇ ئىدارىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىشنى، بۇنىڭدا 75 مېترلىق دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىن، 4000 كىلو گېرتسلىق تەۋرىنىشتىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى؛ ماشىنا - ئاپپارات سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا ئادەم ماڭغۇزدى.

1948 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى، گومىنداڭ قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا - تېلېگراف باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ۋېي فۇ ئۇنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋە ئىستانسا باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خىزمىتىگە 6 - رايون تاشيول ئىدارىسى ۋە باشقا ئورۇنلاردىن 17 نەپەر خادىم (ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تەرجىمان، بىرى ئۇيغۇر دىكتور) يۆتكەپ كېلىندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ مەيداننىڭ يېنىغا (ھازىرقى «تيانشان» مېھمانخانىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇدۇلىغا) جايلاشقان ئۈچ بورجەك ئورۇندىكى كىچىك مېھمانخانىنى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. بۇ ئىستانسا بىر تەرەپتىن سىناق تەرىقىسىدە خەنزۇ تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشنى يولغا قويدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن رەسمىي رادىئو ئىستانسىسى

قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى. 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلدى.

1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭنىڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىدىن رەسمىي ئاڭلىتىش بېرىلدى. گومىنداڭنىڭ رادىئو ئىستانسىسىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، شۇ كۈنى رادىئو ئاڭلىتىشنىڭ باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇراسىمغا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ مېڭچۈن رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى تەبرىك سۆزى قىلدى. شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سىگنال نامى «شىنجاڭ ئاۋازى — BYA»، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 42.55 مېتىر، قوللىنىلىدىغان تەۋرىنىش 7050 كىلوگېرتس قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇ ئىستانسىنىڭ ئىشخانا قورۇسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 968.45 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك كونا كىچىك بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىن بىر ئىشخانا دىكتورلار ئۈچۈن ستۇدىيە قىلىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئاۋاز - شەپە ئۆتكۈزمەيدىغان قۇرۇلمىلىرى يوق، ئۇسكۈنە - جابدۇقلىرى ئىنتايىن ناچار، تېخنىكىلىق سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، بۇ ئۆيدە غەيرىي ئاۋاز ياكى شەپە - شاۋقۇنلارنىڭ رادىئو سۆزگە ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىنتايىن تەس ئىدى. رادىئو تارقىتىلىش ئاپپاراتى قاتناش مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى 6 - رايون ئاشىيول ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىستانسىسىدا ئىشلىتىلگەن، ئامېرىكىدا ياسالغان «BC — 610» تىپلىق تېلېگرامما ئۇزىتىش ئاپپاراتىدىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان، تارقىتىش قۇۋۋىتى ئاران 350 ۋات



قىلىنىدىغان بىر دانە ئاپپارات بولۇپ، يەنە بىر دانە ئىنچىكە پولات سىملىق ئۈنئالغۇ ئاپپاراتى، توك توختاپ قالسا بىنزىن يېقىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ توك ھاسىل قىلىنىدىغان بىر دانە دۋىگاتېل ۋە بىر دانە ئاۋاز كۈچەيتىش ماشىنىسىدىن باشقا، زامانىۋى ئۈن ئېلىش ياكى ئاۋاز ئۇزىتىش ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. ئانتېننا شەھەر ئاھالىلىرى رايونىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئىستانسىدىن «D — 33» بەلگىلىك ئىككى دانە مىكروفون بىلەن كۈنىگە ئاران ئۈچ سائەت چامىسىدا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئاڭلىتىش بېرىلەتتى، دېمەك، ئۇنىڭ مۇقىم پروگراممىسى بولمىغاچقا، ھەر كۈنلۈك مەملىكەت، خەلقئارا ۋە ئۆلكە خەۋەرلىرى ئاڭلىتىلىدىغاندىن باشقا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئاندا - ساندا بېرىلىدىغان سىياسىي دوكلاتلار ياكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى سىياسىي نۇتۇقلار، گېزىت سەھىپىلىرىدىن ئوقۇش، قىسمەن ناخشا - مۇزىكا پىلاستىنكىلىرى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئاڭلىتىلاتتى. شۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئازادلىق تاڭنۇرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدەك ئىچكى - تاشقى شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن، شىنجاڭ رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ مەزمۇنىدا بىر قەدەر ئوبيېكتىپ بۇرۇلۇشلار بولدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئارمىيىدە مۇخبىرلىق خىزمىتى ئىشلەپ كەلگەن يەن گومىن بۇيرۇققا بىنائەن، شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا چىن خۋا باشلىق ئۈچ كىشى ھەربىي ۋەكىل بولۇپ كېلىپ، يەن گومىننىڭ ئورنىغا ئالماشتى. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي

خەلق ھۆكۈمىتى رادىئو ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى «شىنجاڭ ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسى «ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى»غا ئۆزگەرتىلدى. شۇ كۈنى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ رادىئو ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، رادىئونىڭ خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى قىزغىن تەبرىكلەندى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئى. ئەسقەرى.
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئاخباراتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق

مۆمىن سەپىرى

1944 - يىلى 7 - ئايدا غۇلجىدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلات شۇ يىلى 8 - ئايدا «ئۇچقۇن» ناملىق شاپىگراف گېزىتنى نەشر قىلدى. بۇ گېزىت كىچىك تۆت بەتلىك بولۇپ، «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ تەشۋىقات قورالى ئىدى. بۇ گېزىتتە دەسلەپ ھەبىب يۇنۇچى، ئېمىنجان ئابدۇرېشىت ئىمىنوپلار ئىشلىگەن. «ئۇچقۇن» گېزىتى مەخپىي نەشر قىلىنىپ، ئىلىنىڭ ھەممە ناھىيە، يېزىلىرى ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىگىچە مەخپىي تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ تۇنجى سانىغا «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ 19 ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى بېسىلغان، بۇ پروگرامما ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە ياشلارنى ئويغىتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان: مۇشۇ گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى بىلەن، قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغۇچىلار كۆپىيىپ، قوراللىق ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ سېپى بارغانسېرى كېڭەيگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۇيغۇر ۋە رۇس يېزىقىدا «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى تەسىس قىلىنىپ، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۇنىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتكە دەسلەپ ھەبىب يۇنۇچى مەسئۇل بولدى. ئۇ، 1945 - يىلى 1 - ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۈسەيىن ناسىرى مەسئۇل بولدى. زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، نۇرمەھەممەت بوساقوۋ، قاسىم پەرسايوۋ، قاسىم مۇسايوۋ، مەننان قېيۇم، ھۈسەيىن ھەسەن، تېيىپجان ئېلىيوۋ، م. نورۇزوۋ، خەمىت تۆھپى، ساۋۇت ئۆمەر، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ، خەمىت سۇلتان، تۇردۇش قاتارلىقلار مۇھەررىر، تەرجىمان، مۇخبىر، كوررېكتور بولۇپ ئىشلىدى. گېزىتنىڭ سىنزورلىقىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدىن مۇتەللىپ قاسىم كېۋىر نىيازلار قىلاتتى. بۇ گېزىتمۇ سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك ۋە كۈندىلىك قىلىپ نەشر قىلىنىپ، 1946 - يىلى 2 - ئىيۇلغىچە داۋاملاشتى. بۇ گېزىتكە دەسلەپكى چاغلاردا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنى كېلىشتۈرۈپ پاش قىلغان، خەلق ئاممىسىنى قوراللىق كۈرەش بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلغان باش ماقالىلىرى بېسىلىپ تۇردى. گېزىتنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى «تا. س. س» (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى) نىڭ خەۋەرلىرىدىن تەرجىمە قىلىناتتى. گېزىتكە يەنە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ۋە ئەمىر - پەرمانلىرى، مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ جەڭ خەۋەرلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى، يەرلىك مۇخبىرلارنىڭ خەۋەرلىرى بېسىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ «ئۆۋسۈش» نامىلىق ئەدەبىي سەتونى بولۇپ، ئۇنىڭغا ياش يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ھېكايە، شېئىر-



لىرى بېرىلەتتى.

1945 - يىلى ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات ۋە نەشرىيات ئىشخانىسى تەرىپىدىن «بىز - ئۇغرى ئەمەس، توغرى» ناملىق كىتابچە نەشر قىلىنىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى شەھەر، ناھىيىلەرگە تارقىتىلدى. بۇ كىتابچىنىڭ تەسىرى ۋە ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى.

1946 - يىلى 5 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال روھانىيلار گۇرۇھىنىڭ قولىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، ئىنقىلابنىڭ مېۋىلىرى قوغداپ قېلىندى، ئىنقىلابنىڭ توغرا يول بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ۋە پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

1946 - يىلى 2 - ئىيۇلدىن ئېتىبارەن «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى بولۇپ نەشر قىلىنىپ، بۇ گېزىتكە ئەسئەت ئىسھاقوۋ مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئېلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۇيغۇر سايرانى مەسئۇل مۇھەررىر، قاسىم پەرسايوۋ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ، 1949 - يىلى 12 - ئايغىچە ئىشلىدى. بۇ گېزىت 1948 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ چوڭ تۆت كەسلەملىك بولۇپ چىقتى. بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن ئابلىز نازىرى، تۇرغۇن ئالماس، تۇرسۇن ۋاھىدى، نىم شېھىت، ھۈسەيىن ئەبەيدۇللالار تەھرىر ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. باسما زاۋۇتى ۋە نابۇر بۆلۈملىرىدە ئىمىن موللا ھاجى، يار مەھەممەت، تۇرسۇن ئىمىن، ئابلەت سەمەت، ماخمۇت ئېلاجى، سېرگېي،

توختىبۇۋى، ئابدۇقادىر تۇردىلار ئىشلىدى.

1946 - يىلى 20 - دېكابىردا «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى مۇخبىرلىرىنىڭ نىزامنامىسى» تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى ۋە 64 فورماتلىق كىچىك كىتابچە قىلىپ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ «نىزامنامە» 7 باب، 30 ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باب: ئىسمى

1 - ماددا: «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» نىڭ ئەتراپىدىكى مۇخبىرلار «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» مۇخبىرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى باب: مەقسىتى

2 - ماددا: نەچچە مىڭلىغان قۇربانلىرىمىز بەدىلىگە كەلگەن 11 ماددىلىق پۈتۈمدىكى ھوقۇقلار ۋە شۇ پۈتۈم-گە ئاساسەن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆ-كۈمەتنىڭ «سىياسىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش پروگراممىسى» نىڭ ئەمەلدە يۈرگۈزۈلۈشى ھەق-قىدە خەلقىمىزگە تولۇق چۈشەنچە بېرىش.

3 - ماددا: خەلقىمىزنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى چىڭىتىپ، مىللەتلەر دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ۋە-تىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەلقچىلىق سى-ياسىتىنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارغا ئارىمىزدىن ئورۇن قالدۇرماسلىق.

4 - ماددا: مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ھەر جەھەتتىن ئارقىدا قالغان مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي سەنئەتنى ۋە



خەلقىمىزنىڭ ھەرخىل ئىجادىي ئويۇنلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەينىكى بولغان گېزىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش.

5 - ماددا: ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر ۋىلايىتى ۋە ناھىيىلىرىدىكى قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، دېھقانچىلىق، چار-ۋىچىلىق، سودا سانائەت، خەلق تۇرمۇشى ئەھۋاللىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش.

ئۈچىنچى باب: مۇخبىرلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرى

6 - ماددا: يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇ-رۇشنى بىرىنچى نىشان قىلىش.

7 - ماددا: يېزىلغۇسى خەۋەرلەرنى ئىنقىلاب ھۆججەتلىك يېزىشنى ئەستىن چىقارماسلىق.

8 - ماددا: تەنقىدىي خەۋەر ياكى ماقالىلەرگە يالغان ئەھ-ۋاللارنىڭ ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پاكىتلىق يېزىشنى شەرت قىلىش ۋە مۇنداق خەۋەر ياكى ماقالىلەرگە ئىسىم - فامىلىسى، ئادرېسىنى ئوچۇق يېزىش.

9 - ماددا: ھەربىر مۇخبىر بىر مۇھىم مەسىلىدىن خەۋەردار بولۇش؛ ئەگەر ئۇنى ئۆزى ئورۇنلاپ كېتىشكە ۋاقتى يار بەرمىسە، 2 - مۇخبىرغا ياكى گېزىت ئىدارىسىگە تېزلىك بىلەن مەلۇم قىلىپ، شۇ خەۋەرنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش.

10 - ماددا: مۇخبىرلارنىڭ قانچىلىك يېزىشى چەكلەنمەيدۇ؛ مۇخبىرلار شېئىر، ھېكايە ۋە خەۋەر يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، تۈرلۈك تېمىلاردا

ماقالىمۇ يېزىپ تۇرۇشى كېرەك.

11 ـ ماددا: ھەربىر مۇخبىرنىڭ ھەر ئايدا ئاز دېگەندە ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇننىڭ ھەربىر ساھەسى ئۈستىدە بىردىن خەۋەر يېزىپ تۇرۇشى شەرت.

12 ـ ماددا: بىر رايوننى، بىر ئىدارىنى ياكى بىر خىزمەتچىنى ئىككىنچى بىردىگە سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى، كەمچىلىكى ۋە ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

13 ـ ماددا: ناھىيىنىڭ تارىخىدا زالىمھاكىمدارلارتەرىپىدىن سېلىنغان زۇلۇم ۋە قىلىنغان ھاقارەتلەرنىڭ پاكىتلىرىنى سوراشتۇرۇپ بىلىپ، ھازىرقى ئەھۋال توغرىلىق يازغاندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش.

14 ـ ماددا: مۇخبىرلىرىمىز خەۋەر ياكى ماقالە يازغاندا، ئۇنى ئەدەبىيلەشتۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئورۇنسىز تەسۋىرلەردىن خالىي بولۇپ، مېغىزلىق ئورۇنلارنى تاللاپ يېزىشنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلىش.

15 ـ ماددا: مۇخبىرلار ھەر ۋاقىت تۇرمۇشنى ئۆگىنىشنى ئەستىن چىقارماي، تۇرمۇش تەسىرىدىن پايدىلىنىش، خىيالىي يېزىشتىن ساقلىنىش.

16 ـ ماددا: مۇخبىرلار ماقالە ياكى خەۋەر يازغاندا، تۈزىتىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىر قۇر ئاق تاشلاپ، قەغەزنىڭ بىر بېتىگە خۇش خەت بىلەن يېزىپ بېرىشى كېرەك.

يەتتىنچى باب: يېزىشقا تېگىشلىك تېمىلار

17 ـ ماددا: ئومۇمىي ئىشلار جەھەتتە.

18 ـ ماددا: مەكتەپلەر ئىشلىرى جەھەتتە.

19 ـ ماددا: ئىدارىلەر ئىشلىرى جەھەتتە.



(بۇ ئۈچ ماددىنىڭ تەپسىلى مەزمۇنى قىسقارتىلدى ــ ت)

سەككىزىنچى باب: مۇخبىرلار ھوقۇقى

20 ـ ماددا: گېزىت ئىدارىسى تەرىپىدىن تونۇلۇپ قولىغا شاھادەتنامە بېرىلگەن كىشىلەر «مۇخبىر» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ ۋە مەسئۇلىيەتلىك، شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مۇخبىرلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

21 ـ ماددا: مۇخبىرلار مۇخبىرلىق شاھادەتنامىسىنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئورۇنلاردا ئىشلىتىپ، باشقا ۋاقىتلاردا مەخپىي ساقلايدۇ؛ بۇ شاھادەتنامە بىلەن ھەر قانداق ئورۇنغا كىرىپ خەۋەر ئېلىشقا ھوقۇقلۇق.

22 ـ ماددا: شاھادەتنامىنى باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرسە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

23 ـ ماددا: مۇخبىرلارنىڭ يازغان خەۋىرى يالغان بولسا، سوت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ؛ گېزىتكە بېسىلغان توغرا ماتېرىيال ئۈچۈن مۇخبىرنى ھېچكىم ھەتتا ئىدارىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىشقا ياكى قاماپ قويۇشقا ھەقلىق ئەمەس.

توققۇزىنچى باب: مۇخبىرلارغا بېرىلىدىغان قەلەم ھەققى

24 ـ ماددا: مۇخبىرلارنىڭ يازغان ماقالە، خەۋەر، شېئىر، ھېكايە ۋە باشقىلىرىغا گېزىت ئىدارىسى ئۆز نىزامنامىسىگە ئاساسەن قەلەم ھەققى بېرىدۇ. ئەگەردە يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ مەزمۇنى ياخشى بولسىمۇ، گېزىتكە بېسىلماي قېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان بولسا، نىزامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، قەلەم ھەققىنىڭ بىر قىسمى

بېرىلىدۇ.

25 – ماددا: قەلەم ھەققىنى شەھەردىكى مۇخبىرلار ئۆزلىرى كېلىپ كاسسىدىن ئالىدۇ؛ چەت ناھىيىلەردىكى مۇخبىرلارنىڭكى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ ياكى پۇل ئورنىدا، مۇخبىرلارنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كىتاب – ژۇرناللار ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

يەتتىنچى باب: مۇخبىرلارنىڭ ئىدارىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

26 – ماددا: ھەربىر مۇخبىر ئۆز خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئىدارىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلايدۇ.

27 – ماددا: چۈشىنىلمىگەن مەسىلىلەرنى شەھەردىكى مۇخبىرلار ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ ھەل قىلالايدۇ؛ چەت ناھىيىلەردىكى مۇخبىرلار خەت ئارقىلىق، ئەگەر ئاشكارا مەسىلىلەر بولسا، گېزىت ئارقىلىق ئاڭلىتىدۇ.

28 – ماددا: زۆرۈر تېپىلغاندا گېزىت ئىدارىسى بارلىق مۇخبىرلارنىڭ باش قوشقان مەجلىسىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىلاۋە:

29 – ماددا: خىزمەت كۆرسەتكەن مۇخبىرلار ئەھۋالغا قاراپ تەقدىرلىنىدۇ:

1. گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىش.
2. گېزىت ئىدارىسى تەرىپىدىن ماددىي مۇكاپات بېرىش.
3. يۇقىرى ئورگانلار تەرىپىدىن مۇكاپات بېرىش توغرىسىدا گېزىت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلتىماس قىلىش.



30 – ماددا: بۇ نىزامنامە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.

1946 – يىل 20 – دېكابىر.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 1945 – يىلى 5 – ئايدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى «خەلق ئاۋازى» گېزىتى تەسىس قىلىندى. بۇ گېزىت ئۇيغۇر يېزىقىدا چوڭ تۆت بەتلىك بولۇپ، كۈن ئارىلاپ چىقىشقا باشلىدى. 1945 – يىلى 1 – نويابىرغىچە 73 سان چىقىپ، ئاندىن ئىككى بەتلىك كۈندىلىك بولۇپ چىقتى. گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇقادىر زۇنۇن ئىدى. گېزىتنىڭ خەۋەر – ماقالىلىرى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. گېزىتنىڭ «ئەدەبىيات تاگى» ناملىق قازاقچە سەھىپىسى بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە شېئىر ۋە ھېكايىلەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلگەن؛ ئايلىق تىراژى 850 تىن 900 گىچە بولغان. بۇ گېزىت 1949 – يىلى 4 – ئۆكتەبىرگىچە جەمئىي 1072 سان چىققان.

1946 – يىلى 2 – ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. ئۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، سەئىدۇللا سەيپۇللايوۋ مەسئۇل مۇھەررىر، زۇنۇن قادىرى ئەدەبىي مۇھەررىر، ئابدۇللا زاكىر، م. قاسىمى، ئە. ئىسھاقوۋ، نۇر بوساقوۋ، ئوسمان زىيام، ك. نىياز، ي.ت. تاھىرى، ئەلقەم ئەختەم، ي. سىدىق، م. ئىمىن، م. نورۇزوۋ، ت. ئىبراھىم، ياقۇپبەك، ئى. كېرىم، قۇرمانئەلى، كوررېكتور، م. ئوسمانلار تەھرىر ھەيئىتى بولغان؛ تىراژى 2000 غا يەتكەن. بۇ ژۇرنال 1948 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي

30 نەچچە سان نەشىر قىلىندى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى مەجلىسىنىڭ قارارى بويىچە، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى سېپىدىنىڭ ئۈچ يىللىق خىزمىتى جەريانىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت قىلغان خادىملارغا «تەشەككۇرنامە» ۋە «تەشكىلات نىشانى» ناملىق كۈمۈش مېدال تەقدىم قىلىندى. مەن شۇ چاغدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى كۈنەس كومىتېتى مەدەنىيەت - ئاقارتىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ خىزمەت قىلغانىدىم. قاتاردا مەنمۇ «تەشەككۇرنامە» ۋە 268 - نومۇرلۇق «تەشكىلات نىشانى» مېدالى ئالدىم.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن 1946 - يىلى 21 - سېنتەبىردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ھەپتىدە بىر چىقىدىغان بۇ گېزىت 1946 - يىلى 7 - دېكابىرغىچە 11 سان كىچىك تۆت بەتلىك بولۇپ چىقىپ، 1946 - يىلى 14 - دېكابىردىن باشلاپ چوڭ ئىككى بەتلىك بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. 1947 - يىلى 15 - فېۋرالدىن باشلاپ ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم بىر بەت رۇس تىلىدا ماقالە - خەۋەر بېرىپ تۇرۇلدى. بۇ گېزىتكە ئابلىمىت ھاجىيوۋ مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. بۇ گېزىت 1948 - يىل 29 - ئىيۇنغىچە جەمئىي 81 سان چىقتى. ئۇنىڭ تىراژى دەسلەپ 800، ئاخىردا 3190 بولغان، زاكاز 181 گە يەتكەن. «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتى 1948 - يىلى ئىيۇلدىن باشلاپ شۇ نامدا ئايلىق ژۇرنال بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. ھەجمى 16 فورماتلىق، 36 بەتلىك ئىدى. بۇ ژۇرنالنىمۇ ئابلىمىت ھاجىيوۋ مەسئۇل بولدى؛ ئەخمەتئەلى سېيىتبايوۋ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، تېپل مۇھەممەت، ئەخمەتوۋ، ئابابەكرى



ئوسمان، مىرزابېك، ئابدۇرېھىم سەئىدى، مۇغازام، جېكسېنباي ئىدىلوۋ، مۇنىرە ئابدۇللا تىپىپوۋالار مۇھەررىر؛ تىنىسبېك خوجىموۋ مەسئۇل كاتىپ، خەدىچە پولاتوۋا كوررېكتور بولدى. ژۇرنالنىڭ تىراژى 2300 گە يەتكەن. بۇ ژۇرنالنىڭ ماقالە، خەۋەر، ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلەتتى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن «تاڭ چولپانى» ناملىق قازاقچە ژۇرنال نەشىر قىلىنغان. ئەپسۇسكى، غۇلجا شەھىرىدىكى ئارخىپخانا، كۇتۇپخانىلاردىن بۇ ژۇرنالنىڭ بىرەر سانىنىمۇ تاپالمىدىم. بۇنى تولۇقلاشنى بۇ ژۇرنالنىڭ ئالتايدىكى ھەقدارلىرى ئورۇنلاپ كېتەر.

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست كۈنى ئىنقىلابنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجى بويىچە «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللىرى بىرلەشمىسىنىڭ نەشىر ئەپكارى «ئويغان» گېزىتى «ئىتتىپاق» مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ نەشىر ئەپكارى سۈپىتىدە 1948 - يىلى 21 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ «ئالغا» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىتكە سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل بولدى. مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ 1948 - يىلى دېكابىردا ئۆتكۈزۈلگەن 12 - سانلىق مەجلىسىنىڭ قارارىغا بىنائەن، «ئالغا» گېزىتى 1949 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ بىر كۈن ئۇيغۇر تىلىدا، بىر كۈن قازاق تىلىدا چىقىرىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، «ئىتتىپاق» نىڭ مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلگەندە، «ئالغا» گېزىتىمۇ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلۈپ داۋاملىق نەشىر قىلىندى. بۇ گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچىسى 1950 - يىلى ئىيۇنغىچە 350 سان، 888 مىڭ 780 نۇسخا؛ قازاقچىسى

1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 265 سان، 539 مىڭ 400 نۇسخا نەشر قىلىندى.

ئىتتىپاق مەركىزى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ نەشر ئەپكارلىرىدىن يەنە، موڭغۇلچە «ئەرك سىبىرىك» گېزىتىمۇ نەشر قىلىنىپ، كىچىك فورماتتا، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭ باش مۇھەررىرى داشجاپ ئىدى. بۇ گېزىت 1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 69 سان، 49 مىڭ 600 نۇسخا چىقىرىلدى؛ شىبە تىلىدىكى «سولپانى جىلغان» («ئەركىن ئاۋاز») گېزىتى كىچىك فورماتتا، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭ باش مۇھەررىرى جۇڭ چەن ئىدى. بۇ گېزىت 1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 74 سان، 38 مىڭ 960 نۇسخا چىقىرىلدى؛ خەنزۇ تىلىدىكى «مىنجۇ باۋ» گېزىتى كىچىك فورماتتا، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭ باش مۇھەررىرى چېڭ شىنخۇا ئىدى. بۇ گېزىت 1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 78 سان، 35 مىڭ 850 نۇسخا چىقىرىلدى؛ رۇس تىلىدىكى «دېموكرات» گېزىتى كىچىك فورماتتا، ھەپتىسىگە بىر ساندىن، 1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 39 سان، 17 مىڭ 260 نۇسخا چىقىرىلدى.

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى تەشكىلىي ھەيئىتى 1948 – يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ يەنە «ئىتتىپاق» ناملىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلدى. بۇ ژۇرنال قازاق تىلىدىمۇ نەشر قىلىندى. «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى باشلىقلىقىغا ئەخمەتجان قاسىمى سايلاندى؛ تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۇيغۇر سايرانى، زۇنۇن قادىرى، ئىبراھىم تۇردى، پولات ئالىمى، خەمىت سەئىدى، ئارمىيە داموللا، تەۋەي خانىم، لى تەيىۋ، ئەسئەت



ئىسھاقوۋ، قۇربانئەلى ئۇسپانوۋ، خەمىت تۆھپىي، رەخمۇللا ئەبشە، بۇقارا، مۇقاش، ئابدۇقادىر زۇنۇنلار ئىدى. بۇلاردىن خەمىت تۆھپىي بىلەن لى تەيىۋ تەھرىر ھەيئىتى خىزمىتىگە قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەيئەت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەنۋەر لۇقمان بىلەن ئەنۋەر خانبابا بەلگىلەندى. تەھرىر ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشى كۆپ بولۇپ يېتىشەلمىگەنلىكىدىن، 1949 – يىلى 2 – ئايدا ئۇ كىشىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر سايرانى سايلاندى. «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ئۆز تەركىبى بىلەن ئورۇمچىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى: ئابلىمىت مەخسۇتوۋ (ھەيئەت باشلىقى)، خىروي، يالقاش، د. تۇرەخمەت، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئابدۇقادىر زۇنۇنى، ئەخمەتئەلى سېيىتباييۇۋ، ئا. ئىمىنوۋ، قۇربانئەلى ئۇسپانوۋ، ئە. لۇقمان، ز. سەمىدى، بولانتاي، مەريەم سەپەرباييۇۋا، مۇقاش مىرسەلىموۋ، رەقىپ، بۇقارا، دەلىن، گېئوزگىلار بولدى. «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى 1948 – يىلى ئۆكتەبىردىن 1950 – يىلى ئىيۇنغىچە 17 سان، 30 مىڭ نۇسخا ئۇيغۇرچە؛ 17 سان، 30 مىڭ نۇسخا قازاقچە نەشر قىلىندى.

«ئىتتىپاق» نىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى 1948 – يىلى 10 – سېنتەبىردە تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «خەلقچى» ناملىق ئورگان گېزىتى چوڭ ئىككى بەتلىك قىلىپ نەشر قىلىنىپ، كۈن ئارىلاپ چىقتى. بۇ گېزىت 1950 – يىلى 21 – مايغىچە 300 سان، 1 مىليون 330 مىڭ نۇسخا تارقالغان (2960 – 3878 تىراژ چىققان).

«ئىتتىپاق» نىڭ دۆربىلجىن ناھىيىلىك تەشكىلىي ھەيئىتى ھەپتىدە ئىككى سان «دۆربىلجىن» گېزىتى نەشر

قىلدى. كىچىك تۆت بەتلىك بۇ گېزىت 1950 - يىلى ئىيۇنغىچە 64 سان، 21 مىڭ 274 نۇسخا چىققان.

«ئىتتىپاق» نىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى 1948 - يىلى 13 - سېنتەبىردە تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، «ئېرىكتى ئالتاي» ناملىق قازاقچە گېزىت نەشر قىلىنغان؛ بۇ گېزىت 1950 - يىلى 31 - مارتقىچە 93 سان، 228 مىڭ 400 نۇسخا چىققان. يەنە «بىرلىك» ناملىق ئايلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ 1 - ۋە 2 - سانىغا دەلىلقان سۇگۇر بايۇۋنىڭ: «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى» قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى رولىنى بايان قىلىپ يازغان ماقالىسى، شۇنىڭدەك ئالتايدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقىنى قارشى ئېلىپ ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزى بېسىلغان. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى: مۇسلىمانبېك (مەسئۇل مۇھەررىر)، ماغاز رازدان (مەسئۇل كاتىپ)، مۇقاش جەكىي، مىرزاخمەت مۇقامېتجان، غالىم قۇسايىن، ئابدۇللا مۇراتبېكوۋ، نىغمەت قۇربانى، خەمدە تۇرىغلىۋا، قالىپبېك ئۇربېجانوۋلار ئىدى. بۇ ژۇرنال 1950 - يىلى 31 - مارتقىچە 8 سان، 6400 نۇسخا نەشر قىلىنغان.

1948 - يىلى 11 - ئۆكتەبىردە «ئىتتىپاق» نىڭ ھەربىي كومىتېتى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورگان گېزىتى «تۆڭكەرىس تاڭى» ئۇيغۇر ۋە قازاق يېزىقلىرىدا چوڭ تۆت بەتلىك قىلىپ، 1949 - يىلى 6 - سېنتەبىرگىچە 36 سان، 46 مىڭ 800 نۇسخا نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر يېزىقىدا يەنە «جەڭچىلەر ئاۋازى» ناملىق كىچىك تۆت بەتلىك گېزىت 10 سان، 1000 نۇسخا نەشر قىلىندى.



1948 - يىلى 1 - نويابىردا «ئىتتىپاق» نىڭ مايتاغ بىۋاستە تەشكىلىي ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى «مېھنەت بىرلىكى» گېزىتى (ئۇيغۇر تىلىدا) نەشر قىلىندى. گېزىتنىڭ بۇ نامىنى ئەخمەتجان قاسىمى قويۇپ بەرگەن. بۇ گېزىت 27 سان، 2600 نۇسخا چىقىرىلغان.

«ئىتتىپاق» نىڭ مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن يەنە، ئۇيغۇر تىلىدا «چېنىق» ناملىق توپلام نەشر قىلىنىپ، 11 سان، 11 مىڭ نۇسخا تارقىتىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى قازاق زىيالىيلىرى تەرىپىدىن «بىلىمئارناسى» («بىلىم ۋادىسى») ناملىق ژورنال نەشر قىلىنىپ، ئۈچ سان چىقىرىلغان؛ يەنە «خوتۇن - قىزلار ئاۋازى» ناملىق ژۇرنالمۇ 1949 - يىلى ئۈچ سان چىقىرىلغان.

«ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن «ئالماناخ» ناملىق بىر سان ئەدەبىي مەجمۇئە چىقىرىلغان. شۇنىڭدەك، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ 240 كېچىسى ئالتە كىتابچە قىلىپ چىقىرىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە نازارىتى 1946 - يىلى «ھېيزى سەھەت» («سالامەتلىكنى ساقلاش») ناملىق قوش ئايلىق ژۇرنال تەسىس قىلىپ، جەمئىي ئۈچ سان چىقارغان.

غۇلجىدا يەنە، نىم شېھىت ئارمىيە داموللامنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانى، «رەممال» ناملىق چۆچىكى نەشر قىلىنغان.

«ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نۇتۇقلىرى توپلىمى (ئۈچ كىتابچە)، «ئالدانمايلى»، «يالىڭاچ كارول» ناملىق كىتابچىلار نەشر قىلىنغان.

«ئىتتىپاق» نىڭ ھەربىي كومىتېتى تەرىپىدىن 1946 - يىلى 2 - ئايدا «جەڭچىلەر قوللانمىسى»، 1946 - يىلى 9 - ئايدا «جەڭ قورالى قوللانمىسى» ناملىق كىتابچىلەر بېسىپ تارقىتىلغان.

غۇلجا شەھىرىدە ئاتاقلىق شائىر تاڭجارىق جولدىنىڭ «ئالغاشقى جىناق» («دەسلەپكى توپلام») ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئالتايدا «ئېرىكتى ئالتاي» گېزىتى مەتبەئەسىدە ئەسىت ئاقسىنىڭ «سالىخا - سامەن» ناملىق داستانى نەشر قىلىنغان.

غۇلجا شەھىرىدە يەنە، دىنىي نازارەت تەرىپىدىن «ھايات» ناملىق قوش ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلىنغان. بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇلمۇ تالىئە خەلپىتىم، مۇھەررىرلىرى تېيىپزات خەلپىتىم، ئارمىيە داموللاملار بولغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك گېزىت، ژۇرنال، كىتاب (كىتابچە) ۋە مەجمۇئەلەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يەتتە ۋىلايەتكە تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئەۋەتىلىپ تۇرغان.

خەلقنى تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتاب - مەجمۇئەلەر نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلغاندىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىر ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلىرىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى تەشۋىقاتلارمۇ كەڭ ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك «ئىتتىپاق» كومىتېتلىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى ۋە مايتاغ بىۋاسىتە كومىتېتى جەمئىي 13 مىڭ 354 ئورۇندا 23 مىڭ 56 قېتىم ئاممىۋى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، بۇنىڭغا 4 مىليون 90 مىڭ 627 ئادەم قاتناشقان؛ توققۇز مىڭ 376 ئورۇندا 17 مىڭ قېتىم گېزىت ئوقۇپ بېرىلگەن، بۇنى جەمئىي 5 مىليون 246 مىڭ ئادەم ئاڭلىغان.

(ئاپتورى: ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى.ئەسقەرى



# ئۈچ ۋىلايەت كۈتۈپخانىچىلىقى

شەرىپ خۇشتار

1944 - يىلى 8 - ئايلاردا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭدىن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي تەۋەلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن قېپقالغان كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، تا 1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە كۈتۈپخانا ئېچىلمىغانىدى؛ كىتاب - ژۇرنال كۆرگۈچىلەر جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە گراژدانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈتۈپخانىلىرىغا بېرىپ كۆرەتتى.

1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۈتۈپخانا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا بىنائەن، ئىلى ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتى قورۇسىدا ئۈچ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى كۈتۈپخانا قۇرۇلدى. بۇ كۈتۈپخانىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 3000 پارچىدەك يېڭى كىتاب ۋە ئىلىدا نەشر قىلىنغان «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»، چۆچەكتە نەشر قىلىنغان «خەلق ئاۋازى گېزىتى»، 1946 - يىلىدىن

باشلاپ س.سەيپۇللا يۇۋ مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنىلى، تاڭچارىقىنىڭ «بىرلەش» ناملىق قازاقچە شېئىرلار توپلىمى، چۆچەكتە ئابلىمىت ھاجىيوۋ مۇ-ھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتى، غۇلجىدا چىققان «ئويغان»، «ئالغا»، «ئەرك» گېزىتلىرى، غۇلجىدا خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان مىنجۇباۋ (دېموكراتىيە گېزىتى)، رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «دېموكراتىيە گېزىتى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، «خەلقچىل» گېزىتى، 48 – يىلى 10 – سېنتەبىردە نەشر قىلىنغان «دۆربىلجىن» گېزىتى، «ئالتاي» گېزىتى، قازاقچە «ئېرىكتى ئالتاي»، «بىرلىك» ژۇرناللىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ ھەربىي كومىتېتى ئىشلىگەن قازاقچە «توڭكورىس تاڭى»، ئۇيغۇرچە «جەڭچىلەر ئاۋازى»، «ئىتتىپاق» نىڭ مايتاغ كومىتېتى ئىشلىگەن «مېھنەت بىرلىكى» گېزىتلىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى چىقارغان ئۇيغۇرچە «چىنىق»، قازاقچە «بىلىم ئانارسى»، «خوتۇن – قىزلار ئاۋازى» ناملىق ژۇرناللار، «ئالماناخ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا يازغان «پەرھات – شېرىن» داستانى، «رەممال» ناملىق چۆچەك، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «ئالدانمايلى»، «يالىڭاچ كارول» قاتارلىق نۇتۇقلىرى توپلىمى، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ 240 كېچىسى، «جەڭچىلەر قوللانمىسى»، ھامۇت مەھمۇدى يازغان «تارىخىي ساۋاق» قاتارلىق گېزىت، ژۇرنال، كىتابلار قويۇلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1949 – يىلنىڭ باشلىرىدا ئىلى كۇتۇپخانىسىغا «ئۇرال» ماركىلىق بىر دانە رادىئونى ئېلىپ بېرىپ، كۇتۇپخانا مەسئۇلى ئەھمەتجانغا «ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە بۇنىڭدىن پايدىلىنىڭلار، خەلققە ئارا خەۋەر ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇڭلار» دەپ تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئاندىن «ئىتتىپاق» نىڭ تەشۋىقات



بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان جاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ رەسسامغا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئالتە مېترلىق ئاق خەسىگە جۇڭگونىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشنى بۇيرۇغان؛ خەرىتە پۈتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى خۇشال بولۇپ ئۇنى كۇتۇپخانىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، كۇتۇپخانىدا كىشىلەر رادىئودىن خەلقئارا خەۋەر ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغاندا، خەرىتە ئالدىغا كېلىپ، خەۋەردە كۆرسىتىلگەن جايلارنى خەرىتىدىن كۆرۈپ بىلگەن.

1949 – يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن ماركسىزم – لېنىنىزم، ستالىن ئەسەرلىرى، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە، رومان ۋە شېئىر توپلاملىرى؛ «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات»، «قازاق ئېلى» قاتارلىق ژۇرناللار؛ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، تىببىي ساۋات ۋە پەن – تېخنىكىغا دائىر كىتابلار؛ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانىدىكى كىتابنىڭ سانى 10,000 پارچىدىن ئاشقان. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ كۇتۇپخانىدا يەنە بىليارت، شاھمات، دامكا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىمۇ تەسىس قىلىنغان، كۇتۇپخانا ھەۋەسكارلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن.

ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئىلى كۇتۇپخانىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېز راۋاجلانغان؛ جۈملىدىن قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، داغۇر، مانجۇ مىللەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئارقىمۇ ئارقا تەرەققىي قىلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ

ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەشكىل قىلىنغان كۈتۈپخانىلار ۋە ئۇلارغا قويۇلغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

ئىلى ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» كومىتېتىدىن 55 ئورۇندا كۈتۈپخانا تەشكىل قىلىنغان. بۇلارغا جەمئىي 4561 پارچە سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتاب، 1765 پارچە ئەدەبىي كىتاب، 1728 پارچە تۈرلۈك كىتاب، 6580 پارچە گېزىت - ژۇرنال قويۇلغان.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق» كومىتېتىدىن 100 ئورۇندا كۈتۈپخانا تەشكىل قىلىنغان. بۇلارغا 1414 پارچە سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتاب، 2119 پارچە ئەدەبىي كىتاب، 7174 پارچە تۈرلۈك كىتاب، 11 مىڭ 436 پارچە گېزىت - ژۇرنال قويۇلغان.

ئالتاي ۋىلايەتلىك «ئىتتىپاق كومىتېتىدىن تۆت ئورۇندا كۈتۈپخانا تەشكىل قىلىنغان. بۇلارغا 452 پارچە سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتاب، 76 پارچە ئەدەبىي كىتاب، 231 پارچە تۈرلۈك كىتاب، 562 پارچە گېزىت - ژۇرنال قويۇلغان.

«ئىتتىپاق» نىڭ ھەربىي كومىتېتى 140 ئورۇندا كۈتۈپخانا تەشكىل قىلغان. بۇلارغا 250 پارچە سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتاب، 3505 پارچە ئەدەبىي كىتاب، 12 مىڭ 766 پارچە تۈرلۈك كىتاب، 16 مىڭ 983 پارچە گېزىت - ژۇرنال قويۇلغان.

«ئىتتىپاق» نىڭ مايتاغ بىۋاسىتە كومىتېتى بىر ئورۇندا كۈتۈپخانا تەشكىل قىلغان، ئۇنىڭغا 180 پارچە سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتاب، 20 پارچە ئەدەبىي كىتاب، 200 پارچە تۈرلۈك كىتاب، 59 پارچە گېزىت - ژۇرنال قويۇلغان. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە تەشكىل قىلىنغان كۈتۈپخانا جەمئىي 396 ئورۇندا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 9127 گە، ئەدەبىي كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 7485 كە، تۈرلۈك كىتابلارنىڭ ئومۇمىي سانى 21 مىڭ 944كە، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئومۇمىي سانى 35 مىڭ 620 گە يەتكەن.



بۇ ئەسلىمە 1934 - يىلدىكى تۈنجى ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى مەرھۇم تىيىپ ھاجى ئاكا، تۈنجى ئىلى كۈتۈپخانا خادىمى سەلەي مەنسۇر، كېرىم ئاخۇنلار، 1949 - يىلدىكى كۈتۈپخانا باشلىقى ئەھمەتجان نىياز، ئۈچ ۋىلايەتتە ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان قاسىم پەرسايۇۋ، ئۇيغۇر سايرانى، ئىلى گېزىت ئىدارىسىدە باشلىق بولغان سەيپۇللايوۋ، ئۈچ ۋىلايەت ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇلى مۆمىن سەپەرلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن رەتلەندى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى**

# ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈكى

غەيرەتجان ئوسمان، ياقۇت يۇنۇس

## (1)

ئۇيغۇرلار پەرزەنت قالدۇرۇش، بالا بېقىش، بالا تەربىيەلەشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بالا بېقىشتا خىلمۇ خىل چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بالىلارنى تىمەن، ساغلام، زېرەك، راۋرۇس چوڭ قىلىشقا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

بۆشۈك — ئۇيغۇرلارنىڭ بالىنى بۆلەپ باقىدىغان تۇرمۇش قورالى بولۇپ، بوۋاقلارنى بۆشۈك بىلەن بېقىش ئۇيغۇرلارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغان، كەڭ ئومۇملاشقان ئورتاق ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ، ھازىرمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلا ئارىسىدا «بۆشۈك بالىسى — خان بالىسى»، «بۆشۈك كۆرمىگەن بالا — بالا ئەمەس»، «بالىنى بۆشۈك تۈزەر»، «بۆشۈك تاپماي، بالا تۇغما»، «ئاۋۋال بۆشۈك ئال، ئاندىن بالا...»، «كونا بۆشۈكنى قولدىن چىقارما»، «بۆشۈك-



نى تەپسە يامان بولىدۇ»، «بۆشۈكنى ئۇرسا يامان بولىدۇ» دېيىلىدىغان چۈشەنچىلەر تارقالغان.

بۆشۈك — ۋەتىنىمىز، يۇرتىمىز سىمۋولى قىلىنغان، ئىلىم — مەرىپەت، بەخت — سائادەتنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە «بىلىمنىڭ بۆشۈكى — بەختىنىڭ بۆشۈكى» دېگەن ئىدىئوملار ئىشلىتىلىدۇ. بوۋاقلارنى بۆشۈك بىلەن بېقىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۆشۈك ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

① كۆچمەن چارۋىچىلىق چارۋىدارلىرىنىڭ كۆچۈشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئادەملەرنىڭمۇ چارۋىغا ئەگىشىپ يۆتكىلىپ تۇرۇشىنى شەرت قىلىدىغان بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قەدىمكى دەۋردە قىشلاقتىن يايلاققا، تاغ باغرىلىرىدىن تۈزلەڭلىكلەرگە، ئورمانلىقلاردىن دەريا بويلىرىغا كۆچۈش جەريانىدا، ئات، كالا، تۆگە، ئېشەك، ھارۋا قاتارلىقلارنى توشۇش قورالى قىلىغاچقا، بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەپچىل، يېنىك ۋە بىخەتەر بولغان بۆشۈكنى ئىجاد قىلغان. ئاندىن بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلەپ، بۆشۈكنى تۆگە، ئات، كالا، ئېشەكلەرنىڭ ياكى ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە يانداشتۇرۇپ تېڭىپ ماڭغان. بۇ ئۇسۇل بىلەن سەپەر قىلىش، بوۋاقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى بوۋاقلارنىڭ تەرەت قىلىشى، ئوزۇقلىنىشى، ئۇخلىشى ئۈچۈنمۇ قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

چارۋىچىلىق تۇرمۇشى يايلاقلارنى بازا قىلىدۇ. يايلاقلار نەم، زەي، سۇلۇق بولغاچقا، ئۇنداق يەردە، قونالغۇ قىلىپ، چېدىر تىكىپ جايلاشقاندا، بوۋاقلارنى ياتقۇزۇشقا يەر تاللى-

ماي بولمايدۇ. بۇنداق پەردە بالىنى بۆشۈك بىلەن ياپقاندا، بالىنى نەم يەردە ياتقۇزماسلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى؛ ھەر خىل قۇرت - قوڭغۇز، پاقا ۋە باشقا زىيانداشلارنىڭ بالىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

② بۆشۈك پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق مېتال ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ياغاچتىن ياسىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ، دەل - دەرەخ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، ئەتىۋارلاش، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن بولغان دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، يازما ھۆججەتلەر ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنغان، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ياغاچتىن ياسىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇقەددەس نەرسە ھېسابلانغان. تۇرنىڭ كۆپىيىشى تولىمۇ ئاستا بولۇۋاتقان، پەرزەنت قالدۇرۇش سىرلىق يوسۇندا چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئۇلار بالىنى بەكمۇ قەدىرلىگەن، ئۇنى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان مەبۇد ياغاچقا ئوراپ پەرۋىش قىلىشنى چەكسىز ئەۋزەل بىلىشكەن. دېمەك، قەدىمدە ياغاچ — مۇقەددەس، بالا — مۇقەددەس دېگەن چۈشەنچە يۇقىرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە تارقالغان.

③ بۆشۈك — تاغقا سىمۋول قىلىپ ياسالغان دەپ قارىلىدۇ. دېمىسىمۇ، بۆشۈك تاغنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تاغلارغا (ئېگىز، مەشھۇر تاغلارغا) چوقۇنغان. كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىنى، خانلىق تەختلىرىنى ئېگىز تاغلارنىڭ باغرىلىرىغا تەسىس قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ، ئۇلارنى تاغنىڭ سىمۋولى بولغان بۆشۈككە بۆلەپ، ئۇنىڭدىن روھلانغان ۋە ئىپتىخارلانغان.



④ بۆشۈككە ئالاقىدار بەزى ئېتنوگرافىيىلىك ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا بۆشۈكنىڭ ئوق ياغىچىغا بۆرىنىڭ ئوشۇقىدىن ئۈچ تال، بۆرە ياكى ئىتنىڭ 3، 7، 9، 40 تال تۈكى تۈگۈلگەن تۇمار (ئەپسۇن ئوقۇلغان) باغلاپ قويۇلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۆرە ياكى ئىتنى مۇقەددەس ھايۋان دەپ بىلگەن، بولۇپمۇ بۆرىنى توتېم قىلغان، ئۆزلىرىنى «بۆرىنىڭ باللىرى» دەپ قاراشقان. مەلۇمكى، ھايۋانلارنى توتېم قىلىش ئۇرۇقچىلىق دەۋرىنىڭ ئالامىتى، ئۇنىڭدىن باشقا، بالىنى بۆشۈككە بۆلىگەندىن كېيىن، بېشىغا پىچاق، ئايىغىغا تاش قىستۇرۇپ قويۇش ئادىتىمۇ بار. بۇلار ئىپتىدائىي ئادەت، يەنە بالىنى بۆشۈككە يېڭىدىن بۆلەيدىغان چاغدا ئىسرىق سېلىش ئادىتى بار. چوڭلارنىڭ قارىشىچە، بۆشۈككە جىن - ئالۋاستىنىڭ قولى تېگىپ قالغان بولسا، بۆشۈك بۇنداق ئىپلاسلىقتىن ئىسرىقتا پاكلىنارمىش. بۇ ئادەت ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 1072 — 1075 - يىللىرى يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا «ئىسرىق — بالىلارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەفسۇن ئوقۇلىدىغان سۆز، ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ، (ئىسرىق — ھەي جىن كۆچ، كۆچ دېيىلىدۇ)» دەپ يېزىلغان*. بۇ كىتابتا ئىسرىقنىڭ بۆشۈككە ئاتاپ سېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى بىر ئادەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بىر پاكىت.

*مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم، 134 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل نەشرى.

⑤ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆشۈكنىڭ قاچان ۋە قانداق ئىجاد قىلىنغانلىقى توغرىلىق رىۋايەتلەر تارقالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇرانلار ھۆكۈمدارى ئافراسىياپنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى — بۆشۈك خېنىم بىر قېتىمدىلا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىپتۇ، ئىككىنچىسىنى بىر ئىنىكئانىغا باققۇزۇپتۇ، ئۈچىنچىسىنى بېقىشتا كۆپ باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن، بۆشۈكنى ئىجاد قىلىپ، بۆشۈكتە بېقىپتۇ. كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا ئۆز ئىجادچىسى بۆشۈك خېنىمنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغانىكەن («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدىكى «بۆشۈك ھەققىدىكى رىۋايەت» تىن ئېلىندى).

بۆشۈك خېنىم — «بۆشۈك ئانام» نامى بىلەن بىر خىل غايىۋى ئوبراز سۈپىتىدە ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە. قەشقەر كونىشەھەر ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام» (مەھمۇت قەشقەرى) مازىرىدا، قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىدە ئورۇن تۇتقان قاراخانىلار سەركەردىسى ئارسلانخان (934 — 935 - يىللىرى تۇغۇلغان) نىڭ قەبرىستانلىقى «ئوردا خېنىم» مازىرىدا، ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىدىكى «سۇتۇق بۇغراخان» (889 — 966 - يىللىرى) مازىرى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىكى «جايى پاچچىم»، «مىڭ پاپلا پاچچىم»، ئاقسۇنىڭ شايار ناھىيىسى قاتارلىق يەرلىرىدىكى مەلۇم بىر جايىنى يەرلىك كىشىلەر «بۆشۈك ئانام» سىمۋولىدا بىلىشىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە «بۆشۈك ئانام» ناملىق بىر مازارمۇ بار. تۇغمىغان ياكى بالىسى تۇرمىغان ئاياللار خاتىرە كۈنلىرى، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ياكى ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى مەلۇم



تەييارلىق بىلەن بۇ ئورۇنلارغا بېرىپ تالاۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە «پەرزەنت ئاتا قىلىش» نى تىلەپ قىلىشىدۇ. بۇ، بۆشۈكنى كەشپ قىلىپ، ئۇنىڭدا ئەڭ دەسلەپ پەرزەنتىنى باققان ئۇلۇغ ئەجداد موما — «بۆشۈك خېنىم» ياكى «بۆشۈك ئانا» غا بولغان بىر خىل خۇراپىي چوقۇنۇشنىڭ تەسىرى بولسىمۇ، لېكىن بۆشۈكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىنى بىلىشتە مەلۇم قىياسىي ماتېرىياللىق رولىنى ئوينايدۇ.

⑥ ئۇيغۇرلار قەبرە قاتۇرغاندا، ئۇنى بۆشۈك شەكلىدە قاتۇرىدۇ ھەم قەبرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى «قەبرىنىڭ بۆشۈك قىسمى» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك قەبرىنىمۇ بۆشۈك شەكلىدە لايىھىلىگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە قاتۇرۇش ئادىتى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. خەلق ئارىسىدا، ئۇيغۇر خانزادىسى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرە قاتۇرۇشنى ئىجاد قىلغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت بار («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدىكى «قەبرە قاتۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن رىۋايەتكە قاراڭ).

⑦ ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىلا بۆشۈككە دائىر خاتىرە قالدۇرغان. XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «بۆشۈك» نى «بەشۈك» ① دەپ، شۈمەكنى «سىبەك»② دەپ، بۆشۈك تەۋرىتىشنى «ئۆگرۈك» ③ دەپ خاتىرىلىگەن ۋە باللارنىڭ مەخسۇس بۆشۈك تويى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ④. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن بۆشۈكنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ چىققانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 531 - بەت.
② 〃 〃 〃 142 - بەت.
③ 〃 〃 〃 505 - بەت.
④ 〃 〃 〃 475 - بەت.

## (2)

بۆشۈك — ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىغا تېرەك ياغىچى ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۈجمە ياغىچى، سۆگەت ياغىچى، قارىياغاچلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۆشۈكنىڭ قول تارتقۇسىنى، بۆشۈكنىڭ تەگلىك ياغىچى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تاياق ئادەتتە بېھى دەرىخىنىڭ شېخىدىن ئېلىنىدۇ. بۆشۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرگىچە، ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. بۆشۈكنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئاستى تەگلىك يەنى پۇت ئىككى پارچە تاختايدىن ھىلال ئاي شەكىللىك قىلىپ ياسالغاچقا، بۆشۈكنى تەۋرەتكەندە دوقۇلدىماي، سىلىق ھەرىكەتلىنىشكە ئىمكان بېرىدۇ، پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، پۇتىنىڭ ئۈستىگە كەڭلىكى 30 — 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان نېپىز تاختاي ئورنىتىلغان بولۇپ، خۇددى كارىۋاتقا ئوخشايدۇ. تاختاينىڭ بىر تەرىپىدىن 50 سانتىمېتىر، يەنە بىر تەرىپىدىن 40 سانتىمېتىر قالدۇرۇلغان ئارىلىققا دىئامېتىرى 15 سانتىمېتىر كەلگۈدەك بىر تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ساپالدىن ياسالغان گارشۇك شەكىللىك بىر قاچا ئورنىتىلغان، بۇ قاچىنى بەزى يۇرتلاردا «جاك»، بەزى يۇرتلاردا «كولىتۇك» دەپ ئاتايدۇ. بۇ قاچا بوۋاقنىڭ چوڭ كىچىك تەرەت قىلىشى ئۈچۈن ئورنىتىلغان. قاچىنىڭ ئېگىزلىكى 15 — 18 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۆشۈكنىڭ كارىۋات قىسمى ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولۇپ، مەركىزى قىسمى ھېسابلىنىدۇ.



بۆشۈكنىڭ باش - ئاياغ قىسمى يېرىم ئاي شەكلىدە ياسىلىپ، ئۇنىڭغا پەنجىرىلەر چېقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئايلانمىسى بىر قانچە مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى سۆگەت ياغىچىدىن تىلىپ ياسالغان. بەزى بۆشۈكلەرنىڭ باش - ئاياغ قىسمىغا ئۈچتىن ئالتە دانە نەقىشلەنگەن شادا ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭ تۈۋى پۇتىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ئوتتۇرىدىكى ئېگىزرەك ئىككىسى بۆشۈكنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان نوغۇچ شەكىللىك تۇغرا ياغاچقا مەھكەم تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇ، بۆشۈكنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ ئاستىغا بىر كۆرپە (بۆشۈك كارىۋىتىغا لايىق تار كۆرپە)، بېشىغا بىر كىچىك ياستۇق قويۇلۇپ، ئۈستىگە نېپىز كۆرپە ياكى ياپقۇچ يېپىلىدۇ. ئاندىن بالا قول تارتقۇسىدا بۆشۈك بىلەن قوشۇپ تېڭىلىدۇ، بۇ ياپقۇچ «زاكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر بۆشۈكلىرىنىڭ شەكلى بەش خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلاردىن ئەگمە بۆشۈك، شادىلىق بۆشۈك، كۆپەيتىش بەلگىسى شەكىللىك بۆشۈك قاتارلىق ئۈچ خىل بۆشۈك كەڭ ئومۇملاشقان، قەشقەر — ئۇيغۇر بۆشۈكلىرىنى ياسايدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى. ئۇ يەردە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بۆشۈك ياساش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان كاسىپلار كۆپ، ئۇلار ياسىغان بۆشۈكلەر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. قەشقەرنىڭ بۆشۈك كاسىپلىرى ئەگمە بۆشۈك ۋە شادىلىق بۆشۈك ياساشقا ناھايىتى ئۇستا، ئۇلار بۆشۈكنى سىلىق ۋە پۇختا ياسايدۇ، بۇنداق بۆشۈكلەر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە چىداشلىق بېرەلەيدۇ. ئەگمە بۆشۈك بىلەن شادىلىق بۆشۈك ئادەتتە «قەشقەر بۆشۈكى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر بۆشۈكلىرىنى خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، گۇجۇڭ، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر كاسىپلىرىمۇ چىرايلىق ۋە پۇختا ياسايدۇ.

بۆشۈكنى ئادەتتە ئەر ئۇستىلار ياسايدۇ، بۆشۈكنىڭ كۆرپە، قول تارتقۇ ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئاياللار تەييارلايدۇ. بۆشۈكنىڭ كۆرپىسى «تۇۋۇداق» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ جاك ئۈستىگە توغرا كەلگەن يېرىدىن جاكنىڭ ئاغزى پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىلىپ، تۆشۈكنىڭ ئەتراپى يىپ بىلەن تىكىۋېتىلىدۇ. كۆرپىنىڭ ئىچىگە پاختا ياكى يۇڭ، ھېچ بولمىغاندا توزغاق ياكى يۇمشاق سامان سېلىنىدۇ (بەزى جايلاردا «جاك» نى «كولتۇك» دەپ ئاتايدۇ، ئىچىگە كۆل سالىدۇ). بوۋاقنىڭ ساغرىسى ۋە يوتىسىنى جاكنىڭ ئاغزى يالاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جاك ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە تولۇن ئاي شەكىللىك چەمبىرەك قويۇلىدۇ، بۇ چەمبىرەك تال چىۋىقىدىن تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستى پاختا ۋە رەخت پارچىسى بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتر كەلگۈدەك كۆرپىچەكتىن تۆتنى قويۇلىدۇ. بۇ كۆرپىچەكلەر «قول چۆرەك» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىگىمۇ پاختا، يۇڭ ياكى توزغاق سېلىنىدۇ. جاكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە (بوۋاقنىڭ بېلى تۇرىدىغان يەرگە) ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر كېلىدىغان يەنە بىر كىچىك كۆرپە قويۇلىدۇ، بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەيدىغان چاغدا پۇت - قوللىرىنى تۈز قىلىپ ياتقۇزۇپ، ئوغۇللارغا ياغاچتىن ياسالغان، قىزلارغا ئۆچكىنىڭ پاقالچاق سۆڭىكىدىن ياسالغان «شۈمەك» نى كىچىك تەرەت ئەزاسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى جاكنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ قويىدۇ، ئاندىن بوۋاقنى «زاكا» بىلەن ئوبدان ئوراپ، ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمىنى «قول تارتقۇ» بىلەن پۇت ۋە يوتا قىسمىنى (تىزىنى ئاساس قىلىپ) «پۇت تارتقۇ» بىلەن چىڭ تېڭىپ قويىدۇ. بوۋاق ئۇخلىغاندىن كېيىن، بۆشۈكنىڭ ئۈستىگە يازدا نېپىز ئەدىيال، قىشتا قېلىن ئەدىيال ياكى نېپىزراق كۆرپە يېپىپ قويۇلىدۇ. بۆشۈكنىڭ قول



تارتقۇ ۋە پۇت تارتقۇلىرى گۈللۈك ياكى سىدام يىپ رەختتىن 13 سانتىمېتر كەڭلىك، 80 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئۇچى ھالقىسىمان قىلىنىپ، بۆشۈكنىڭ يان تەرىپىدىكى بىھى شېخىدىن تەييارلانغان تاياقچا ئۆتكۈزۈلىدۇ، يەنە بىر ئۇچىغا پاختا رەختنىڭ پۇرۇچلىرىدىن ئىشلەنگەن شوينا بېكىتىلىپ، بۇ شوينىلار بۆشۈكنىڭ يەنە بىر يان تەرىپىگە چىگىلىدۇ.

بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەشتە بىر مۇنچە رەسمىيەتلەر بار. ئادەتتە، بوۋاق تۇغۇلۇپ 7، 9، 12، 18، 40 كۈنلەر بولغاندا بۆشۈككە سېلىنىدۇ. چوڭلار بوۋاق تۇنجى قېتىم بۆلىنىدىغان بۆشۈكنىڭ قەدەمىي بولۇشىنى، سايمانلىرىنىڭمۇ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، شۇ بۆشۈكتە چوڭ بولغان كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، پەزىلەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بوۋاقنى بۆشۈككە تۇنجى قېتىم بۆلىگۈچى كىشى كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىدۇ. بۇنىڭغا كۆپ چاغلاردا، بالىسى كۆپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، تېنى ساغلام، پەزىلەتلىك ئانىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ، بوۋاقنىڭ قورسىقى تويدۇرۇلۇپ، قىسپىلاڭغاچ قىلىنىپ بۆلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۈندۈزى ئۈچ قېتىم (چۈشتىن بۇرۇن بىر، چۈشتىن كېيىن بىر، ئاخشامدا بىر)، كېچىسى بىر قېتىم بۆلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ تەرەت قاچىسى (جاك) پات - پات تازىلاپ تۇرۇلىدۇ. بالىلار بۆشۈكتە ئادەتتە ئىككى ياشقا كىرگىچە ياتىدۇ.

بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلەشتە خۇراپىي ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرمۇ بار. ئاتا - ئانىلار بۆشۈك ۋە ئۇنىڭ سايمانلىرىنىڭ قەدەمىي بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە بۆشۈكنىڭ چەمبىرەك، قول چۆرەك ۋە تۇۋۇدىلىرىنى «40 پارچە قۇراق رەختتىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ

«40 قۇراق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۆشۈكنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى
پاكىز تازىلاپ ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە
مەلۇم ۋاقىت ئىسرىق سالىدۇ. بۆشۈكنى تەييارلاپ بولغاندىن
كېيىن، بوۋاقنى بۆلىگۈچى ئانا بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، بۆشۈك-
نىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ؛ بوۋاقنىڭ ئانىسى ياكى ئۇنىڭ
ھاممىسى قولىغا ئۇزۇن بىر قارا تاشنى ئېلىپ: «تاش بالامنى
مەن بۆلەي» دەيدۇ، بوۋاق كۆتۈرگەن ئانا دەرھال: «ئاق
بالامنى مەن بۆلەي» دەپ بوۋاقنى بۆشۈككە سالىدۇ.

بۆشۈكنىڭ باش تەرىپى شىمال ياكى غەرب تەرەپكە
توغرىلاپ قويۇلىدۇ. بوۋاقنىڭ باش تەرىپىنىڭ ئاستىغا پىچاق،
ئاياغ تەرىپىنىڭ ئاستىغا تاش قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۆشۈكنىڭ
توغرا ياغىچىغا بۆرىنىڭ ئوشۇقى ئېسىپ قويۇلىدۇ. «بۆشۈكنى
تەپسە يامان بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلۇشتىن 10 نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر قېتىم
كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئېغىر ئاياغ ئانا ئەرنىڭ ئۆيى-
دىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ ئاپىرىلىپ كۈتۈلىدۇ.
بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى «ئات قويۇش مەرىكىسى ئۆت-
كۈزۈلىدۇ. بۇ ئادەتمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەھمۇت قەشقەرى-
نىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «كۆدەن - بالىغا ئات قويۇش
زىياپىتى»① دەپ مەلۇمات بەرگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. بوۋاق
تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا «بۆشۈك تويى» ② ياكى «قىرىق
تويى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنداق بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈش ئادىتى
XI ئەسىرلەردىلا پەيدا بولغان. «بۆشۈك تويى» بوۋاقنىڭ
بۆشۈككە رەسمىي كىرگەنلىكىنىڭ سەمۋولى سۈپىتىدە ھازىر
بارغانسېرى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم 525 - بەت.
② «تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم 475 - بەت.



بۆشۈك تويىنىڭ رەسمىيەتلىرى مۇنداق: بوۋاقنىڭ
قىرقى توشقاندا (قىرىق كۈنلۈك بولغاندا) بوۋاق
پاكىز يۇيۇندۇرۇلىدۇ، يۇيىدىغان سۇ خاس تەييارلىنىپ،
ئۇنىڭغا سېغىز، تۇز، ناۋات، ياغاچ كۆمۈرى، يۇمغاق-
سۈت ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. مەھەللىدىن يەتتە ياشتىن توققۇز ياش-
قىچە بالىلاردىن 40 بالا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار بوۋاقنىڭ
بېشىغا نۆۋەت بىلەن بىر قوشۇقتىن سۇ قۇيىدۇ. بوۋاقنى
يۇغان سۇ مەسچىتنىڭ تېمى، ئۆگزىسى، ياكى قەبرىستانلىققا
چېچىۋېتىلىدۇ. چۈنكى «ئۇنىڭغا ئادەم دەسسىسە يامان
بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا
ئانىمۇ يۇيۇندۇرۇلىدۇ، يۇيۇندۇرۇلىدىغان سۇغا قوينىڭ كاللا-
پاقالچىقى پىشۇرۇلغان سۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ كاللا - پاقال-
چاقنى ئەر تەرەپ سوۋغا سۈپىتىدە تەييارلاپ بېرىدۇ.
«بۆشۈك تويى» كۈنى دادا تەرەپ بوۋاقنىڭ ئانىسىغا كىيىم -
كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەتلەر سوۋغا قىلىدۇ. ئانا تەرەپ بوۋاق-
نىڭ دادىسىغا كىيىم - كېچەك سوۋغا قىلىدۇ، يەنە، يېڭى
بۆشۈك سېتىۋېلىنىپ، ئۇنىڭ جابدۇقلىرى تەييارلاپ بېرىلىدۇ.
بۆشۈك تويىدىن كېيىن، ئانا بوۋاقنى ئېلىپ ئەرنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ.

بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەشنىڭ بىر مۇنچە ئەۋزەللىكلىرى
بار. 1) بالا بۆشۈككە بۆلەنسە، كىچىلىرى ئېچىلىپ قېلىشتىن
ساقلانغىلى بولىدۇ؛ 2) چوڭ - كىچىك تەرىتى دائىم راۋان
بولۇپ، ئانا - بالىنىڭ تازىلىقى ياخشى بولىدۇ، كۆڭلى خا-
تىرجەم بولىدۇ؛ 3) بوۋاقنىڭ بېشى، پۇت - قولى ۋە بەل
قىسمى بۆشۈككە تۈز ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، بەدەن ئەزالىرىنىڭ
راۋرۇس، ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق؛ بالىنىڭ باش سۆڭىكى-
دە دوقا پەيدا بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛
4) بۆشۈك يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بالىغا
نەم تارتىپ قېلىشتىن، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ۋە باشقا نەر-

سىلەرنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ 5) بۆشۈك ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا بېقىش ۋاقتىنى تېجەيدۇ؛ بالىنى دائىم كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن خالى بولۇپ، كۆپرەك ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇشقا، ئۇخلىتىشقا ئەپلىك؛ شۇنىڭدەك بوۋاق بالىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغانلارنىڭ بالىغا قاراپ تۇرۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ؛ 6) بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈش، چەكلەنگەن نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىپ قويۇش، كۆزى ياكى باشقا ئەزالىرىنى زەخملەندۈرۈپ قويۇشقا ئوخشاش كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەپ، لەرزان ۋە مۇڭلۇق «ئەللەي ناخشىسى» ئېيتىپ، بۆشۈكنى بىر دەم تەۋرەتكەندىن كېيىن، بوۋاق ئوڭايلا ئۇخلاپ قالىدۇ؛ ئەگەر ئويغىنىپ مىدىرلاپ قالسا، بۆشۈكتە تۇرغۇزۇپلا ئىمىتىپ قويسا ياكى غىزالاندۇرۇپ چاي ئىچكۈزۈپ قويسا، ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قالىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بوۋاقنى ئىككى ياشقا كىرگىچە بۆشۈكتە بېقىش بىر مۇنچە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردىلا ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلىرىنى تونۇپ يەتكەچكە، بۆشۈكنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئېھتىياجىغا خىزمەت قىلدۇرغان؛ ئۇنىڭدا سانسىزلىغان سۈپەتلىك، ئەقىللىق، ساغلام بالىلارنى بېقىپ، قاتارغا قوشۇپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئەزىمەتلەرنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

(ئاپتورلىرى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى،
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغانيېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق)

جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت
ئى. ئەسقەرى.



# كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تۆگە كارۋانچىلىقى

ساماق ئىبراھىم

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يايلاقلىرى تۆگە بېقىشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. شۇڭا، كەلپىن خەلقى تۆگە بېقىشنى چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلغان، سودىگەرلەر تۆگىلەردىن پايدىلىنىپ تۆگە كارۋانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرغان. قاتناش تولىمۇ قىيىن بولغان چىڭ سۇلالىسى ھەم گومىنداڭ دەۋرلىرىدە ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «چۆل پالۋانى»، «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتالغان «تۆگە» قاتناش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

## تۆگە كارۋانچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى

1. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، كەلپىننىڭ تۆگە كارۋانچىلىقى بىرقەدەر راۋاجلانغان. 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قارا كۆت كەنتىدىن مەھەممەت ھاجى، ئۈستۈن قاشئېرىق كەنتىدىن توختى تالىپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ 200 — 250 گىچە تۆگىدىن تەركىب تاپقان كارۋانلىرى

ئاقسۇ - كۇچا، ئاقسۇ - باي ناھىيىلىرى ئارىلىقىدا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىغا ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بارىكاللىسىغا ئېرىشكەن. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا سودىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچتۇرپان - قاراقول يولى ئېچىلغاندا، كەلپىننىڭ گەزلىك يېزىسى قاشئېرىق كەنتىدىن توختى تالىپ، مېھمان ئاخۇن، سابىر ئاخۇنلار؛ گەزلىك كەنتىدىن مەھەممەتقۇلى، ھۇسەنباي، ھاپىز، مەھەممەت سىدىق قاتارلىق كىشىلەر بىرقانچە ئون تارتىم (قاتار) تۆگە بىلەن كەلپىندىن يولغا چىقىپ، ئۈچتۇرپان - قاراقول يولىدا كارۋانچىلىق تىجارىتىنى باشلىغان. ئۇلار ئۈچتۇرپاندىن خام مال يۆتكەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن گەزلىمە، قەنت - شېكەر، تۆمۈر كارىۋات، ئۆي جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۈچتۇرپان - قاراقول يولى قار - مۇزلۇق، قاتمۇقات تاغ - داۋانلىق، ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس تاغ يولى بولۇپ، ئۈچتۇرپاندىن قاراقولغا 10 - 11 كۈندە بېرىپ، يەتتە - سەككىز كۈندە قايتىپ كېلەتتى. ئۈچتۇرپاندىن يولغا چىققاندىن كېيىن، ئىسسىق دېگەن جايدا مۇقىم قونالغۇ بولسىمۇ، باشقا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئادەم بولمىغاچقا، كارۋانلار بېرىپ - كېلىش جەريانىدا قار - مۇزلارنى تازىلاپ قونالغۇ ئورنى تەييارلاپ، چېدىر تىكىپ يېتىپ - قوپاتتى. ئۈچتۇرپاندىن قاراقولغا ھەربىر كىلوگرام يۈك ئۈچۈن بىر كويىدىن (شۇ چاغدىكى شىنجاڭ قەغەز پۇلى)، قاراقولدىن ئۈچتۇرپانغا بىر كىلوگرام يۈك ئۈچۈن 0.70 كويىدىن كىرا ھەققى ئېلىناتتى. ئۈچتۇرپان بىلەن قاراقول ئوتتۇرىسىدىكى كىراكەشلىك تۆت - بەش يىل داۋام قىلغان بولۇپ، كەلپىن كارۋانلىرى بىردىنلا خېلى بېيىپ كەتكەن. 1930 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە،



ئۈچتۇرپان - قاراقول يولىدىكى كارۋانچىلىق توختىتىلىپ، قەشقەر - ئەركەشتام يولى ئېچىلغاندا، كەلپىننىڭ تۆگە كارۋانلىرى كەلپىن - قەشقەر، قەشقەر - ئەركەشتام يولى ئارىلىقىدىكى كەڭ كارۋانچىلىق تىجارىتىگە قاتناشقان. كەلپىن - قەشقەر، قەشقەر - ئەركەشتام كارۋانچىلىقىغا قاشئېرىق كەنتىدىن ھەمەرجىسا، باشقا كەنتلەردىن مېھمان، ئەيسا، ئەشقۇل، سابىر، ھۇسەن، مەھەممەت، مەھەممەت قۇلى قاتارلىق 30 - 40 چە كىشى ئۆزلىرىدىن كارۋان بېشى تەيىنلەپ، ئالتە - يەتتە يۈز تۇياق تۆگە بىلەن ھەيۋەتلىك كارۋان قوشۇنى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۈچ - تۆت يىل كىراكەشلىك قىلغان.

1941 -، 1942 - يىللىرى سوۋېت قازاقىستان رېسپۇبلىكىسى بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىر قىسىم كارۋانلارنى تۆگىلىرى بىلەن قازاقىستاندا توختاملىق ئىشچى ھېسابىدا ئىشلەشكە توختاملاشقاندا، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ قاشئېرىق كەنتىدىن توختى تالىپ، يۇنۇسلاق، ھەمەر ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر 50 دىن ئوشۇق تۆگە بىلەن قازاقىستانغا بېرىپ توختاملىق ئىشچى كارۋان بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ كىشىلەر قازاقىستاننىڭ ئوش دېگەن يېرىدە سەككىز ئاي كىراكەشلىك قىلىپ، بىر تۆگىنىڭ ئىش ھەققىگە يەنە بىر تۆگە كەلگۈدەك دەسمايىگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كەلگەن. قەشقەر - ئەركەشتام يولىدا، قەشقەردىن خام مال (يۇڭ، تېرە) ئېلىپ چىقىپ، ئەركەشتامدىن سانائەت ماللىرى ئېلىپ كەلگەن. بۇ يولدا قەشقەردىن چىقىپ ئاقتام، مىڭ يول، قاراكۆلۈك، غانجۇغا، مەشرەپ داۋان، ئۇلۇغچات، سىمخانا قاتارلىق قونالغۇلاردىن ئۆتۈپ، بېرىپ - كېلىشكە جەمئىي 15 كۈن كەتكەن.

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سوۋېت - شىنجاڭ سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كەلپىن كارۋانلىرى

قەشقەردىن ئۈدۈل ئۈرۈمچىگە ۋە قەشقەردىن ئۈدۈل قۇمۇلغىچە كىراكەشلىك قىلغان. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ۋە قۇمۇلغا توختى تالىپ، ئەشقۇلى، مېھمان ئاخۇن، سابىر ئاخۇن، ئاللاقۇلى ئاخۇن، سەيدۇللا، مەھەممەت سىدىق، ھاپىز، ھەمەر، قۇربان، ئاتاۋۇللا، ئابدۇراخمان، ھامۇت قاتارلىق 30 نەچچە كىشى يەتتە - سەككىز يۈزدىن ئارتۇق تۆگە بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ، گەزلىمە، چەكمەن، قەنت - گېزەك، تۆمۈر، ئەسۋاب، ياغاچ تاختاي قاتارلىق ماللارنى يۆتكەپ، 60 كۈندىن 85 كۈنگىچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلغا بارغان. كارۋانلارنىڭ بىر كۈن يول يۈرۈپ بارغان قونالغۇسى بىر ئۆتەڭ، بىر ئۆتەڭ يول 10 پوتەي، بىر پوتەي يول تەخمىنەن يەتتە - سەككىز چاقىرىم ھېساپلىناتتى. مەسىلەن: ھەمەرجىسا توختى تالىپ 42 تۇياق تۆگە بىلەن قۇمۇلغا، 50 تۇياق تۆگە بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغان.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1945 - يىلىنىڭ بېشى كەلپىن كارۋانلىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىراقلا قوراللىق تۇتقۇن قىلىنىشىغا ئۇچراپ، قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، غۇلجا، ئالتاي ۋە چۆچەكلەرگە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوق - دورىلىرىنى توشۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. كارۋانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەككە تۇشلۇق راسخوت بەرگەندىن باشقا، تۆگىلەرنىڭ چىقىمىغا راسخوت بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، كارۋانلار ۋە تۆگىلەر ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان. توختى تالىپ، ئەشقۇلى قاتارلىق بىر قىسىم كارۋانلار تۆگىلىرىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن بېقىپ ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كارۋانلارنىڭ تۆگىلىرى ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈش، سوقۇش رايونلىرىدا ۋەيران بولۇش ياكى تۆگە ئىگىلىرىنىڭ چىداشقا تاقىتى قالماي تۆگىلىرىنى



ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشى سەۋەبى بىلەن، بۇ كارۋانلار تۈگىشىپ كەتكەن. كارۋانلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن توختى تالىپ، ھاپىز ئاخۇن، مەھەممەت سىدىق ئاخۇنلارنىڭ ئەسلەپ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچىگە كىراكەشلىك بىلەن بارغان تۆگىلەردىن 100 تۇياق ئۆپچۆرىسىدىكى تۆگە قايتىپ كەلگەن، ئالتە - يەتتە يۈز تۆگە ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئۆلۈپ تۈگىگەن. كارۋانلاردىن روزى ئاخۇن، خۇدۇمبەردى (بۇ ئاكا - ئۇكا قۇملۇق كەنتىدىن) لەر 30 دەك تۆگىسىدىن ئايرىلىپ، كەلپىنگە قايتىپ كېلەلمەي، قارا شەھەردە يېتىمچى بولۇپ تۇرۇپ قالغان؛ يۇقىرىس كەنتىدىن ھۇشۇر مۇپتىنىڭ بالىسى ئەمەت سەككىز تۇياق تۆگىسىدىن ئايرىلىپ، كەلپىنگە قايتىپ كېلەلمەي، ئۈرۈمچىدە يېتىمچى بولۇپ تۇرۇپ قالغان؛ ئابدۇراخمان 10 تۇياق تۆگىسىدىن ئايرىلىپ، قايتىپ كېلەلمەي، غۇلجىدا يېتىمچى بولۇپ ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتكەن.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى كەلپىن خەلقىگە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ، 120 تۇياق تۆگە يىغىۋېلىپ، ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ تەمىناتىنى توشۇشقا سالغان، بۇ تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىر ئۆلۈپ تۈگىگەن. دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كەلپىن تۆگە كارۋانلىرىغا ئېغىر زىيان سالغاچقا، كەلپىن كارۋانلىرى تا ئازادلىققا قەدەر ئىستىقبال تاپالمىغان، تۆگە يۈكىنىڭ ئىتىبارى بولمىغان. دېھقان - چارۋىچىلار تۆگە يۈكىنى تاغار، پالاس توقۇش، ئارغامچا قىلىپ ئىشلىتىشتىن باشقا ئىشقا ياراتالمىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىسىنى خوتەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئابدۇراخمان، تۇردى، ئىبراھىم، سادىق قاتارلىق كىشىلەر 150 دىن ئارتۇق تۆگە بىلەن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يۈك - تاقلىرى،

ئوق - دورىلىرى ۋە قورال - ياراقلىرىنى گىرا قىلىپ، ئاقسۇ، ئاۋات، دوكەي، بېدىلىك، جىگدىلىك قاتارلىق ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ خوتەنگە يەتكۈزۈپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

1950 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى ئورنىتىلغاندا، چېگرا سودىسى باشلىنىپ، كارۋانلارغا ئىش تېپىلغاندىن كېيىن، كەلپىن تۆگە كارۋانلىرى كىراكەشلىك تىجارىتىنى يەنە باشلىۋەتتى. 1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە قەشقەر - تورغات، قەشقەر - تاشقورغان، تاشقورغان - مىڭتېكە، تاشقورغان - خۇنجىراپ، قەشقەر - كانسۇ يوللىرىدا ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ جانلىق كىراكەشلىك تىجارىتى ئېلىپ بېرىلغان. مۇشۇ قىسقىغىنە يەتتە - سەككىز يىل ئىچىدە، كەلپىندىن 40 — 50 نەپەر كارۋان يەتتە - سەككىز يۈز تۆگە بىلەن ھەيۋەتلىك كارۋان قوشۇنى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، كارۋانچىلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. قەشقەر - تورغات يولى تۈز يول بولۇپ، تۆت كۈندە بېرىپ، تۆت كۈندە قايتىپ كېلەتتى. بۇ يول قەشقەردىن چىقىپ كەڭ شۇۋە، قۇيۇن، قاراتاش قاتارلىق قونالغۇلاردىن ئۆتۈپ، تورغاتقا باراتتى. قەشقەر - تاشقورغان، تاشقورغان - مىڭتېكە تاغ يولى داۋان كۆپ، ئەگرى - بۈگرى، قۇرام - تاشلىق يول بولۇپ، توققۇز كۈندە بېرىپ، سەككىز كۈندە قايتىپ كېلەتتى. ئەمما، قايتىشتا كىرا بولمىغاچقا، تۆگىلەر سالتاڭ كېلەتتى. بۇ يولنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يەرلىرى ئېگىز قىرلىق تاغ، دەريا ئۈستىگە سېلىنغان ئاسما كۆۋرۈك ۋە قۇرام تاشلىق يوللار بولۇپ، بۇ يوللاردا تۆگىلەرنىڭ پۇتى قىسىلىپ ماڭالمىغاچقا، ئېغىر يۈكلەر بىلەن ماڭغان تۆگىلەر ۋە كارۋانلار يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم دەپ مېڭىپ، خەتەردىن قورقماي، جان پىدالىق بىلەن كىراكەشلىك



قىلغان. تاشقورغان - غونجىراپ يولىدا، قەشقەر، توققۇزاق، تاشمىلىق، ئويتاغ، توقاي، گەز، ئۈچكەپە، بۇلۇڭكۆل، قاراكۆل، سۇبېشى، غەجەك، تاغارما، تاشقورغان، سېرىق چىغ، دەپتەر قاتارلىق ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، غونجىراپقا بارغان. بۇ يول بېرىشقا 18 كۈنلۈك، قايتىشقىمۇ 18 كۈنلۈك يول بولۇپ، بىر تۆگىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 60 يۈەن بولغان. قەشقەر - كانسۇ يولىدا بېرىپ - كېلىشكە ئالتە كۈن كېتەتتى. كارۋانلار بىر تونىنا تاش كۆمۈرنى 45 يۈەندىن كىرا قىلىپ، ئالاھىدە تاپاۋەتكە ئېرىشكەنىدى.

1957 - يىلى 9 - ئايدا تەكلىماكانىنى تەكشۈرگۈچى 13 كىشىلىك ئەترەتنى كەلپىن گەزلىك پېيزىسىدىن ئەمەت داۋۇت، خۇدۇمبەردى، توختى ۋە بۇرچى پېيزىسىدىن ئىدرىس، ئىسمايىل تاھىر قاتارلىق 10 كىشى 54 تۆگە بىلەن يېتەرلىك ئوزۇق، سۇ ۋە تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى ئېلىپ تەكلىماكانغا باشلاپ كىرگەن. كارۋانلار ئەترەت بىلەن بىللە كەلپىندىن چىقىپ ئاۋات ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ، يەكەن دەرياسى بويىغا بېرىپ، دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، 15 كۈن يول يۈرۈپ، قۇرۇق نان يەپ، نورمىلىق سۇ ئىچكەن؛ تۆگىلەر 15 كۈنگىچە بىر چاينام ئوت يېمەي، تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن. 1958 - يىلى تۆگىلەر گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، تۆگە كارۋانچىلىق تىجارىتى توختاپ قالغان.

## تۆگە كارۋانچىلىقىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

ھەر 10 تۆگە بىر قاتار قىلىنىپ، مەخسۇس بىر كىشى شۇ بىر قاتار تۆگىنىڭ ھەممە ئىشلىرى (بېقىش، جابدۇش، كۆندۈرۈش، يۈكلىرىنى ئارتىش - چۈشۈرۈش ئىشلىرى) غا

مەسئۇل قىلىناتتى. تۆگىلىرىنىڭ سانىنى بىر قاتارغا يەتكۈ-
زەلمىگەن كارۋانلار ئىلاجى قىلىپ بىر قاتارغا يەتكۈزۈشكە
تىرىشاتتى؛ بىر - ئىككى قاتار تۆگىسى بار كارۋانلار ئىشچى
ياللىماي، ئۆزلىرى ئىشلەپ، ئۆزلىرى باشقۇراتتى؛ ئىككى -
ئۈچ قاتار ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق قاتار تۆگىسى بار كارۋانلار
ئايلىق ئىشلەپ بېرىشكە ياكى بىرنەچچە ئاي ئىشلەشكە
ئايلىقچى ياللاپ ئالاتتى؛ بېيىغان كارۋانلار يىللىقچى ياللاپ
ئىشلىتەتتى. ئايلىققا ياللانغان ئىشچى بىر تۆگىنىڭ باھاسى-
غا تەڭ ئىش ھەققى ئالاتتى؛ يىللىققا ياللانغان ئىشچىنىڭ
ئىش ھەققى ھازىرقى خەلق پۇلىغا 1300 - 1400 يۈەن
ئەتراپىدا بولۇپ، پۇل ياكى ئاشلىق ئالاتتى؛ ئۇلارنىڭ
كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قوشۇمچە تۇرمۇش راس-
خوتلىرى كارۋان باشلىقى تەرىپىدىن بېرىلەتتى. كارۋانلارنىڭ
باي ياكى نامراتلىقى تۆگە قاتارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى
بىلەن ئۆلچىنەتتى. تۆگىلەر قاتار قىلىپ ماڭغۇزۇلغاندا،
ياش - قۇرامىغا، ئاجىز - قاۋۇللىقىغا قاراپ، نوختىلانغان
چۇلۋۇر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلىپ، بىر كىشى ئەڭ ئال-
دىدا بىر ئېشەك مىنىپ يېتىلەپ ماڭاتتى؛ سەپەر جەريانىدا
تۆگىلەرنى تۆت - بەش قېتىم توختىتىپ سىيدۈرەتتى؛ ئەڭ
ئالدىدىكى بىرىنچى تۆگە «قول تۆگىسى» دەپ ئاتىلىپ،
ئۇنىڭ قەدىمى تىنىقا بولۇشى، ئاخىرقى تۆگىنىڭ چوڭ،
قاۋۇل تۆگە بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ئاخىرقى تۆگىگە
ئاۋازلىق قوڭغۇراق ئېسىلاتتى؛ قوڭغۇراقلار گەردەنباغ، دۆڭ،
جوشكا دېگەندەك بىرنەچچە خىل بولۇپ، ئۇلار زىل ئاۋاز
چىقىرىپ، كارۋاننىڭ ئىناۋىتىنى نامايان قىلاتتى. كارۋانلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇش، كەسپىنى جانلاندۇرۇش
ئۈچۈن، تۆگىلەرنىڭ نوختا - چۇلۋۇرلىرىنى گۈللۈك، چىراي-
لىق قىلىپ ياسىغاندىن تاشقىرى، چوم، بەللىك، باستۇغا،



قومچى قاتارلىق نەرسىلىرىنىمۇ ياخشى جابدۇيتتى. داۋانغا
چىققاندا گىرەنباغ، داۋاندىن چۈشكەندە كۆتىلەك سېلىپ
ئىلگىرىلەيتتى. مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە، قار - مۇزلارنى
تازىلاپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە كارۋانلار كىچىك چېدىر تىكىپ
ئارام ئېلىپ، ئاش - تاماق ئېتىپ يەيتتى؛ بىر تەرىپىگە
تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ، ئوت - چۆپلىرىنى يېتەرلىك بېرىپ
ئارام ئالدۇراتتى. كارۋانلار شەھەر بازارلىرىدا يېتىپ قوپماي،
يايلاق ۋە كەڭ جايلاردا چۈشكۈن قىلاتتى؛ يولغا چىقىشتىن
ئىلگىرى ئۇن، گۆرۈچ، ياغ، گۆشلەر ۋە ئوتۇن - ياغاچلارنى
يېتەرلىك ئېلىۋالاتتى؛ ئوت - بوغۇز تېپىلمايدىغان قار - مۇز-
لۇق تاغ يوللىرى ۋە چۆل - چەزىرىلەردە تۆگىلەرگە بېرىش
ئۈچۈن يېتەرلىك ئوت - بوغۇز ئېلىۋالاتتى. قاراقول، ئەركەش-
تام، مىڭتېكە يوللىرىغا ئوخشاش خەتەرلىك سوغۇق يوللاردا،
تۆگىلەرنىڭ ھەربىرىگە كۈنلۈكى 500 گرامدىن بىر كىلو-
گرامغىچە قوي يېغى يېگۈزۈپ ماڭاتتى. تۆگە كارۋانلىرىنىڭ
يۈك ئارتىش، يۈك چۈشۈرۈش تېخنىكىسىمۇ ئالاھىدە ئىدى:
ئىككى كىشى ئىككى دانە ياغاچ كالتەك بىلەن يېرىم سائەت-
تىن بىر سائەتكىچىلىك ۋاقت ئىچىدە بىرقانچە قاتار تۆگى-
نىڭ يۈكىنى چۈشۈرۈپ بولاتتى ياكى يۈكنى ئارتىپ يولغا
چىقىپ بولاتتى. يۈك چۈشۈرۈش ياكى يۈك ئارتىشتا تۆگىلەر-
نى رەتلىك چۆكتۈرەتتى. ھەربىر كارۋان ئۆز تۆگىلىرىگە
ئۆز لايىقىدا ئىسىم قويۇۋالاتتى ۋە دەرىجىسىگە قاراپ
(ئادەتتە ئۈچ دەرىجە بويىچە) يۈك ئارتاتتى: بىرىنچى دەرى-
جىلىك تۆگىگە 200 كىلوگرام، 2 - دەرىجىلىك تۆگىگە
150 كىلوگرام، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تۆگىگە 100 كىلو-
گرام يۈك ئارتاتتى. تۆگىلەرنى ئادەتتە 4 - ئايدىن 7 - ئاينىڭ
ئاخىرىغىچە يايلاقتا بېقىپ، 8 - ئايدىن كېلەر يىلىنىڭ
3 - ئېيىغىچە ئىشلىتەتتى. كارۋانلارنىڭ كىرا تۇتۇش،

كىرا قىلغان مالنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنىمۇ ئالاھىدە ئىدى. بېيىغان چوڭ سودىگەرلەر ئۇچتۇرپان، قەشقەر-لەردە سوۋېت تەرەپ بىلەن مال دىگۋارلىشىپ، خام مالغا پىششىق مال ئالماشتۇرۇش توختاملىرىنى تۈزۈشەتتى؛ خام ماللارنى تاي - تايلاپ (بىر تاي 100 كىلو گرام ھىساب-لىناتتى) تېڭىپ تەييارلايتتى. ئاندىن كارۋانلار قانچىلىك تۆگىسى، قانچىلىك مال كىرا قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىغا قاراپ، سودىگەرلەر بىلەن مال كىرا قىلىشقا پۈتۈشەتتى؛ كىرا قىلغان ماللارنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولاتتى. مال چېگرىغا يېتىپ بارغاندا، سودىگەرلەر مالنى سوۋېت تەرەپكە ئۆزلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پىششىق مال تەييارلاپ، يەنە كىرا قىلىپ يولغا سالاتتى. كارۋانلار كىرا قىلغان ماللارنىڭ باج رەسمىيەتلىرىنى سودىگەرلەر ئۆزى بېجىرەتتى. باج تۆلەنگەن رەسمىيەتنى كارۋانلار ساقلايتتى. كىرا قىلىنغان ماللار ئەگەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىسا، كارۋانلار تۆلەپ بېرەتتى.

تۆگە كارۋانچىلىقى كەلپىننىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. خەلق زامانىۋى سانا-ئەت ماللىرىدىن خەۋەر تاپقان ۋە قىسمەن بولسىمۇ پايدى-لانغان. مەسىلەن، سوۋېت تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن گەزلىمە، قەنت - گېزەك، ئۆي جاھازلىرى، چىنە - چەينەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ سودىسى جانلىنىپ كەتكەن؛ خەلق ئامما-سى سودىغا قاتنىشىپ، چارۋىسىنى كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ يۇڭ - تېرىسىنى سېتىپ بېيىش قىزغىنلىقى كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن، بىرنەچچە يىل ئىچىدە كەلپىننىڭ ئەسلىدىكى ناتۇرال ئىگىلىكى بىردىنلا تاۋار ئىگىلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. 1940 - يىللىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، كەلپىندە بىرقانچە كىشى بېيىپ نامى چىققان. مەسىلەن، قاراكۆت



كەنتىدىن مەھەممەت ھاجى 20 - يىللاردىن ئارتىپ كارۋان-چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۈز تۇياقتىن ئوشۇق تۆگىگە، يەتتە-سەككىز يۈز تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋىغا ۋە كۆپلىگەن مەبلەغكە ئىگە بولغان. قۇمبېرىق كەنتىدىن مەھەممەت ھاجى بىلەن ئىنىسى مەھەممەتئالا ھاجىلار 70 — 80 تۆگە بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ بېيىپ، ئۇچتۇرپان، قاراقول بازارلىرىدا كەلپىن بىلەن ئۇچتۇرپاندىن چىققان خام مالنى سېتىۋېلىپ، يۇڭ - تېرىنى سوۋېت تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت تەرەپتىن سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ دەۋردە دېھقان - چارۋىچىلارمۇ ئىشلەپچىقىرىشتا بىرقەدەر ئىلگىرىلەپ، ناتۇرال ئىشلەپچىقىرىشقا خاتىمە بېرىشكە باشلىغان. مەدەنىيەت جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەتى ۋە يېڭى ئاڭ تەسىرى قوبۇل قىلىنغان: قارا قولدىن سانائەت ماللىرى بىلەن بىللە، پاتىفون ۋە ھەر خىل كىتابلار كەلتۈ-رۈلۈپ، كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تاپقان. كەلپىندە 1934 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش قوراللىرى (جۈملىدىن قەغەز، قەلەم، رەڭ قاتارلىقلار) كارۋانلار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بىرقەدەر ياخشى شارائىت تۇغۇلغان؛ دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ئەينەك - دېرىزىلىك، قوش قانات ئىشىكلىك يېڭى پاسوندىكى ئۆيلەرگە تەرەققىي قىلغان؛ ئۆيلەرگە مەش قويۇپ ئىسسىنىش، كارىۋاتتا يېتىش، ياغاچ قاچا - قومۇچ ئىشلەت-مەي، چىنە - چەينەك ئىشلىتىش، قول يىڭنىسى بىلەن تىكىل-گەن كىيىم ئورنىغا قول ماشىنىسى بىلەن تىكىلگەن كىيىم كىيىش، خۇرۇم ئۆتۈك، توپلەي كىيىش، غىجىم رومال ئارتىش، زاۋۇتتا ئىشلەنگەن چىبەرقۇت، شەيتان تېرىسى (كىۋۇركوت)، دۇراپ، سوكنو، سارجا... قاتارلىق قىممەت باھالىق رەختلەر-

دىن كېيىم كېيىش ئادەتكە ئايلىنىپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان يېڭىچە تۇرمۇش بارلىققا كەلگەن. قىسقىسى، ئەينى ۋاقىتتىكى كەلپىن تۆگە كارۋانچىلىقى كەلپىننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

(ئاپتورى: كەلپىن ناھىيە گەزىلىك يېزىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ئى. ئەسقەرى**



# پېشقەدەم سەنئەتچىنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىن ئەسلىمە

**سۆزلەپ بەرگۈچى: سىراجىدىن زۇپەر**

**رەتلەپ يازغۇچى: مۇھەممەت ئەيسا**

## مۇقەددىمە

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ياشىغان دەۋر شارائىتى، سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى، ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ۋە شۇ مىللەت يېتىشتۈرگەن مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ، رېژىسسور، كومپوزىتور ۋە ئارتىسلار قوشۇنىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئەجىر- تۆھپىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى سەھنە سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر

ساۋاق، 30 - يىللاردا بولغان «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى سەھنە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئابدۇللا پاسىتېل. مۇتەللىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەت زىيائى، ئابدۇللا روزى، نىمشېھىت، زۇنۇن قادىر قاتارلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگلارنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى؛ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇيۇملۇك تەشكىللەپ، ياش سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلىگەن ۋە ئۇلارنى بۇ باغقا جەلپ قىلىشتا ئۇيۇملۇك ئەجىر سىڭدۈرگەن ھېمىت ھېكىمى، ئابدۇكېرىم رازى، سىراجىدىن زۇپەر، قاسىمجان قەمبىرى، مۆمىن ئەپەندى، ياسىن ھەسەن قاتارلىق سەنئەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئەجىر - مېھنىتى، بىر ئۆمۈر ھاياتىنى سەنئىتىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا بېغىشلىغان ئابلىز شېرىپ، تۇراخۇن، پەردە، ئېلىيوۋا، ئەمەت ئۆمەر، ئەمەت رېھىم، ئابلىز ھاجى، ئابدۇقادىر ھاجى، قادىر رازى، تۇرسۇن ھەسەن، يولۋاسخان قاتارلىق پېشقەدەم ئارتىسلارنىڭ تىرىشچانلىقى؛ قەمبەر خانىم، نۇراخانىم، گۈل بەھرەم، ھاجى راخمان، ئابدۇگۇل ئەزمىدى، سەئىدە، زەينەپ سىدىق، ئىبراھىمجان، مەريەم ناسىر قاتارلىق ئۇسسۇلچىلار ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا، ھۆسەيىن تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، روزەك باشى، ئابدۇرېھىم چاڭ، سەيدۇللام، مەمەت تاھىر، مەرۇپ ناسىروف، پەتتارجان، ھۆسەنجان جامى، مۇساجان روزى قاتارلىق كومپوزىتورلارنىڭ قان - تەرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى سەھنە سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى ئوبدان تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىسمى بايان قىلىنغان سەنئەتكارلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتىدە ئوينىغان رولى ۋە ئەجىر - تۆھپىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، رەتلەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.



مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن، 1992 - يىلنىڭ ياز ئايلىرىدا شىنجاڭنىڭ 30 - يىللاردىكى يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ شاھىدى بولغان، ئۆزىنىڭ 60 يىلغا يېقىن ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم دراماتورگ، رېژىسسور ۋە ئارتىس سىراجىدىن زۇپەرنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ھازىر 70 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت تارىخىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نىشانغا ھەسسە قوشۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ 60 يىللىق سەنئەت ھاياتىنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىلىرى ۋە سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن ئىمكان قەدەر زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى سۆزلەپ بەردى. سىراجىدىن ئاكىنىڭ بۇ ئەسلىمىسىنى مەن ئىمكان قەدەر ئەينەن يېزىپ چىقىشقا تىرىشتىم. سۆز - جۈملىلەرنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇشى، ئەسلىمىنىڭ باش - ئاخىرىنىڭ جىپسىلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا بولۇشىغا ئىشلىگەندىن باشقا، ئاساسىي مەزمۇنىغا تەگمەي، سۆزلىگۈچىنىڭ پىكرىگە باشتىن - ئاخىر ھۆرمەت قىلدىم. ئەسلىمىدە سۆزلەنگەن ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى خېلى يىراق بولغانلىقى، بۇ جەھەتتە يازما ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى، سىراجىدىن ئاكىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئەسلىمىدە يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ۋە كىشى ئەسلىمىلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قېلىشىدەك بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەتلەپ يازغۇچىدىن

## 1

— ئاڭلىغانلىرىمنى قويۇپ تۇرۇپ، بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىنلا باشلاي، — دېدى سىراجىدىن ئاكا، — 1923 - يىلى كونا تۇرپانىنىڭ يېڭى شەھىرىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئوقۇش يېشىمغا يەتكىچە ئاتا - ئانامنىڭ تەربىيىسىدە بولدۇم. ئاتام تىجارەتچى بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ، مېنى مەكتەپ يېشىمغا توشۇشۇمغا مەھەللىمىزدىكى ئابلا ئىمام دېگەن كىشىنىڭ مەكتىپى (دىنىي مەكتەپ) گە ئوقۇشقا بەردى. مەن ئۇ يەردە خېلى مەزگىلگىچە «قۇرئان» سۈرىلىرىنى ئوقۇش، يادلاش بىلەن بولدۇم. ئارىدىن بىر يىلچە ئۆتكەندە، بىر كۈنى قوشنىمىز ئابدۇخالىق (ئۇيغۇر) ئاكا يولدا ئۇچراپ: «بالام نەدىن كېلىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ئىتتىكلا: «مەكتەپتىن كېلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. «ئوقۇۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى، «ئوقۇۋاتىمەن» دېدىم. ئۇ، دەرھال يېنىدىن بىر دەپتەر ۋە بىر تال قېرىنداش چىقىرىپ: «بۇنىڭغا ئىسمىڭنى يېزىپ باققىنا» دېدى. مەن خىجىل بولۇپ: «يازالمايمەن» دېدىم. «ئۇنداق بولسا، سەن ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ مەكتىپىمگە كىرگىن، مەن ساڭا ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئۆگەتكەندىن باشقا، يەنە لاتىن يېزىقىنىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن» دەپ، كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيگە كېلىپ بۇ گەپلەرنى ئاتامغا ئېيتتىم. بىراق، ئاتام ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، موللامدا داۋاملىق ئوقۇشۇمنى قۇۋۋەتلەپ: «دىنىي مەكتەپكە بارىۋېرىسەن» دېدى. مەن شۇ كۈنى كەچتە ھېسامىدىن ئاكام (بۇ كىشى مېنىڭ چوڭ ئاكام بولۇپ، خېلى



ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتنى ياقلايدىغان كىشى ئىدى) نىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتتىم. ھېسامىدىن ئاكام ئاتامنىڭ ئىشىغا ئۆكۈنگەندەك قىلدى ۋە ماڭا ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا: «بولدى، سەن كېتىۋەرگىن، مەن ئاتامغا ئېيتىپ، سېنى ئابدۇخالىق ئاكىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇتۇشقا ئەۋەتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆيدىكىلەرگە موللامنىڭ مەكتىپىگە بارىمەن دەپ قويۇپ، ئوغرىلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان يېڭى مەكتەپكە باردىم. شۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئاكىنىڭ ھويلىسىدا ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئىبراھىم ھەسەن، ياقۇپ، داۋۇت (تۇرپان شىۋىسى بويىچە بىز ئۇنى «داگۇت» دەپ ئاتايتتۇق)، ئابدۇجاپپار، ئابدۇساتتار، خەلچىخان قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق بالا بىر يۇملاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتقانىكەن. ئابدۇخالىق ئاكا مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، دەرھال: «بۇ يەرگە كېلىپ ياخشى قىپسەن، ئۇنداق خۇراپىي موللاملارغا ھازىر ناماز شام بولۇپ قالدى، زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، زامان يەنىمۇ بەكرەك ئۆزگىرىدۇ، ئۇ چاغدا ھەممە يەردە خەت ئۆگىتىدىغان يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ» دېدى ۋە ماڭا بىر دانە قېرىنداش، بىر دەپتەر بېرىپ، دەرسنى داۋاملاشتۇردى. مەن ئۇنىڭ «ناماز شام بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزىنىڭ كېيىن ئەقلىم توشقانچە، زامانغا قارىتىپ ئېيتىلغان ئوبرازلىق، مەنىسى چوڭقۇر سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئۇنىڭ يېڭىچە پەننىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئەمما، ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقىنىمنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئاتا - ئانامغا ئېيتمىدىم.

مەن ئۇ يەردە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناۋاي سايىت ھاجىم، شېرىپ ئاخۇن، مىرزاپ شاكىيۇ، مەھەممەت ئۇستاملار پەتتارجان مۇھەممىدى، قاھار شېرىپ، مىرزا ئەخ-

مەت قاتارلىق 10 نەچچە بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئاكا دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. سايىت ھاجىم ئىتتىكلا ئابدۇخالىق ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ، تىنىچلىق سوراشقاندىن كېيىن: «ئەپەندىم، بىز بۇ بالىلارنى سىلىگە ئوقۇتۇشقا ئېلىپ كەلدۇق، بۇلارنىمۇ سىلى ئوقۇتسىلا. بۇ ساراڭ موللىلار پەننىي مەكتەپكە قارشى چىقىپ، جوزا ـ بەندىڭنىغۇ چاقىسۇن، مۇئەللىمنىمۇ ئۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرى غىچلا قان. مۇئەللىم ھازىر گۇچۇڭغا كېتىمەن دەۋاتىدۇ» دېدى. سايىت ھاجىم ئېيتقان مۇئەللىم ـــ مۆيىدۇن ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا گۇچۇڭ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن، خېلى تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. ئەمما، شۇ دەۋردىكى خۇراپىي موللىلار ئۇنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىلى قويمايۋاتاتتى. ئابدۇخالىق ئاكا ئۇلارغا: «سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار، ھېسامىدىن ئاكام بىلەن لېتىپ ئەپەندى يامۇلغىچە كەتتى، بۇ ساراڭ موللىلار بىلەن يامۇلدا سۆزلىشىمىز» دېدى. مىرزاپ شاكىيۇ دەرھال: «ئەپەندىم، مۇئەللىمنىڭ ئىشى ھەل بولغىچە بىزنىڭ بالىلار مۇشۇ يەردە ئوقۇپ تۇرسۇن» دېۋىدى، بالىلارمۇ: ئوقۇيمىز، بىزنى ئابدۇخالىق ئاكام ئوقۇتسۇن، دەپ چۇقۇرشۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئابدۇخالىق ئاكىنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم چىقىپ كېلىپ: «بۇ نېمە بالىلار؟» دەپ سورىدى. ئابدۇخالىق ئاكا: «بۇلار بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيمىز دەپ كەپتۇ» دېۋىدى، ئابدۇراخمان مەخسۇم دەرھال: «بۇ يەر بەك كىچىك، بالىلار بۇ يەردە ئوقۇسا پاتمايدۇ، باشقا يەردىن جاي تاپسۇن» دېدى. ئاندىن ئابدۇخالىق ئاكا: «بالىلار بۇ يەرگە پاتمايدۇ دەپ ئوقۇتمىساق قانداق بولىدۇ؟ بىر ئىلاج قىلارمىز، ھازىرچە ئوقۇپ تۇرسۇن» دېدى. شۇ ئاندا، ئابدۇخالىق ئاكىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرى-



يېڭىدىن يوزۇر ياسانغان بىر مەپە كىرىپ كەلدى. بۇ ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ مەپىسى ئىدى. بۇ مەپىنى ئايۇپ دېگەن كىشى ھەيدەيتتى. مەپىدىن مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن ئاكام (كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە قۇربان بولۇپ كەتتى)، لېتىپ ئەپەندى ئۈچەيلەن چۈشۈپ كەلدى. ھېسامىدىن ئاكام ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا: «بۇ لويى دېگەن ئەپيۇنكەشكە بىكارلا چىقىپتىمىز، ئۇ: بۇ ـ ئاخۇنلارنىڭ ئىشىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئارىلاشمايمەن، ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار دەپ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي يېتىۋالدى» دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئابدۇخالىق ئاكا: «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ بالىلار مەكتەپ يوق دەپ يىغلاپ كەپتۇ» دېدى. مەخسۇت ئاكا: «ئەتە جۈمە بولىدىكەن، مۇشۇ بالىلارنى جۈمە نامىزىغا ئەكىرەيلى، ھېسامىدىن ئەپەندىم جۈمە نامىزىدىن كېيىن جامائەتكە بالىلارنى كۆرسىتىپ گەپ قىلسۇن» دېۋىدى. ئابدۇخالىق ئاكا: «ناماز جۈمەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى موللا، ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلىمايدۇ» دېدى. شۇ ئارىدا بۇ يەرگە كەلگەن نىزام ھاجىم سەيپۇڭ دەرھال: «ئورۇن بولمىسا، بالىلارنى مەن ئېلىپ كېتەي، ئوغلۇم ئابدۇرازاق ئوقۇتسۇن، ئەمما بۇنىڭغا جوزا ـ بەندىڭىم يوق، قانداق قىلىمەن؟» دېدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر: «پارتا ـ بەندىڭلاردىن غەم قىلماڭ، بۇلارنى ھېسامىدىن ئاكام ياسىتىپ بېرىمەن، دەۋاتىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، نىزام ھاجىم بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئاكا شۇئان مەپە ھەيدەپ كەلگەن ئايۇپنى: «سەن بېرىپ دەرھال مۆيىدىن ئەپەندىنى چاقىرىپ كەل، تېز كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. قالغانلار تاۋۇز يېيىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدا مەخسۇت ئاكا كۆپچىلىككە: «تۇرپاندىكى بۇ ساراڭ موللىلارنى قوزغاۋاتقان ئىش مۇنداق: لۈكچۈندىكى رىقىپ قازىئا-

ھۆكۈم ۋاقتىنىڭ نامىنى بىلىپ تۇرپان ئاخۇنلىرىغا خەت يې-
زىپتۇ. خەتتە: «بىز لۈكچۈندە جەدىتلەرنىڭ بالا ئوقۇتۇشىغا
پۇل قويماي، مەكتەپلەرنى تاقىۋەتتۇق، سىلەرمۇ تۇرپاندا بىر
كالتا قۇيرۇق جەدىتلەرگە پۇل قويماي، ئۇلارنىڭ مەكتەپ
دېگەن بىر لېپىسىنى يوقىتىڭلار» دەپتىكەن. بۇ موللىلار شۇ
خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، تۇرپاندا بىزنىڭ پەننىي مەكتەپ
لىرىمىزنى بۇزۇپ - چېقىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، لۈكچۈندە
پەننىي مەكتەپلەرگە پۇل قويمىغانلىقتىن، تاھىر بېگىم
(ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ
بىرى) ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا مەكتەپ ئېچىپتۇدەك. ھازىر قۇمۇل-
دا يېغىلىق بولۇۋاتىدۇ، بۇ ساراڭ موللىلار بىلەن ئېتىشىشىد-
غان پۇرسەتمۇ ئاز قالدى» دېدى. شۇئاندا، ئابدۇخالىق ئۇي-
غۇر يانچۇقىدىن مۇنۇ شېئىرنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەردى:

ئەي پەلەك، دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دورىمەن.

پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى — مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇۋ ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ، كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالىڭاياق، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

ئىلىم — پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ — خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.



تىل - ھاقارەت، تەنە - دىنغۇار، ۋاي داد! بۇجاننى قىينىدى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن.

شېئىر ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئوقۇلغاچقا، ئاڭلاۋاتقانلار
جىم بولۇشۇپ كەتتى. شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن،
ھەممىمىز ئابدۇخالىق ئاكىنى تەبرىكلەپ چاۋاك چېلىشتۇق.
شۇ دەۋردە ئابدۇخالىق ئاكا تۇرپان تەۋەسىدىكى زىيالىيلار
ئىچىدە ھەقىقەتەن ئىلىم - بىلىمدە توشقان، پەزىلەتلىك
شائىر ھەم خەلق سۆيەر مائارىپچى ئىدى.

شىنجاڭدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي،
ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئاستا - ئاستا پەننىي مەكتەپلەر كۆپەيدى. مەن ئابدۇخالىق
ئاكىنىڭ خۇسۇسىي مەكتىپىدە خەت - ساۋاتىمنى چىقىرىۋال-
غاچقا، يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىلغاندا، بىراقلا باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغا كىرىپ ئوقۇدۇم. مەن كىرگەن پەن-
نىي مەكتەپ مۆيدىن ئەپەندى نامىدىكى مەكتەپ ئىدى. بۇ
مەكتەپ ئوقۇتۇش، ئىنتىزام، تەنتەربىيە، پىرامىدا (مۇزىكىلىق
ھەرىكەت)، گىمناستىكا ۋە ناخشا (شېئىر) قاتارلىقلاردا داڭ-
لىق مەكتەپ ئىكەن. مەن مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت، گىمناس-
تىكا قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى قىزىقتىم ۋە قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىم. مۇ-
ئەللىم ئالدىراش چاغلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا شېئىر ئوقۇتۇش،
گىمناستىكا ئوينىتىش ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇردى. مەن بۇ
ئىشلارنى ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلايتتىم. 1936 - يىلىغا
كەلگەندە مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىق ئوقۇغۇچى-
سى بولۇپ قالدىم. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۇر-
پان شەھىرىدىكى مۇسۇلباي ھاجىمنىڭ قورۇسىدا پۈتكۈل
ناھىيە بويىچە گىمناستىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغ-

دا 52 خەتلىك (بىر خەت بىر ھەرىكەت) بىر خىل تەنھەرىكەت بار ئىدى. بۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا مەن 52 خەتلىك گىمناستىكىنى ھېچقانداق كوماندىرنىڭ كوماندىسىسىز، رىتىم بويىچە كۆڭلۈمدە ساناپ تۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ۋە تولۇق ئورۇنلىدىم. 12 بالىدىن تۈزۈلگەن بىر پىرامىدىدا، ئۈچ قەۋەت بالىنىڭ ئۈستىدە (بىرىنچى قەۋەتتە تۆت بالا، ئىككىنچى قەۋەتتە ئۈچ بالا، ئۈچىنچى قەۋەتتە ئىككى بالا، تۆتىنچى قەۋەتتە بىر بالا يەنى مەن)، ئىككى بالىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ دىكلاماتسىيە ئېيتتىم. دىكلاماتسىيىنىڭ تېكىستى:

«بۈگۈنكى كۈننىڭ ئايدىڭ نۇرلىرى، بىزلەرگە قاراپ چېچىلدى؛ يەنە ماتارىپنىڭ ئىشىكلىرىمۇ، بىزلەرگە قاراپ ئېچىلدى» ئىدى. بۇ تېكىستنى مۇئەللىم مۆيدىن ئەپەندى چالغان ماندولىنغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتتىم. ناھىيىنىڭ ماتارىپ مۇدىرلىرى بۇ گىمناستىكا نەتىجىسىنى خۇلاسە قىلغانىدا، مېنى بىرىنچى بولدى دەپ، دەپتەر ۋە بايراق بىلەن مۇكاپاتلاپ، مەيدەمگە گۈل تاقاپ قويدى. ئەتىسى مەكتەپتە دەرس ئوقۇۋاتاتتىم، شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللا ئەپەندى، مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ۋاجىدىلار مەكتەپكە كىرىپ، مۇئەللىم مۆيدىن ئەپەندى بىلەن مېنى تاشقىرىغا چاقىرىپ، مېنى ھەر بىر مەكتەپتىن تاللانغان ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا مۇئەللىملىك كۇرسىغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ۋە ئارتىس بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مۇئەللىم نارازىلىق بىلدۈرمەيلا: «كۇرس تۈگىسە، يەنە بىزنىڭ مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن 1936 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، تۇرپان ناھىيىسى بويىچە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئۇ يەردە چوڭ ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ



ئىكەن. رەجەپ توختى، ئەيسا يۈسۈپ، مۇھەممەت باقى قاتارلىقلار مەن دېمەتلىك ئىدى. مەن شۇلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇم. بۇ كۇرستا مەن دەرسكە ناھايىتى قىزىقتىم: تاشكەنتتىن كەلگەن ئىسلامجان، ئابدۇرېشىت نىياز، ئىلھامجان قاتارلىق مۇئەللىملەرنىڭ كىيگەن كىيىمى، قويغان چاچلىرى ۋە يېڭىچە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى مېنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇردى. بۇ يېڭىلىقلارنى مەنمۇ ئۆزۈمگە يۇقتۇرۇپ چاچ قويدۇم، ئوقۇش داۋامىدا تىرىشىپ ئوقۇدۇم. كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن، كۇرس رەھبەرلىكى مېنى تۇرپاندا ئېچىلغان يېتىملار مەكتىپىگە شېئىر ۋە تەنتەربىيە مۇئەللىمى قىلىپ ئەۋەتتى. مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئابلىز خالىق ئىدى. ئابدۇراخمان بەكرى دېگەن يەنە بىر ئاساسلىق مۇئەللىم بار ئىدى. مەن دەسلەپ «ياردەمچى مۇئەللىم» بولدۇم.

مەن يېتىملار مەكتىپىدە دەرس بېرىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللا ئەپەندى مەكتەپكە كىرىپ: «لاتارىيە ساتقان بېلەت پۇلىدىن سىلەرگە بىرە لېمىدۇق. ئۈگۈنلۈككە ھېيت بولىدىكەن، سىلەر ھېيتنى تەبرىكلەپ، مۇنارنىڭ تۈۋىدە «جاھىل ئاتا» تىياترىنى بېلەت سېتىپ ئويناڭلار» دېدى. مەكتەپ مۇدىرى ئابلىز خالىق بۇنىڭغا قوشۇلدى. بىز يېتىملار مەكتىپىدىكى چوڭ بالىلارنى ئارتىسلىققا ئايرىپ، ئابدۇراخمان بەكرى، مەن ۋە ئابلىز خالىق ئۈچىمىزمۇ رول ئېلىپ، سەھنە كىتابىنى ئىككى كۈندە تەييارلىدۇق. بۇنىڭغا ئۇيۇشما رەئىسى ھەبىبۇللا ئەپەندى ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلدى. ئويۇن تەييار بولغاندا، كۈتۈلمىگەن بىر قىيىنچىلىق يۈز بەردى: تىياترىنىڭ دېكوراتسىيە، مەنقۇلات، كىيىملىرىنى جامائەتنىڭ ئىمدات ئامبىرىدىن يېنىشىغا ئۈلگۈرتۈپ مۇنار تۈۋىگە ئېلىپ چىقىش كېرەك ئىدى. مەكتەپ بىلەن مۇنارنىڭ ئارىلىقى سەككىز كى-

لومېتىردىن كۆپرەك كېلەتتى. بىز ئەزان ۋاقتى بىلەن تەڭ دېكوراتسىيىسىنى بالىلارغا كۆتۈرتىپ، مۇنار تۈۋىگە چىقتۇق. ئۇ چاغلاردا ھېيت نامىزى ناھىيە بويىچە مۇنار مەسچىتىدىلا ئوقۇلاتتى. ناماز كۈنى مۇنار تۈۋىدە سودا - سېتىقچىلار، ئاشپەز - ناۋايلار ئولاشقان چوڭ بىر بازار بولاتتى؛ پەشتاق بېشىدا ناغرا - سۇناي چېلىناتتى؛ پەستە يېزا - قىشلاقتىن كەلگەن ھەر خىل «بازارچىلار» ئۇسسۇل ئوينايتتى، چېلىشچىلار چېلىشاتتى، ئات چاپتۇرۇش، دارۋازلىقلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. قىسقىسى، ھەر قېتىملىق ھېيتتا بىر كۈن قىزىقارلىق بازار بولاتتى. دېكوراتسىيىلەرنى مۇنار مەسچىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سۇپىسىغا قۇرۇۋاتقاندا، ساجىت قازىھاجىم، مالوزۇڭ (خۇيزۇ) دېگەن كىشىلەر دېكوراتسىيىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇ يەردە ئويۇن قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمما، يېزا - قىشلاقتىن كەلگەنلەر: «ئويۇننى قويسۇن» دەپ تۇرۇۋۋالدى. ساجىت قازىھاجىم بەزى دېكوراتسىيىلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتتى. مەكتەپتىن كەلگەن بىر قىسىم بالىلار بۇنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى. مەن، گايىت، ئابدۇرېھىم، ئىبراھىم قاتارلىق بىر ئاز چوڭلار دەسسەلمىگەن دېكوراتسىيىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇۋالدۇق. شۇ چاغدا رەئىس ھەبىبۇللا ئەپەندى، مەمتىلى ھاجى قاتارلىق ئۇيۇشما باشلىقلىرى كېلىپ قىلىپ، ساجىت قازىھاجىمدىن: «بۇنى نېمىشقا توسايسىز؟» دەپ سورىۋىدى، قازىھاجىم: «بۇ ھېيت كۈنى، بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئويۇن ئويناشقا بولمايدۇ» دەپ غۇدۇڭشىدى. ھەبىبۇللا ئەپەندى: «ئاۋۇ ناغرا چېلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى، چېلىش قىلىۋاتقانلارنىمۇ توسامسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى، قازىھاجىمنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى. مالوزۇڭ (خۇيزۇ) بولسا: «ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئويناسا مەيلى» دېدى.



نامازدىن كېيىن بىز ئويۇن قويدۇق، «جاھىل ئاتا» درامىسىنى بىر كۈندە ئۈچ قېتىم قويدۇق. بۇ درامىنىڭ كىرىمى بىلەن بىزمۇ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپىمىزدە پات - پات ئويۇن قويۇپ تۇردۇق. دارىلئېتامدا قويغان ئويۇنىمىز كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپىمىزنىڭ مۇدىرى ئابلىز خالىق ناھىيىنىڭ سانايىنەپىسىگە يەنى سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق بولدى. مېنى مۇئەللىملىكتىن كۆرە تولاراق سانايىنەپىسىگە قاتناشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى. تۇرپاندا ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى ھەر قانداق توي - تۆكۈن ۋە مەشرەپلەردە بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مەن ناغرا چېلىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان توي ئۇسسۇللىرى، «ھۇجرا سېلىش» (توي قىلغان كۈندىكى يىگىت - قىزلارنىڭ مەشرىپى)، داڭلىق مۇقامچى ئىبراھىم پەتتارنىڭ نەغمىسى، داڭلىق دولان تۇرسۇن، بېخىل تۇرسۇنلارنىڭ ئۇسسۇللىرى، تۇردىئاخۇن ئاكا دېگەن دارۋازنىڭ دارتۆپىسىدە ئورۇنلايدىغان چىغىرىق ھەرىكەتلىرى... قاتارلىقلارغا تېخىمۇ قىزىقتىم؛ ھەر قاچان ۋە ھەر يەردە بولغان ئەلنەغمىلەرگە بېرىپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېقىملىق مۇقاملىرى ۋە ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم. يۇقىرىقى خەلق سەنئەتكارلىرىغا قىزىقىشىم ئارقىسىدا، مەندە سەنئەتكە بولغان ھەۋەس بارغانچە كۈچەيدى. ئازراقلا بىكار بولۇپ قالسام «نازىركوم» ئۇسسۇلىنى دوراپ ئويناپ، نەغمىچىلەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ، تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدا «قىزىقچى» دېگەن نامغا ئېرىشتىم. كېيىنچە، تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مېھمانلار ئارىسىدىمۇ ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان بولدۇم. شۇ چاغلاردا تۇرپانغا ئاۋازىسىز كىنو كېلىپ، «لېنىن

ئۆكتەبىردە»، «ئۇراگنتۇرس» دېگەن كىنولار قويۇلدى. مەن بۇ كىنونا ناھايىتى قىزىقتىم ۋە بىرنەچچە قېتىم تەكرار كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى لېنىننى «راست لېنىن» دەپ ئىشەنگەنىدىم. لېكىن، مۇئەللىملەر: «ئۇ، لېنىننىڭ ئۆزى ئەمەس، ئارتىس لېنىننىڭ رولىنى ئويناپ چىققۇچىدۇر» دېگەندىن كېيىن، مەندە ئارتىس بولۇش تۇيغۇسى ۋە سەنئەتكە بولغان قىزىقىش بارغانسېرى كۈچەيدى. شۇنىڭدىن ئارتىپ، بالىلار ئارىسىدا كىنو ئارتىسلىرىنى دوراپ يۈرۈپ، «كىنو قىزىقچىسى» بولۇپ قالدىم. مانا بۇلار كېيىنكى مەزگىللەردە تىياتىر سەنئىتىگە بولغان قىزىقىشىمنى بارغانچە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەن 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم ھەم سانايىنەپەسەدە ئارتىس بولدۇم. شۇ چاغدا سانايىنەپەسەدە ئابدۇۋايىت ناۋاي، سەيپۇللا ئاخۇن دورىچى (ئىسكەندەر سەيپۇللانىڭ دادىسى)، غوپۇرجان سائەتچى، ھوشۇر ئاخۇن، موللا ئابدۇللا قاتارلىقلار ئاساسىي ئارتىسلار ئىدى. مۇئەللىملەردىن ئابلىز خالىق، ئابدۇرېھىم ھوشۇر، ئابدۇراخمان بەكرى، يۈسۈپجان ۋە مەن ھەۋەسكار ئارتىس بولدۇق. بىز ئاساسەن دراما ئوينايتتۇق. بىز ئوينىغان درامىلاردىن «جاھىل ئاتا» دېگەن درامىدا، بالىسىنى پەننىي مەكتەپكە بېرىشكە ئۇنىمىغان بىر جاھىل ئاتا مەسخىرە قىلىناتتى. بۇ دراما كۆپرەك ئوينالغاندىن كېيىن، «قۇتۇلدۇق» دېگەن درامىنى تەييارلىدۇق. بۇنىڭدا بىر يوقسۇل دېھقاننىڭ تۇرمۇشىدىكى جاپا - مۇشەققەتلەر كۆرسىتىلىش بىلەن شۇ چاغدىكى جەمئىيەت چوڭقۇر پاش قىلىنغان. كېيىن نەشخورلارنىڭ «چەككۈلۈكنىڭ ئاقىۋىتى»، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان بايلارنى مەسخىرە قىلىدىغان «فاڭجاڭچى» قاتارلىق درامىلارنى ئوينىدۇق. بۇ درامىلار ئوينىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارتىسلىرى ئابدۇكېرىم رازىيوپ باشچىلىقىدا تۇر-



پانغا ئويۇن قويۇشقا كەلدى. ئۇلاردىن ئابدۇكېرىم رازىيوپ، پەتتاھجان، ئەبەيدۇللا ناسىرى، ئابلىز ۋادىۋاڭ، ئابدۇرېھىم چاڭ قاتارلىق ئارتىسلارنىڭ ئويۇنلىرى زور ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. ئۇلار مېنى ئارىسىغا قېتىۋالدى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە «پەرىيادە»، «سېرىق سەيدەگۈل»، «يارىم، دوست - دوست» قاتارلىق ئۇسۇللۇق ناخشىلارنى ئورۇنلاپ، تۇقسۇنغا بىللە باردىم. ئۇ چاغدا تۇقسۇندا تېخى ئويۇن قويىدىغان كۈلۈب يوق ئىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن، بىر شەخسنىڭ دېڭىگە چۈشۈپ، شۇ يەردە سەھنە تۈزۈپ ئويۇن قويدۇق، ئويۇننى خەلق ناھايىتى قىزىقىپ كۆردى. تۇقسۇندا 4 - 5 كۈن تۇرۇپ، بىرنەچچە مەيدان ئويۇن قويدۇق. ئۇ يەردىن مەن تۇرپانغا قايتماي، ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە بىللە چىقتىم. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ سەنشىخاڭزى كوچىسى كونا مال بازىرىدىكى ناسىر خەلپەتنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر ھويلىدا ئىكەن. ئويۇن قويىدىغان كۈلۈب نەنمىندىكى روزى ھاجى مەسچىتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى گۇاڭجا دېگەن كىشىنىڭ سارىيىدا بولۇپ، بۇ سارايى يولنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولغاچقا، كۈلۈبنىڭ نامىنى «شەرق كۈلۈبى» دەپ ئاتىغانىكەن. مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، ئاندىن تۇرپانغا قايتتىم. بۇ جەرياندا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. درامىلاردىن «شەرمەندىلەر»، «جەللادگۇر»، «خىيالىي تىۋىپ»، «چېنىش دوختۇرى» لارنى، كونسېرت نومۇرلىرىدىن «بادام قاپاق»، «ئىزمىچى گۈل» ناملىق لەپەرلەر، «ئۈچ ئۆردەك» ناملىق ناخشا، «ئاجايىپ ئۆلۈم» ناملىق كومېدىيە قاتارلىقلارنى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۆگىتىپ، سەھنىلەشتۈردۈم. مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى، ئابدۇكېرىم

رازىيوپ قاتارلىق ئارتىسلاردىن بىر قىسىم كونسېرت نومۇر-
لىرىنى ئۆگىنىپ، سەنئەت ماھارىتىم ئاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ،
تۇرپاندا ئىلگىرىكىدەك نوقۇل دراما ۋە كومېدىيە ئورۇنلاشتىن
ئاستا - ئاساستا كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاشقا ئۆتتۇق.
ئۇرۇمچىدە ئۆگەنگەن نومۇرلار ئاساسىي نومۇر بولۇپ قالدى.
كونسېرت ئويناش داۋامىدا، مەن ھۇشۇر، ئابلەت قارىلار بى-
لەن بىللە يۇقىرىقى نومۇرنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتىم. 1938 -
يىلىغا كەلگەندە، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئارقارتىش ئۇيۇشمى-
سىنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن يۆتكەپ، سانايىنەپىسەگە ئەكىرىپ قوي-
دى. مەن سانايىنەپىسىدە ئېلان يازىدىغان، بېلەت تەييارلاي-
لايدىغان ئىشلاردىن باشقا، سانايىنەپىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئىش-
لىرىنى، مەسىلەن: كىيىم - كېچەك، دېكوراتسىيە، چىراغ،
پۇل تۇتۇش، ئىش ھەققى تارقىتىش ئىشلىرىنىمۇ قىلىدىم،
مۇھىم نومۇرلارنى ئورۇنلاشقىمۇ قاتناشتىم، ئۇ چاغدىكى ئويۇن-
لار، مەيلى كونسېرت ياكى دراما بولسۇن، ناھايىتى ئاددىي
ئىدى، ئارتىسلار كۆپ ھاللاردا گىرىمسىز، پەردازسىز، ئۆز
كىيىمى بىلەنلا سەھنىگە چىقاتتى. ئەگەر ئويۇنغا كىيىم -
كېچەك، ياستۇق - كۆرپە، كەتمەن - گۈرجەك... لازىم بولۇپ
قالسا، ئارتىسلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېلەتتى - دە، ئويۇن
تۈگىگەندە يەنە ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئەنە شۇنداق جا-
پالىق، ھەقسىز ئىش بولسىمۇ، ئەمما سەنئەت ھەۋەسكارلىرى-
نىڭ قىزغىنلىقى بىلەن زادىلا جاپالىق بىلىنمەيتتى.

ئۇ دەۋردە ئارتىسلار ئارىسىدا ئاياللار يوق ئىدى. تۇرپاندا
ھۇشۇر (لەقىمى ھۇشۇرخان)، موللا ئابدۇللا ئىككىيلەن ھەرقاچان
ئاياللارنىڭ رولىغا چىقاتتى. شۇڭا، ھۇشۇرنى كىشىلەر ھۇشۇر-
خان دەۋالغانىدى. ئاياللار رولىنى ئالغان بۇ كىشىلەر كۆپىن-
چە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ، كۆپ ئازاب ۋە رەنجىشلەرگە
ئۇچرايتتى. شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلى-



غان سەنئەتكارلار بۇ گەپلەرگە قۇلاقمۇ سالماي، ئويۇن
قويۇش بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىناتتى. خەلقنىڭ كۆپىنچىسى
ئويۇنلىرىمىزنى قىزىقىپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئويۇننى ئاخشىمى
ئەمەس، تولاراق كۈندۈزى قوياتتۇق. ئويۇن قويغان كۈنى شە-
ھەر ئادەملىرىدىن باشقا، يىراق يېزا - قىشلاق ئادەملىرىمۇ
شەھەرگە كىرىپ ئويۇن كۆرەتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئاز
قىسمى ئورۇندۇقتا ئولتۇرسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى 2 - 3
سائەتلەپ ئۆرە تۇراتتى. بۇلارنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى
بىزنى تېخىمۇ كۆپ سەنئەت جەۋھەرلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى-
مىزغا، كەسىپنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، يەنىمۇ يېڭى نومۇرلارنى
ئىجاد قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولاتتى.

ئۇ دەۋردە يەنە، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ
ئىدى. پەننىي مەكتەپلەر تېخى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشمىغان
بولغاچقا، ساۋاتسىزلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ھەتتا ئۆزىنى
يۇرت كاتتىلىرى دېيىشىدىغان موللا - ئىمام-لارنىڭ كۆپىنچى-
سى ساۋاتسىز ئىدى. جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ، كوچا -
رەستىلەردە نەشە چېكىدىغان مەيدانلار، قىمار خانىلار ئاشكارا
مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي ۋە خۇراپىي
تۈس ئالغان پائالىيەتلەر بىلەن ھەر خىل دىنىي گۇرۇھلار-
نىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار سانايىنەپىسىنى
جانلاندۇرۇشقا، يېڭى مەكتەپ ئېچىش، پەن - مائارىپنى گۈل-
لەندۈرۈشكە، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىشقا تۈرلۈك يوللار بىلەن
توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە شۇنداق مۇتەئەس-
سىپلەرمۇ بار ئىدىكى، ئارتىس بولغان كىشىلەر ئۇلاردىن
ئۆي سورىسا ئۆي بەرمەيتتى، ئۆيلىنىش توغرا كەلسە ئۇلارغا
قىز بەرمەيتتى. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلاردىمۇ ئارتىس
بولغان كىشىلەرگە ئاسانلىقچە سورۇن بەرمەي، ئۇلارنى ھېساب-
نىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتەتتى. ھەتتا ئۇلار ئەرتىسلارنى «جىن-

شەيتانلار»، دراما ـ كونسېرتلارنى «شەيتانلار قىلىقى»، دراما ئويۇنىنى «جىنپەرەسلىك» دەپ قاتتىق كەمسىتەتتى. شۇ ۋەجىدىن كۆپلىگەن ئارتىسلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتىس بولغانلىقىنى، ئويۇن ـ كونسېرتقا قاتناشقانلىقىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇراتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئارتىس بولغانلىقىمنى تولا ھاللاردا ئاتا ـ ئانام ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن يوشۇراتتىم. سەھنىدىكى گىرىم قىلىش، كىيىنىش قاتارلىقلار سەنئەتنىڭ تەلىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئارتىسلار ئۆزىنى يوشۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولاتتى.

شۇ دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بىز ئارتىسلارنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنى پاش قىلىدىغان بىر دراما ئىجاد قىلىپ ئويناپ چىقانىدۇق. بۇ درامىدا، بىر ئارتىسنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندا ئارتىس ئىسقات بەرسە ئاخۇنلار پۇل تالىشىدىغان يەنى ئارتىسنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ پۇلىنى ئالغانلىقىنى پاش قىلىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. «ئىسقات تالىشىش» نامىدىكى بۇ درامىنى 1938 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (ئاپرېل بايرىمىنى تەبرىكلەش كۈنى) كۈندۈزى قويغانىدۇق. بۇ درامىدا قادىر قازى، پەيزۇللا مۇھەممەتنى، ياقۇپ مەزىن دېگەندەك بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون كىيگەن سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئارتىسلارنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئەمما ئارتىس بىر ئۆلۈمنى ئۇزاتقان كۈنى ئىسقات تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇشىدىغان كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. بىز درامىنى ئورۇنلاپ ئاشۇ ئىسقات تالىشىش كۆرۈنۈشىگە كەلگەندە، ئويۇن كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان تۇرپاننىڭ ھاكىمى نىياز ھاجىم باشلىق ئامبال، دارىن،



قازى، قىززاتلار تۇساتتىن سەھنىگە بېسىپ كىرىپ، بىزنى ئۇر كالتەك ـ سۇر كالتەك قىلىپ، سەھنىدىن قوغلىۋەتتى، سەھنىدىكى جازىلار ۋە دېكوراتسىيىلەرنىمۇ چېقىۋەتتى. بىز ئارتىسلار قورققىنىمىزدىن سەھنىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. مەنمۇ ئارتىسلىقتىن بوشاپ، يەنە مەكتەپكە كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىرەر ئايغىچە ئويۇن قويۇش توختاپ قالدى. كېيىن بۇ مەسىلە ئۆلكىگە ئاڭلانغاندىكەن. مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن تۇرسۇن ئەپەندى تۇرپانغا كېلىپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا چوڭ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئەخمەت ۋاجىدى، ناسىر ئاكا، ئەكبەرخان، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، داۋامەت ئەپەندى قاتارلىق زىيالىيلار ئاخۇنۇملارنىڭ بۇ ئىشىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ناھىيىلىك ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانايىنەپىسىنى قايتا قۇردى. سانايىنەپىسىنىڭ پايدىسىغا لاتارىي بېلىتى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا تۇرپاندىكى ئويمان دەڭنىڭ ئىچىدىگە ئاددىي بىر كۇلۇب ياسىدى. سانايىنەپىسىنىڭ مۇلۈكلىرىنى قايتىدىن رەتلىدى: مېنى يېڭىدىن قۇرۇلغان سانايىنەپىسىگە ساز باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. سانايىنەپىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللا ئەپەندى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بولدى. لاتارىيدىن كىرگەن كىرىمدىن ماڭا پۇل بېرىپ، مېنى ئۈرۈمچىدىن چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەكىلىشكە بۇيرىدى. مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە بىلەن چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىش توغرىسىدا سۆزلەشسەم، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە مېنى چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە يولغا سالدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ھارۋا بىلەن ئۈچ 18 كۈندە (ئۈرۈمچىدىن قارا شەھەرگە 18 كۈن، قارا شەھەردىن ئاقسۇغا 18 كۈن، ئاقسۇدىن قەشقەرگە 18 كۈن، جەمئىي 54 كۈن) دە

بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ هەيران قالدىم. مەن ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە ئاران باردىم. چۈنكى، توقسۇنغا بارغان كۈنى، توقسۇندىكى سانايىنەپىسە مېنىڭ بىر ئاخشام ئويۇن قويۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن توقسۇندا «پەريادەي»، «مەيلىم ئۆزۈمنىڭ»، «سىبىرىق سەبدىگۇلۇم»، «بىلەزۈكۈم» (يەنە بىر ئىسمى «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت») قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشىلار ۋە «چىش دوختۇرى» ناملىق كومېدىيە، «ۋاي، ۋاي، ۋاي» قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنلاپ بەردىم. تاماشىبىنلار قالتىس رازى بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، مەن توقسۇندا ئۈچ ئاخشام ئويۇن قويدۇم. ئاندىن قاراشەھەرگە باردىم. قاراشەھەردە پەتتارجان شىيەنجاڭ دەيدىغان سەنئەتخۇمار بىر هاكىم بار ئىكەن. ئۇ كىشى ماڭا شاكىرجان، خېۋىرئاخۇن، غۇلجىلىق نۇردۇنبەگ دېگەن ئارتىسلارنى قوشۇپ، مېنى بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا كونسېرت نومۇرلىرى ئۆگىتىپ قويۇشقا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرنەچچە ئاخشام ئويۇن قويۇپ بېرىشكە تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىرنەچچە كۈن ئويۇن قويۇپ بەردىم، بىر قىسىم نومۇرلارنى ئۆگىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراشەھەردىن كۇچاغا باردىم. شۇنداق قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا 33 كۈندە باردىم. كۇچادا مېنى بىلىدىغان ئارتىسلارمۇ بار ئىكەن. كۇچانىڭ شىيەنجاڭى توختىهاجىم مېنىڭ كۇچاغا بارغانلىقىمنى ئاڭلاپ، مېنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ كىشى ماڭا قەشقەردىن ئەكېلىدىغان سازلىرىمنى ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاڭغىچە مېنىڭ كۇچا ناھىيىلىك سانايىنەپىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى.

شۇ چاغدىكى كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى توختىهاجى شىيەنجاڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقانىكەن،



كۇچا ناھىيىلىك سانايىنەپىسىنىڭ مۇدىرى مىجىت ئەپەندى ئىكەن. مەن كۇچادا ئارتىسلىق قىلىش جەريانىدا، ئابلەت نەجمىدىن (مۇئەللىم ئابدۇراخماننىڭ دادىسى)، نىياز ئاكا (ئايىمنىساخاننىڭ دادىسى)، هاشىم هاجى (شېرىئەلىنىڭ دادىسى)، ساۋۇر ئاخۇن قاتارلىق كۇچا سانايىنەپىسىنىڭ ئاساسىي ئارتىسلىرى بىلەن تونۇشتۇم. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ يۇقىرىقى نومۇرلىرىمدىن باشقا، «جاهىل ئاتا»، «چەككۈلۈكنىڭ ئاقىۋىتى» قاتارلىق درامىلارنىمۇ ئۆگىتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئويۇن قويدۇق. شۇنداق قىلىپ، مەن كۇچادا سەككىز ئايچە تۇرۇپ قالدىم.

1938 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ گېزىتىدە ئۈرۈمچىدە «ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلىرى كۇرسى» (مەكتىپى) ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر خەۋەر بېسىلىپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۈرۈمچىگە قايتىشقا ئالدىرىدىم. لېكىن، ساز تېخى قەشقەردىن كەلمىگەنىدى. توختىهاجىم شىيەنجاڭ سازنى كەينىمدىن ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، مېنى ئۈرۈمچىگە ئۇزىتىپ قويدى. مەن ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە ئۈچ كۈندە يېتىپ كەلدىم (توختىهاجى شىيەنجاڭ مەن ئالماقچى بولغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ). شۇنىڭدىن تارتىپ 1939 - يىلى 9 - ئايغىچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسىدە ئارتىس بولۇپ تۇردۇم. مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ يازلىق تەتىل ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مەركىزىي سانايىنەپىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بۇ قېتىم كۇچادىن قايتىپ كېلىپ، مەركىزىي سانايىنەپىسىگە كىرگىنىمدە، ئۇ يەردە كۆپ يېڭىلىقلار بولغانلىقىنى كۆردۈم: يېڭى «مەدەنىيەت كۇلۇبى» پۈتۈپتۇ؛ سانايىنەپىسىگە هېممەت هېكىمى باشلىق بوپتۇ (ئۇ، ئەينى زاماندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك زى-

يالىيلارنىڭ بىرى ئىدى)؛ غۇلجىدىن ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللام، تەمبۇرچى مۇھەممەت تاھىر، دۇتارچى مەرۇپ ئاكا، قومۇلدىن غىجەكچى خوش - خوش ئاخۇنبەگ، ئاقپاشا، ئاقايىلا قاتارلىق داپەندىلەر يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. بۇ ئۆمەك ئابدۇكېرىم رازىيوپ، مۆمىن ئەپەندى، ئەبەي ناسىرى، رابىيە، تۇراخۇن، چوڭئاخۇن، ئابدۇگۇل، ئابلىز شېرىپ، پەتتارجان، نۇراخانىم، پەرىدە ئېلىيوۋا، جەمىلە، ئايىم رازىيوۋا قاتارلىق ئارتىسلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «ئارشىن مال - ئالان» دېگەن سەھنە كىتابىنى تەييارلاۋېتىپتۇ. ھېممەت ھېكىمى مېنى «بۇ درامىنىڭ مۇزىكىسىنى ئورۇنلاشقا قاتناشقىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسكىرىپكا چېلىپ، بۇ درامىنىڭ مۇزىكىسىنى ئورۇنلاشقا قاتناشتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھېممەت ھېكىمى «قانلىق داغ» تىياتىرىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا «ئانارگۈل» درامىسىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدا مەن دېكوراتسىيىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ كۈنلەردە ھېممەت ھېكىمى سانايىنەپىسىدە ئۈچ ئايلىق بىر مۇزىكا كۇرسى ئاچقانىدى، مەنمۇ بۇ كۇرسقا قاتناشتىم. ئوقۇتقۇچىلار سەيدۇللام، مۇھەممەت تاھىر، مەرۇپ ئاكىلار ئىدى. مەن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەندىم؛ پەرىدەم، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، پۇئەيدە، پەخرىدىن قاتارلىقلار ماندولىن چېلىشنى ئۆگەندى؛ ياسىن، ئابدۇراخمانلار تەمبۇر چېلىشنى، ئىسمايىل بىلەن راخمان ئىككىسى دۇتار چېلىشنى ئۆگەندى. مۇھەممەتجان ئىسمايىل بىزنىڭ مۇئەللىملەرگە نوتا ئۆگەتتى. بىز كۈندۈزى كۇرستا مۇزىكا چېلىشنى ئۆگەنسەك، كەچلىك ئويۇندا مۇزىكا چېلىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشاتتۇق.

مۇزىكا كۇرسى تۈگەپ، 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلىرى كۇرسىنىڭ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدۇق. بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن نۇرغۇن



ئادەم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي ئۇيۇشمىلىرىدا يېتىپ - قوپۇپ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە مۇدىرى ھېممەت ھېكىمى ئۇلارغا: «ئىمتىھانغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن، سىلەر بىكار ياتماي ئويۇن قويۇڭلار. ھازىر بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بېرىدىغان ئويۇن قويۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىشكە ئىئانە توپلاۋاتىمىز. سىلەرمۇ بىلەت سېتىپ ئويۇن قويۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىڭلار، ئابدۇكېرىم رازىيوپ سىلەرگە ياردەملەشسۇن. سىلەر بىر سەھنە كىتابى تېپىپ، جىددىي تەييارلاپ سەھنىلەشتۈرۈڭلار» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم رازىيوپ بىزنى يىغىپ، بىر ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى. گۇرۇپپىغا ئۆزى باشلىق بولدى، ئۇ يەنە، مەن، چۆچەكلىك مەشرەپ، ساۋۇتخان، غۇلجىلىق ياسىن ھەسەن، ئۇچتۇرپانلىق يۇسۇپجان قاتارلىقلاردىن ئايرىم بىر ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى. بۇ گۇرۇپپا ئىككى كېچە - كۈندۈز ئولتۇرۇپ، «ئالدىنقى سەپكە ياردەم» ناملىق تۆت پەردىلىك بىر سەھنە كىتابىنى يېزىپ چىقتۇق. بۇ سەھنە كىتابىنى ئابدۇكېرىم رازىيوپنىڭ رېژىسسورلۇقىدا مەدەنىيەت كۇلۇبى، ئۆزبەك ئۇيۇشما كۇلۇبى ۋە قازاق - قىرغىز كۇلۇبلىرىدا ئون ئاخشامدەك ئوينىتىپ چىقتۇق. شۇ كۈنلەردە يەنە بىرقانچە كونسېرت نومۇرلىرىمۇ تەييارلاپ، كۈندۈزى ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي كوچىلىرىدا، ئادەم توپلاشقان جايلاردا قويدۇق، بىلەت ساتمىدۇق، لېكىن، ئويۇننى كۆرگەن خەلق ئۆزلۈكىدىن پۇل، ماتا، چەكمەن، چاي، كېيىم - كېچەك، ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش بىلەزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى بەس - بەس بىلەن ئىئانە قىلدى. شۇ چاغدا بۇ پۇللارغا 100 قوي ئالغىلى بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، كۇرس ئىم-

ھانىغا قاتناشتۇق. ئىمتىھان خېلى چىڭ ئېلىندى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر كۇرستا ئوقۇشقا قالدۇق، ئۆتەلمىگەنلەر يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. مەن 20 نەچچە ئوقۇغۇچى قاتارىدا ئالىي سىنىپقا قوبۇل قىلىندىم. بۇ، مېنىڭ ئۆمۈر تارىخىمدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر ئىش بولدى.

## 2

شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلىرى كۇرسى 1939 - يىلى 1 - ئايلاردا ئۆلكىلىك مەركىزىي خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ يېنىدىكى بىر مەكتەپتە رەسمىي باشلاندى. بۇ كۇرس ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا داموللا، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قۇربان نىياز شاھىدى، ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى رىشىت بوۋا، قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رائىسى شەمسى ئەپەندى، موڭغۇل ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى × × × لارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، پېشقەدەم كوممۇنىست لىن جىلۇ، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇڭشىلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېچىلغان شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق مەدەنىيەت - سەنئەت ئىلمىي كۇرسى ئىدى. كۇرسقا ھەر مىللەت ياشلىرىدىن 220 چە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل ئىدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا زور تەييارلىقلار بىلەن ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىم يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىدە



«شىڭ دۇبەن سۆزلەيدۇ» دېگەن بىر ماددا بار ئىدى. ئەمما، شىڭ شىسەي يىغىنغا كەلمىدى. ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى مىڭ يىمىن سۆزلىدى. كۇرستا دەرس باشلانغاندىن كېيىن، ئاساسىي ئوقۇتقۇچىلىرىمىز شىن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى، شىڭ زىيەن، بەي دافاڭ، جاۋ دەن، ۋاڭ ۋېنيۇ، يۈسۈن، ئابدۇللا داموللا، ئابدۇراخمان سۇلايمان، ئابدۇكېرىم رازىيوپلار بولدى. دەرسلەرنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى شىڭ شىسەي سۆزلەيتتى؛ ئەي سىچىڭنىڭ پەلسەپىسى، «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى»، «ئۇيغۇرتىلى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئابدۇراخمان سۇلايمان، «مىللىي سىياسەت» نى ئابدۇللا داموللا، «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» نى بەي داخاڭ، «سىياسىي ئىقتىساد» نى زاڭ فاڭچاۋ، «ئومۇمىي پەلسەپە» نى جاڭ جۇڭشى، «سوئاللارغا جاۋاب» نى شىن يەنبىڭ، «ئېقىم مەسىلىلىرى» نى چىڭ تەنچيۇ بىلەن ماۋ زېمىن، «سەنئەت كەسپى» نى جاۋ دەن، «رېژىسسورلۇق ۋە ئارتىسلىق كەسپى» نى ۋاڭ ۋېنيى، «شېئىر - ناخشا دەرسى» نى يۈسۈن بىلەن ئابدۇكېرىم رازىيوپ، «جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى» نى زۇنۇن ئوسمان ئۆتەتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى ئەستايىدىل سۆزلەيتتى، سوئاللارغا ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ دەرسلەرنى ئىنتايىن قىزىقىپ ئاڭلايتتى. دەرس ئۆتۈشتە جاڭ جۇڭشى، شىڭ زىيەن ۋە لىن جىلۇلارنىڭ لېكسىيىلىرى بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىنەتتى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە تىياتىرچىلىق ۋە ناخشا - مۇزىكىغا ئائىت دەرسلەر مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، دائىم تانسا كېچىلىكىدە ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش بولۇپ تۇراتتى. دارىلمۇئەللىمىن، گىمنازىيە (ئوتتۇرا مەكتەپ) ئوقۇغۇچىلىرى ۋە شەھىرىمىزدىكى شىنجاڭ شۆيۈەن، ئۆلكىلىك

سىڭەن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇ مەكتەپ بىلەن ناھايىتى قىزغىنلىق كەيپىياتتا قويۇق ئالاقە قىلىپ تۇردى.

لېكىن، دەرس باشلىنىپ بىرىنچى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەكتەپ ئىچىدە قانداقتۇ سوغۇقلۇق كەيپىيات پەيدا بولۇشقا باشلىدى: مەكتەپ مۇدىرى شىن يەنبىڭنىڭ ئەپەندى بىزگە ماركسىزىم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن دەرس بېرىپ، مەكتەپنى شۇ يولغا يېتەكلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تۇساتتىن دادىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، مەكتەپنىڭ پىنىدىكى لۇجىڭمياۋ بۇتخانىسىدا ئەڭ خۇراپىي ئادەت بويىچە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى ئەڭ كونا پاسوندىكى مۇسىبەت كىيىمىنى كىيىپ، بۇتخانىدا قايغۇ بىلەن يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا شىيالڭ تۇتقۇزۇپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ مېيىت ئۈزىتىدىغان كونا قائىدىسى بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزدى ۋە ئەتىسىلا شائىخەيگە كەتتى. بۇ ئىشقا بىز ھەيران قالدۇق ۋە قاتتىق ئويلاندۇق. ئاندىن ۋەزىيەت ئۈستىدە ھەر خىل گەپلەر پەيدا بولۇپ، مەكتەپ ئىنتىزامى قايتىدىن چىڭىتىلدى. ئاستا - ئاستا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۇتقۇن قىلىش، تەرتىپكە سېلىشتەك ئىشلار ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ ئالىي سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇۋەلى(ئۆزبېك) تۇتۇپ كېتىلدى، ئارقىدىن ئاقسۇدىن كەلگەن يۈسۈپجان، چۆچەكتىن كەلگەن مەشرەپلەر تۇتۇپ كېتىلدى؛ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۈگۈر، باي، تۇرپاندىن كەلگەن مەتسىمىن، رەخمۇتىللا، ئابدۇكېرىم سەئىدى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلدى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى ياتاقلىرى بېرىلمەي، لۇجىڭمياۋ بۇتخانىسىدىن بەش ئېغىز ئۆي ئاجرىتىلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىراقلا بۇتخانىغا كۆچۈرۈۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ئەھۋالى قىيىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق راسخوتىمۇ قىسقارتىۋېتىلدى؛ ئىلگىرىكى



ياخشى تاماقلار بىراقلا يوقىتىۋېتىلىپ، شىفەن، موما قاتارلىق گۆش - مايسىز تاماقلار بېرىلىدىغان بولدى. ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشقا بېرىلىپ كېلىۋاتقان سوپۇن، ئىسسىق سۇلار كېيىنچە بېرىلمەي، ئوقۇغۇچىلارنى شىمىگوغا چىقىپ سوغۇق سۇدا كىر يۇيۇدىغان قىلىپ قويدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن جاڭ جۇڭشى، بەي دافاڭ، جاۋدەن، سۇلايمانوپ، زۇنۇن ئوسمان قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەندە، شىڭ دۇبەنگە دارتىملاپ ۋە نارازى بولۇپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ: «كېلەر سائەتتە مەن يەنە دەرس سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىسام، داۋامىنى سۆزلەيمەن» دېيىشلىرى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ دەرس سۆزلەش ئىرادىسىدىن قىلچە بوشاشمىدى، ھەر قانداق خېيىم - خەتەرنى بېشىغا ئېلىپ قويۇپ سۆزلەۋەردى.

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ تۇتقۇن قىلىش باشلاندى. ئەڭ ئاۋۋال شىنجاڭ ھەربىي مەكتەپتىن بىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ گۈكېينى، شىنجاڭ شۆيۈەندىن بىزگە ئىلمىي باشقارما باشلىقى بولۇپ كەلگەن ئىككى مۇئەللىمنى (ئىسمى يادىمدا يوق) تۇتۇپ كەتتى؛ ئاندىن ئابدۇللا داموللا، زۇنۇن ئوسمان، ئابدۇراخمان سۇلايمانوپ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تېگى بارا - بارا بىزگىمۇ مەلۇم بولۇشقا باشلىدى: بۇ، مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلىرى كۇرسىنى ئېچىشنى ئەسلىدە چياڭ تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، ئابدۇللا داموللا قاتارلىق كىشىلەر ۋە ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرى تەلەپ قىلغانىكەن. لېكىن، كېيىن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە شىڭ شىسەي قارشى تۇرۇپتۇ. چۈنكى، كۇرسنىڭ ئاساسىي ئوقۇتقۇچىلىرى كوممۇنىستلار ئىكەن، دەرس

لەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ كوممۇنىستلارنى، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان دەرسلەر ئىكەن. شىڭ شىسەي بۇ توغرىدىكى نارازىلىقىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، دەرس باشلانغاندىن كېيىن ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كوممۇنىستلارنى ئاستا - ئاستا تۇتقۇن قىلغان؛ «مىللىي مەسىلە»، «پەلسەپە»، «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى»، «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» قاتارلىقلارنى ئوقۇشنى مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەكتەپنى توختىتىپ قويالمىغان. كېيىن ئاڭلىساق، شىڭ يەنىڭنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكىنى يالغان ئىكەن. باشقىلار شىڭ شىسەينىڭ يامان نىيىتىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن شىنجاڭدىن كېتىش يولىنى كۆرسەتكەن (شىڭ يەنىڭ يالغان مۇراسىم بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ كېتىۋالغانىكەن). ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماقلىرىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىمۇ شىڭ شىسەينىڭ بۇ مەكتەپكە ئۆچمەنلىكىدىن بولغان.

1940 - يىلدىن باشلاپ بىر قىسىم دەرسلەر ئازىيىشقا باشلىدى. دەرسلەر كۆپرەك ناخشا، مۇزىكا، تىياتىرچىلىققا مەركەزلەشتى. بۇ چاغدىكى سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورتاق تەلىپى سەنئەتنى يېزىغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «سىلەر مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەھەرلەرگىلا قىزىقىپ كەتمەڭلار، يېزىلارمۇ ياخشى. يېزىدا چاۋاكنى قاتتىق چالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، يېزىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. يېزا كەڭ زېمىن، ئۇ يەردە ئويۇننى قانچىكى كۆپ قويسا، خەلق قىزىقىپ كۆرىدۇ» دېگەن. كېيىن بىز بۇنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۇق. ئۇلارنىڭ دېگىنى «يەنئەن روھى» ئىكەن. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، سەنئەتنىڭ نەزەرىيە دەرسى قىسقىراپ كەتكەن بولسىمۇ، تىياتىر قويۇش، ناخشا ئېيتىش، رەسىم سىزىشلار كۆپەيدى. جاۋدەن، ۋاڭ ۋېنـ



يۇ، بەي دافاڭلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خەنزۇ ئويۇشمىسى قارىمىقىدا ياشلارنىڭ تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكىنى قۇرۇپ، بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزالىرىنى ۋە مەكتەپتىكى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، «كۈرەش»، «ۋەتەن»، «قىزىل ئارمىيە»، «ياشسۇن يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەيدىغان تىياتىرلارنى ئارقا - ئارقىدىن قويۇپ، شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. مەن بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بۇ تىياتىرلارنى ئويناشقا قاتناشتىم. كېيىن بىز «ئۆز مۇھىت» دېگەن درامىنى ئوينىدۇق. مەن بۇ درامىدا ياپون گېنېرالىنىڭ رولىنى، «ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ» دا بىر بوۋاينىڭ رولىنى ئالغانىدىم. مەن بۇ روللارنى ھەقىقەتەن ئوبدان ئورۇنلىدىم. بۇ درامىلارنى كۆرگەن رېژىسسور جاۋدەن مېنىڭ ماھارىتىمگە قايىل بولۇپ، مېنى ئۆيىگە ئالاھىدە مېھمانغا چاقىردى. ئەتىسى مەكتەپنىڭ چوڭ يىغىنىدا بۇ ئويۇنلار مەكتەپ تەرىپىدىن خۇلاسە قىلىندى؛ مەن ۋە شىياڭ شۆۋېن دېگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەپ ئېلان قىلدى. ئوقۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا، سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بىر - بىرلەپ قاملىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا جاۋدەن، ۋاڭ ۋېنيۇ، يۈسۈپ، ئابدۇكېرىم رازىيوپ، تەرجىمانلاردىن ئىلھامجانوپ، ئەبەيدۇللا باستىلارمۇ بار ئىدى. مەكتەپتە كۈرس باشلىقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قالمىغاندەك بىر خىل ئەھۋال شەكىللەندى. شۇڭا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمۇ غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئىنتايىن سۇس ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىمدىمۇ شىڭ دۇبەن سۆزلىمىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا سۆزلىگەن كىشى كۈرسنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئېلان قىلـ

دى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «كۇرستا مەدەنىيەت — سەنئەت دەرسلىرى ئوبدان ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، سىياسىي دەرس ياخشى ئۆتۈلمىدى. ئەتىدىن باشلاپ مەدەنىيەت — سەنئەت دەرسى توختىتىلىپ، ئۈچ ئاي سىياسىي دەرس ئۆتۈلىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ئەتىسى ئوقۇغۇچىلار ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىناغا (شۇ چاغدىكى سىياسىي كۇرسقا) يۆتكەپ كېتىلدى. بۇ كۇرسنىڭ باشلىقى لياڭ ئۇ دېگەن كىشى ئىدى. كېيىن ئۇقساق، بۇ كىشى لىن جىلۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ شۆبىسىگە ئىلمىي مۇدىر بولغانىكەن. بۇ كۇرستا ئالتە خىل سىياسىي دەرس سۆزلەندى. لېكىن، ۋاقىت تولاراق ئوقۇغۇچىلارنى جىنايەتچىلەردەك ئېغىر ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئۆتتى. قىسقىسى، ئوقۇغۇچىلار رىجىم ئاستىدا ئوقىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەندىن كىرىش — چىقىشتا، بولۇپمۇ سومكىسى كۆتۈرۈپ كىرگەن ياكى چىققان بولسا قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتى جۇشقۇن بولۇۋەردى. ئېغىر ئەمگەك، قاتتىق ئىنتىزام ۋە سىياسىي بېسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىنى، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىزنى ئەمگەك مەيدانىدىن تۇيۇقسىزلا تىزىلدۇرۇپ مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. بىر ئىنتايىن جىددىيلىك ئىچىدە مەكتەپكە كېلىپ سىنىپقا يىغىلدۇق. شۇئان دوسكىغا «پەندىخۇي (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) ئەزالىرى ئۆزۈڭلارنى تىزىملىتىڭلار» دېگەن خەت يېزىلدى. مەن بىللە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان شياڭ شۆۋېن قېشىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا: «ئىسمىڭنى يازغۇزما، ئېھتىمال ئۇلار پەندىخۇي ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ قويدى. مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ



مۇددىئاسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، سىنىپ ئىچىدە ھېچكىممۇ ئۆزىنى «مەن پەندىخۇي ئەزاسى» دەپ تىزىملاتماي جىم ئولتۇرۇۋالدى. سىياسىي كۇرسنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى قورقۇتۇش، زورلۇق قىلىش بىلەن قامال قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلار پۇرسەت تاپسىلا ئىنقىلابىي شېئىر ۋە ھېكايە يېزىش، سەھنە ئەسىرى يېزىش ئىشلىرىدىن يالتايمايتتى. مەنمۇ باشقىلاردىن يوشۇرۇپ «بىزنىڭ ۋەتەن» ناملىق سەھنە ئەسىرى يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇ كۈنلەردە لۇتپۇللا مۇتەللىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدىغانىغا مەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، مەن ئۇنىڭغا مەكتەپتىكى بۇ جىددىيلىكنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «توپىلاڭ» ناملىق بىر رومانىنى بەردى ۋە: «بۇ رومانىنى يېرىم كېچىدە يوتقانىڭنىڭ ئىچىگە تىقىپ بولسىمۇ كۆرگىن» دېدى. مەن ئۇنى ھەيرانلىق ھەم قىزغىنلىق ئىچىدە مەخپىي ئوقۇپ چىقتىم. بۇ روماندا ئاساسەن سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىشلىرى بايان قىلىنغانىكەن. بۇ رومانىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، نەزەر دائىرەم يەنىمۇ ئېچىلغاندەك بولدى، سىياسىي سەزگۈرلۈكۈم يەنىمۇ ئاشتى.

مېنىڭ مەكتەپتە سەنئەت نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئالغان بىلىمىم مېنىڭ تىياتىر توغرىسىدىكى قاراشلىرىمغا زور تەسىر كۆرسەتتى. مەن ئىلگىرى تىياتىرنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى دەپ قارايتتىم. كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، مېنىڭ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچەم توغرىلاندى ۋە چوڭقۇرلاشتى، تىياتىرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە، ئارتىستلىقنىڭ ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بىر پەن ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندىم. بىر كۈنى ماڭا مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن مائارىپ نازارىتى

ئەستىقلىغان بىر پارچە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش خېتى كەلدى. مەن خەتنى كۆرۈپ شۇ كۈنىلا ئورۇن — كۆرپەمنى ۋە ئىسكىرىپكامنى كۆتۈرۈپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا باردىم. سىياسىي كۇرس تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئۇيۇشمىدىن مېنى ئۆلكىلىك سانايىنەپىسنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. مەن شۇئان ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن سانايىنەپىسگە بارسام، مېنى ئابدۇكېرىم رازىيوپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ماڭا مۇنداق دېدى: «كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، بىز ئارتىسلار سىزنى ئۇيۇشمىغا كەلسۇن دەپ تەلەپ قىلغانىدۇق. ئۇيۇشمىنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە دەپ بەرسەم، ھازىر ئۇيۇشمىدا ئۆزگىرىش چوڭ. بىز مەدەنىيەت — مائارىپ، ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشىنى دەپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ھۆكۈمەتتىكى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر مەدەنىيەت — مائارىپ، ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىدە ئىشلەۋاتقان غوللۇق زىيالىيلارنى يوقىتىشقا كىرىشتى. بۇ ئىش يالغۇز ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال قۇربانىياز شاھىدىنىنى تۇتۇپ كەتتى. ئاندىن ئەزالار ئابدۇللا داموللامنى رەئىس قىلىمىز دېسە، بىر كېچىدىلا ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇيۇشمىدىكىلەر تاشكەنتتە ئوقۇغان ئابدۇللا ھۇشۇروپنى رەئىس قىلىمىز دېيىشۋىدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇيۇشما ئەزالىرى ھېممەت ھېكىمنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ۋاقىتلىق بولسىمۇ رەئىس بولۇپ بېرىڭ دەپ سايلىۋىدى، ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيۇشمىدىكىلەر تاشكەنتتە ئوقۇغان ئاقسۇلۇق زىيالىسى ئابدۇللا داۋۇتنى رەئىس قىلدى. ئابدۇللا داۋۇت ئۈچ ئايغىچە ناھايىتى قورقۇپ يۈرۈپ ئىشلىدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىمۇ قامىۋې-



تىپ، خەلقنىڭ سايلىشىغىمۇ يول قويماي، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاسىم قۇربانىنى ئۇيۇشمىغا رەئىس، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دىكى ئىسمايىل تاھىرنى مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ بېكىتتى. لېكىن، سىز بىلەن بىز ھەرگىز ئالدىراپ — تېنەپ گەپ قىلىپ سالمايلى، باشنى چۆكۈرۈپ ئارتىسلىقىمىزنى قىلىۋېرەيلى. ھازىر بىزگە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، نېمە ئىشىمىز بولسا شۇلاردىن سورايمىز. تېخى يېقىندىلا مۆمىن ئەپەندىدەك شوپۇر، تۇراخۇندەك ئاددىي ئارتىسلارنىمۇ تۇتۇپ قامىۋەتتى. بۇ گەپنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك. يېقىندا شەھەر بويىچە بارلىق سانايىنەپىسلەرنىڭ ئويۇن قويۇش مۇسابىقىسى بولماقچى، بىز دەرھال شۇنىڭغا ئۇلگۇرتۇپ بىر دراما ۋە بىر كېچىلىك كونسېرت تەييارلىماقچى بولۇۋاتىمىز. سىز مۇشۇ ئىشقا تەييارلىق قىلىڭ».

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقىغا خۇشال بولغان بولسامۇ، ئەمما مەدەنىيەت — سەنئەت ساھەسىدە بولۇۋاتقان تېررورلۇقلارغا قاتتىق ئېچىندىم. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭدا مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچى، فېئودال كۈچلەر، دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان خۇراپاتلارغا زەربە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى خېلىلا يەرگە ئۇرۇلغان پەيتتە، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ قاماپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى قايتا كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن

فېئودال كۈچلەر پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ۋە ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلىپ، يېڭى مەكتەپ ئېچىش، كۇلۇب ياساش، كۇتۇپخانا ئېچىش ئىشلىرىغا يول قويمىدى. مەسىلەن، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە ئۇيۇشمىسىدىن قاسىم ھاجى، لېتىپ باقى، ئىمىن ئەپەندى قاتارلىق سەككىز كىشى كونىراپ كەتكەن بىر بارلىق كۇلۇبىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن تېمىنى قايتىدىن ياساۋاتقاندا، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئۇلارغا: «كۇلۇب ياسايمىز دەپ مەسچىتنى بۇزدى» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۆلۈم جازاسى بەردى. ھەممە ئۇلارنىڭ بۇ «گۇناھ» لىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۇدا 10 كۈن ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ «قىلمىشى» نى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىغە «ئىبرەت» قىلدى. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، ئاقارتىش ۋە سەنئەت تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغان مۇنداق ناھەق ھۆكۈملەر شىنجاڭدىكى پېشقەدەم كوممۇنىستلار، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىلغار زىيالىيلار ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مەدەنىيەت – سەنئەت كادىرلىرىنى ئەنە شۇنداق نابۇت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىز ئۆلكىلىك سانائىنەپىسە قوشۇنىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، چۆچەكتىن قەمبەرخانىمنى، قەشقەردىن سەمەت ئابدۇللانى يۆتكەپ ئەكېلىپ، ئۆز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق سەنئەت مۇسابىقىسىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر سانائىنەپىسە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ مۇكاپاتلاندى؛ باھالاش ھەيئىتى مېڭى بىر ماندالىن بىلەن، قەمبەرخانىمنى رەخت بىلەن مۇكاپاتلىدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يىغىنىدىكى پراكتىكا تىياتىرىمۇ جاۋدەن، زەي دافاڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە،



«ۋەتەن»، «گۈرەش»، «قىزىل ئارمىيە»، «ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۈرۈمچىنىڭ مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئۈزلۈكسىز قويۇپ تۇردى. ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت مەكتەپلىرىمۇ كوچا – كوچىلاردا 18 – سىنتەبىرگە بېغىشلانغان ناخشىلار، ماي ناخشىسى قاتارلىق ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئوقۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئۆلكىلىك مەدەنىيەت – سەنئەت كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرمىللەت تىلىدا چىقىرىلغان گېزىت – ژۇرناللاردا يېڭى مەدەنىيەتنى تەرغىب قىلىپ، نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى؛ ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى سەھنە ئەسەرلىرىنى ۋە شېئىر – ناخشىلارنى ئۆگىتىپ، ئۆز يۇرتلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، شۇنىڭدەك تىياتىرچىلىق ئىشلىرىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بىز ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆلكىلىك سەنئەت ۋە تىياتىر پائالىيىتىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە شىنجاڭ شۆيۈەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، 6 – باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەملەشتۇق. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، يازغۇچى ئەخمەت زىيائىي، نۇر بوساقوپلار، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زەيدىن شالىيوپلار، 6 – ۋە 7 – باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئەخمەت شايۇپ، ئىمىن تۇرسۇن، ئەخمەت رېھىم قاتارلىقلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا تىياتىر ۋە سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

بىز ئۆلكىلىك سانائىنەپىسىنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈ-

روشەن ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە بىر ئىجادىيەت كوللېكتىۋى تەشكىل قىلدۇق. بۇ كوللېكتىۋنىڭ ۋەزىپىسى ئوينالغان تىياتىرلارنى ئۇدۇللۇق باھالاپ ۋە نازارەت قىلىپ، ئەرتىسلەرنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بىز ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپلىرىدە سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان يۇقىرىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە دراماتورگلاردىن باشقا، يەنە ئابلىز شېرىپ، ئىبراھىم قۇربان، زەيدىن سالىيوپ، تۇرسۇن ۋاجىدى، ئىمىن ئەخمىدى، مەتىمىن توختايوپ، ياسىن ھەسەن، ئىسمايىل تاھىر، ئابدۇخالىق رەسسام قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلدۇق؛ ئابدۇكېرىم رازىيوپ بىلەن ئىككىمىزمۇ قاتناشتۇق. بۇ يولداشلار يۇقىرىقى تەكلىپكە بىنائەن، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسنىڭ كەسپىي نازارەتچىسى ياكى بەدىئىي رەھبىرى سۈپىتىدە، ھەر قېتىم سەھنىدە ئوينايدىغان سەھنە كىتابىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ، قايسى كىتابنى ئاۋۋال ئويناش ۋە قانداق ئويناشنى قارار قىلاتتى؛ ئويۇن تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، گېنېرالنى رېپېتىتسىيەنىمۇ ئىجادىيەت كوللېكتىۋىدىكى يولداشلار بىر قېتىم تەپسىلىي كۆرۈپ، پىكىر بېرەتتى؛ ئويۇن سەھنىدە رەسمىي ئوينالغاندىن كېيىن، ئويۇننىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى، ئەرتىسلەرنىڭ رولنى مۇۋاپىق ئورۇنلىيالىغان ـ ئورۇنلىيالمىغانلىقىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ باھالايتتى؛ ھەتتا ئۇلار ھەر قېتىملىق دراما ھەققىدىكى تەسىراتىنى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ماقالە قىلىپ يېزىپ تۇراتتى. شۇ مەزگىلدە بىز زور ھازىرلىق بىلەن «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى قويغاندۇق. ئەتىسى «شىنجاڭ گېزىتى» گە شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ بىر ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدە ئوپېرادىكى غېرىبنىڭ (رولنى مەن ئالغان) تاغ ئارىسىدا چاي قاينىتىش ئۈچۈن سوۋېت



ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئايروپىلان سۈرىتىنىڭ سەرەڭگىنى ئىشلەتكەنلىكى، يەنە بىر كۆرۈنۈشتە قاراقچى رولىنى ئالغان ئابلاجاننىڭ بېشىغا كافكازچە تۇماق، پۇتىغا بەتىنكە كىيىۋالغانلىقى، قۇلىنىڭ رولىنى ئالغان ئابلىز ھامۇت بىلەن غوپۇرجانلارنىڭ كەشتىلەنگەن ئۇكرائىن كۆڭلىكىنى كىيىپ چىققانلىقى، بۇلارنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەن زاماندىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا پەقەت ماس كەلمىگەنلىكى ئاجايىپ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەنقىد قىلىنغان. شاھى ئابباسنىڭ رولىنى ئالغان ئابدۇكېرىم رازىيوپ ئاتۇشلۇق بولغاچقا، ئۇ «سەنەمجان» نى «سىنەمجان»، «قاراپ» نى «قايلاپ»، «مەقسەت» نى «مىقسەت»، «مەكتەپ» نى «مىكتاپ» دەپ تەلەپپۇز قىلغانىدى. بۇنى يازغۇچى زەيدىن سالىيوپ سىزىۋېلىپ، گېزىتكە يازغان ماقالىسىدە بۇنداق تەلەپپۇز قىلىشنىڭ سەھنە تىلىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، قاتتىق تەنقىد قىلغان. بىز يەنە «ئارشىن مال ـ ئالان» دراممىسىنى ئوينىغاندا، مەن ئەسقەرنىڭ رولىنى ئالغانىدىم. ئەسقەر بىلەن سۇلتان بەگنىڭ دىئالوگىدىكى «بەگ ئاتا، مەن كىچىك ئاپامنى سىزگە بەرگەندىن كېيىن، سىز گۈلچەھرەمنى ماڭا بېرەمسىز؟» دېگەن سۆزنى مەن ئالدىراشچىلىقتا: «بەگ ئاپا، مەن كىچىك ئاپامنى بەرگەندىن كېيىن...» دەپ ساپتىمەن. سۇلتان بەگ رولىنى ئورۇنداۋاتقان ئابدۇكېرىم رازىيوپ مېنىڭ بۇ خاتالىقىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، «كىچىك ئاپاڭ ئۆيۈڭدە تۇرسا، نېمە ماڭا دەپ يۈرىسەن؟» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغانىدى. ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇنداق چاندۇرۇشنى دەرھال سېزىۋالغانىكەن. ئەتىسى ئۇ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، بۇنى «سەھنە تىلىدىكى زور خاتالىق» دەپ تەنقىد قىلدى. دېمەك، ئىجادىيەت كوللېكتىۋىدىكى يولداشلار سانايىنەپىسىمىزنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىكى يېتەر-

سىزلىكلىرىنى تۈزىتىشتە ئاجايىپ ياخشى يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار بۇ خىزمەتنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ قىلاتتى ـ دە، سەھنە كىتابىنى باھالاش، ئويۇن كۆرۈپ پىكىر بېرىش، ماقالە يېزىش ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ھەق ئالمايتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى پەقەت مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى جۈملىدىن تىياتىر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيتتى.

مۇنداق بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: 1941 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، بىز ل. مۇتەللىپنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنىڭ 6 ـ كۆرۈنۈشىگە تەقلىد قىلىپ يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك ئوپېراسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققانىدۇق. ئۇنىڭغا مەن رېژىسسورلۇق قىلغان. ل. مۇتەللىپ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئوپېرادىكى باش قەھرىمان ×× نىڭ رولىنى ئۆزى ئوينىغانىدى. بىر نەچچە كۈن جاپالىق تىرىشىش ئارقىسىدا بۇ دراما مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. شۇ كۈنى كەچتە ل. مۇتەللىپ تۆت بولاق قەن، بىر ئاز پېرەنىك، 20 دەك ئاق نان ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇ ئوپېرانى ئورۇنلاشقا قاتناشقان ئەرتىسلەرگە چاي بەردى. بۇ ئۇنىڭ ئاددىي زىياپىتى ئىدى. ئۇ، چاي قۇيغاچ ئولتۇرۇپ: «سىلەر بۇ ئوپېرانى ئورۇنلاش داۋامىدا كۆپ جاپا چەكتىڭلار. مەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ 6 ـ مەكتەپكە رەسمىي دەرس بەرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ماڭا ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئېسىمگىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئۇلار تۈنۈگۈن ماڭا: «سىزنىڭ ئىش ھەققىڭىز» دەپ ئازراق پۇل بەردى. بۇ نەرسىلەرنى شۇ پۇلغا ئەكىردىم. ئاز بولسىمۇ تەڭ يەپ ـ ئىچەيلى. مېنىڭ سىلەرگە يەنە بىر تەلىپىم: بۇ سەھنە كىتابلىرى («بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «ساماساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىقلارنى دېمەكچى) نى گېزىتخانىغا



ئاپىرىپ قويۇپ بەرسەڭلار. مەن تۈنۈگۈن نۇر بوساقوپ بىلەن كېلىشىپ، گايىت ئاكىنىڭ دېگىنى سوزاپ قويدۇم. ئويۇننى شۇ يەردە قويساق بولىدۇ. بىز گېزىتخانىدا نابورچىكلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇنىڭغا سىراجىدىن بىلەن ئابدۇكېرىم ئاكا ئىككىڭلار ئازراق ياردەم قىلساڭلار. بىز يەنە كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ ئىشلارنى جاپا تارتساقمۇ چوقۇم قىلىمىز» دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك ۋە كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. بىز چوڭ كۆرۈككە بېرىپ، گېزىتخانىدا ئويۇن قويدۇق. ئۇ يەردە لۇتپۇللا ئىككىمىز ئازراق سۆزلىدۇق. كېيىن نابورچىك ئىشچىلارمۇ خۇشاللىق بىلەن سەنئەت ئۆمىكى قۇردى. گېزىتخانىدىكى بۇ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە لۇتپۇللا باشلىق، نۇر بوساقوپ مۇئاۋىن باشلىق بولدى. نۇر بوساقوپ بىلەن ئابلىمىت يەنە گېزىتخانا ئەترابىدىن يىغقان نەچچە يۈز كىشىنىڭ كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇردى. بۇ ئىشلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نۇر بوساقوپلارنىڭ ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن قىلىۋاتقان خالىسانە ئەمگىكى ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىز گېزىتخانىغا چىقساقمۇ، ئۇلار بىز تەرەپكە (نەنمېنگە) كەلسىمۇ، قار ـ يامغۇر دېمەي، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي، پىيادە بېرىپ كېلەتتۇق. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا، ھەممە يەرنى زۇلمەت ـ قاراڭغۇلۇق باسقان ئاشۇ كونا جەمئىيەتتە مىللىي سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە بارلىق كۈچىنى ئاتىغان ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئوت يۈرەك، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلىرىمىز ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ھارماي ـ تالماي، كۆيۈنۈپ ئىشلىگەن، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، مىللەت ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، خالىسانە تۆھپە ياراتقان

ئالىيجاناب خىسلىتىنى بۈگۈنكى بەختلىك دەۋردە ياشاۋاتقان بەزى ياشلارنىڭ ھەدېسىلا راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قاچىدىغان، ھەممىلا ئىشتا پۇلنى ئۆلچەم قىلىپ، مەنپەئەتپەرەسلىككە بېرىلىدىغان، ئازغىنا بولسىمۇ خالىسانە ئىش قىلىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايدىغان تەرەپلىرى بىلەن قاتتىق سېلىشتۇرغۇم كېلىدۇ.

1941 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە سەنئەت ئورۇنلىرى كۆپىيىپ، ئەرتىسلەر قوشۇنى ئۇلغىيىۋاتقان كۈنلەردە، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن قاسىمجان قەمبىرىنى سانايىنەپىسگە ئېلىپ قالدۇق. شۇنداق قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتىمۇ، بىرەرسى تۇتۇلۇپ قامىلىپ كەتسە ياكى تۇيۇقسىز ئىشتىن بوشىتىلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يەنە بىرسىمىز بېسىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇن قويۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇراتتۇق. ئۆلكىلىك سانايىنەپىسىدىن ياسىن ھەسەن، ئابلەق ھوشۇر، ئابدۇكېرىم رازىيوپ، مۆيىدىن نىياز قاتارلىقلار ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ سانايىنەپىسە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىلىپ تۇراتتى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىنمۇ بىر قىسىم سەنئەتكارلار، مەسىلەن: ئىلىدىن زۇنۇن قادىر، ئابدۇۋەلى جارۇللا، چۆچەكتىن ئابىت داموللا، قارا شەھەردىن نۇردۇن بەگ، كۇچادىن ئابلىمىتخان، ئاقسۇدىن مۇنىرىدىن خوجالار ئۆلكىلىك سانايىنەپىسىگە كېلىپ ئىجادىيەت بىلىمى ۋە سەھنە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېتىشتى. لېكىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1941 - ۋە 1942 - يىللاردا زىيالىيلار ۋە سەنئەتكارلارنى تۇتقۇن قىلىشتىن ئېشىپ، ئويۇن قويۇلۇۋاتقان كۇلۇبنىڭ ئىچىگە، بەزىدە ھەتتا سەھنىنىڭ ئارقىسىغا قوراللىق ساقچىلارنى كىرگۈزۈپ نازارەت قىلىدىغان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈرۈمچىدە يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلار كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىسى ئۆيىدە ياتالمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. شۇنداق بولسىمۇ،



ئىنقىلابىي زىيالىيلار ۋە ئىلغار كۈچلەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور شېئىر، ماقالىلىرى گېزىتلەرگە ئۈزلۈكسىز بېسىلىپ تۇردى. ئىجادىيەت كوللېكتىپىمىزدىكى يولداشلاردىن ل. مۇتەللىپنىڭ «كۆرەش قىزى»، «چىمەنگۈل» ناملىق ئوپېرالىرى، ئەخمەت زىيائىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر»، «چىن مودەن» (ل. مۇتەللىپ بىلەن بىللە يازغان) ناملىق دراملىرى، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ «زەينەپكە تۆھمەت»، ئابدۇكېرىم رازىيوپنىڭ «ھوشۇر چامغۇر»، ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق دراملىرى، مەن يازغان «بىزنىڭ ۋەتەن» ناملىق دراما ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىكى سەھنىلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئوينالدى؛ شۇ كۈنلەردە چۆچەكتىن سەيپىدىن ئەزىزى «شانلىق غەلىبە» دراممىسىنى، ئەبەيدۇللا باسىت «بىرى سەن، بىرى مەن»، «پارىخور شاڭيۇ» دراملىرىنى، مۆمىن ئەپەندى «ھابىل پىرىخون» دراممىسىنى، ئابدۇشۈكۈر يالقۇن «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. بۇ دراملارمۇ ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ئوينالدى. يۇقىرىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ «ئۆز مۇھىت»، «يېڭى شىنجاڭ»، «كۆرەش» قاتارلىق دراملىرىنى تەرجىمە قىلىپ سەھنىلەشتۈردۇق. مەن بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە رېژىسسورلۇق قىلغاندىن تاشقىرى، «كۆرەش قىزى» دا بوۋاينىڭ رولىنى، «ئۆز مۇھىت» تا گېنېرالنىڭ رولىنى، «رابىيە - سەئىدىن» دە سەئىدىننىڭ رولىنى، «ئەرشىن مال - ئالان»دا ئەسقەرنىڭ رولىنى ئويناپ چىقتىم. بۇ مەزگىلدىكى تىياتىرچىلىقنىڭ مۇنداق ياخشى راۋاجلىنىشىدا، بىر تەرەپتىن، بىر تۈركۈم دراماتورگلارنىڭ يۈكسەك روھتا ئىجاد قىلىشى، ئەرتىسلەرنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشى ۋە مەلۇم ماھارەتكە ئىگە بولۇشى، رېژىسسور-

لارنىڭ ئىقتىدارى ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جاۋدەن، ۋاڭ ۋېنيۇ، بەي دافاڭلارنىڭ بىزگە سەھنە سىزىقى، دېكوراتسىيە، گىرىم قىلىش ۋە يېڭىچە ئويۇن قويۇش قاتارلىق سەھنە تېخنىكىسىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەتكەنلىكىدەك ئەمەلىي ياردىمىمۇ زور رول ئوينىدى.

1941 - يىللىرى ئۆلكىلىك سانايىنەپىسىنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى يۇقىرىقىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىللە، كونسېرت ئىشلىرىمۇ ئۈرۈمچىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن ئالدىدا مېڭىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى، كونسېرت قويۇش يېڭى باشلانغان چاغلاردا ئاۋام خەلقتىن ئۆگىنىۋالغان ناخشا - ئۇسسۇللار بويىچىلا ئوينالغانىدى. كېيىن ل. مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەت زىيائىلار يېزىپ بەرگەن يېڭى ناخشا تېكىستلىرىنى خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئورۇنلىدۇق. كونسېرت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق سەنئەتچىلىرىدىن شاكىچىك ھاجى (مەددا)، مۇقامچى ھاشىم ھاجى، ئۇسسۇلچى دولان تۇرسۇن، ئاخۇنبەگ، قۇمۇل نەغمىچىلىرىدىن ئاق پاشا، راۋاب قوشاقچىسى شارەخمان قاتارلىق مەشھۇر خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ ماھارەتلىرىنى ئەرتىسلەرگە ئۆگەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، كونسېرت ئىشلىرىمىز تېخىمۇ راۋاجلاندى. شۇ چاغدا ئورۇنلانغان ناخشا - ئۇسسۇللار: رازىيوپنىڭ مۇقام، «ئەزىزىم»، «پەغان يارۇ» قاتارلىق ناخشىلىرى؛ ئابدۇگۇلنىڭ «ئانارخان»، «يارىم دوست»، «نارىركوم»، «ئالمىخان» قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇللىرى؛ مەرۇپ ناسىرنىڭ «ئىلى سەنەمى»، «دولان سەنەمى»، «راك مۇقامى»؛ تۇراخانىم بىلەن گۇلبەھرەمنىڭ «داپ ئۇسسۇلى»، رازىيە ۋە قادىر رازىلارنىڭ «شاخ - شاخچىنار»، «بازارغا بېرىپ» قاتارلىق ناخشىلىرى؛ قەمبەرخاننىڭ ئوسمانىيىگە ئوينىغان «جەڭچى



ئۇسسۇلى»، «ناغرا ئۇسسۇلى»، «تىم پەدە ئۇسسۇلى»؛ باتۇر تۇرسۇننىڭ پەردە بىلەن بىللە ئېيتقان «ئازادلىق تېغى»، «روشەنىم»، «ئانارخان»، «جۇنۇن» قاتارلىق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرىغا مۇيەسسەر بولغان. جۈملىدىن مۆمىن ئەپەندى، پەرىدە، سەئىدە، پەتتارجان، ياسىن ھەسەن، جەمىلە، روزى ياسىن قاتارلىقلار ئورۇنلىغان نومۇرلارمۇ خەلقنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بىزنىڭ كونسېرتلىرىمىزدا مۇشۇنداق يېڭىلىقلار بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ ئۇنى كۆرۈش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى؛ ئىلگىرىدىن تىياتىر ۋە ناخشا - ئۇسسۇلغا قىزىقمايدىغان ياكى ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ بارغانچە ئازىيىپ، ئەرتىسلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرويى بارغانچە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك سانايىنەپىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئارتىس ۋە سەنئەتكارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرىنى يىغىش قىزغىنلىقى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىدىغان، ۋاقىتقا رىئايە قىلماي لاغايلاپ يۈرىدىغان، تەشكىلنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار سەھنىگە چىقىشتىن چەكلىنەتتى؛ خىزمەتتە ئاكتىپ، ئىجادىي رول ئېلىشقا تىرىشىدىغان كىشىلەر تام گېزىتى، ھەتتا شىنجاڭ گېزىتىدە تەقدىرلىنىپ تۇراتتى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك سانايىنەپىسىلەر ھەربىر پەسىلدە قويغان ئويۇنلىرى، كىرىم - چىقىم ئەھۋالى، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ياكى ئىشتىن بوشىتىلغان ئەرتىسلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئۆلكىلىك سانايىنەپىسىگە دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ئۆلكىلىك سانايىنە-

پىسە ئۇلارغا شاپىگرافتا بېسىلغان سەھنە كىتابىدىن ھەر ئايدا 2 - 3 نى ئەۋەتىپ تۇراتتۇق، ئادەم ئەۋەتىپ كونە سىرت نومۇرلىرىنى ئۆگىنىپ قويۇۋاتتۇق. شۇڭا، ئۈرۈمچىدە ئوينالغان تىياتىر ۋە كونسېرت نومۇرلىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى سانايىنەپىسەلەردىمۇ سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، جايلاردىكى تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇراتتى. دېمەك، مەركىزىي ئويۇشما قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىلا جانلىنىپ قالماي، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى سانايىنەپىسىلەرنىڭ تىياتىرچىلىق ۋە كونسېرت قويۇش ئىشلىرىمۇ تازا راۋاجلانغانىدى.

لېكىن، سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر سىياسەتتە ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا ئۆزىنى بىلەلمەي، قىلغۇلۇقنى قىلاتتى. مەسىلەن، 1942 - يىلى 5 - ئايلارنىڭ بىر كۈنى سانايىنەپىسە قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئويۇن قويماقچى بولۇپ ناغرا چېلىۋاتساق، ئۈرۈمچىدە ئېلىپ - ساتارلىق قىلىدىغان نىياز دودەن، مىخ سودىگىرى مەمەتخان، روزى ھاجىم مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئاۋۇت مەزىن، ئۈرۈمچى بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زايىتخان خوجا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قازىسى نەزەر مۇپتى قاتارلىق كىشىلەر بىر مۇنچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆلكىلىك سانايىنەپىسەگە باستۇرۇپ كىرىپ: «سىلەر خوتۇن خەقنى سەھنىگە ئەپچىقىپ ئويۇن قويۇپ، قىزلارنى بۇزۇۋەتتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن قويساڭلار خوتۇن خەققە بىلەت سېتىلمىسۇن. ئەگەر گېپىمىزنى ئاڭلىماي يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، ئۆلسەڭلارنى نامىزىڭلارنى چۈشۈرمەيمىز، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن بەرمەيمىز. ئويۇشمىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ناغرا - سۇناي چالماڭلار، بۇ يەر مەسچىتكە يېقىن، يەنە چالساڭلار



سىلەر بىلەن راسا ھېسابلىشىمىز» دەپ تەھدىت سالدى، شۇ كۈنى ئويۇشما قورۇسىدا خېلى چوڭ جېدەل بولدى. ئۇ يەرگە يىغىلغان نۇرغۇن سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بولسا، ئۇلارغا جاۋابەن ئەجايىپ پىكىرلەر بىلەن قارشى تۇردى. ئاخىر، ئويۇشما رەئىسى قاسىم قۇربان، «پەندىخوي» كادىرى ئىسمايىل تاھىر، ئويۇشمىنىڭ يېڭى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زۇنۇن (ئىلگىرى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى) قاتارلىقلار ئۇلارغا: «سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، بىز نىياز ئاكامنى، مەمەتخان ئاكامنى، ئاخۇنۇمنى، خوجامنى ئېلىپ ھۆكۈمەت ئالدىغا بارىمىز» دېيىشتى. ئۇلار لاسسىدە بوشىشىپ، ھۆكۈمەت ئالدىغا بېرىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار چوڭ جېدەل چىقىرالمىدى. لېكىن، سەنئەت پائالىيىتىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقلىرى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىياسەت، تۈزۈم ۋە چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن، سەنئەت ئىشلىرىمىز بەزىدە راۋاجلانسا، بەزىدە قامال قىلىنىشلار ۋە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ تۇردى. مۇشۇنداق ئېلىشىشلار ۋە كۆرەشلەر ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلغان يېڭى مەدەنىيەت، ئاقارتىش ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىلھامىدا، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قاراڭغۇ ئۆيلەردە مەستۇرە بولۇپ، تىل - ھاقارەتتىن باش كۆتۈرەلمەي كەلگەن خوتۇن - قىزلار تۈرلۈك توسۇقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، قىز - چوكانلارنىڭ كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا ئوقۇدى، كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش، سەھنىلەرگە ئەركىن چىقىپ ئويۇن قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ھەتتا ئۆزىنى ھاقارەتلىگەن، ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان زالىم، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى باشقىدىن تونۇشقا مۇۋەپ-

پەق بولالىدى. خەلق ئاممىسى ساۋاتلىق بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، قىمار ئويناش، نەشە چېكىش ئادەتلىرى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، ئوينىغۇچى ۋە چەككۈچىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ باردى.

1943 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇرۇمچىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى، جۈملىدىن بىزنىڭ تىياتىرچىلىقىمىز بەزى قىيىن شارائىتقا دۇچ كەلدى. كەڭ خەلق ئاممىسى قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان تىياتىرلارغا گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆچمەنلىك قىلىپ، تىياتىر ئىشلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى چەكلىدى. خۇسۇسەن ئازادلىق ئۇرۇشقا بېغىشلانغان ئىلغار سەھنە ئەسەرلىرىنى قويۇشنى چەكلىدى؛ شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ «كۆرەش قىزى»، «چىمەنگۈل» قاتارلىق دراممىلىرىنى «قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ توختىتىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى. قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئىككىمىز «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەرگە ئاپىرىپ قويۇش توغرىسىدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە دوكلات سۇنغانىدۇق. ئەمما، بۇ دوكلاتىمىز بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە تەگمەي، گومىنداڭ پارتىيىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار دوكلاتىمىزنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭغا: «سىلەر شەھەردە قارىنىڭلارنى باقالماي، چوكانلارنى باشقا ناھىيىلەرگە ئاپىرىپ، پۇل تېپىپ قورسىقىڭلارنى باقماقچىمۇ؟ تۆۋەنگە بېرىشقا بولمايدۇ» دەپ تەستىق ساپتۇ.

شۇ يىلى 2 - ئايدا ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىيۇبىندى سانايىنەپىسگە كېلىپ ئارتىسلارنى يىغىپ: «سىلەر مۇتتەھەملەر، تۆۋەنگە بارىمىز دىگۈچە ئۇمىچىڭلارنى ئىچىڭلار. يېقىندا سىلەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «چىن مودەن» دېگەن



بىر نېمىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپسىلەر، بۇ خاتا. سىلەر بىلمەيسىلەر، «چىن مودەن» دېگەن تۈگكانچە گەپ، بۇ ۋەقە قۇمۇلدا ئەمەس، ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ دېگەن يېرىدە بولغان، بۇنى سەھنىدە قويۇشقا بولمايدۇ. كىتابنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار!» دەپ چالۋاقاپ، كىتابنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ھال تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە خارابلىشىشقا يۈزلىنىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىياتىر ئويناشقا قاتنىشىشىنى چەكلەپ قويدى. سانايىنەپىسدە ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم داڭلىق سەنئەتكارلارنى بۇ ساھەدىن سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. مەسىلەن، قاسىمجان قەمبىرىنى «ئۇيۇشما بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش پۇلىغا خىيانەت قىلدى» دەپ بوھتان چاپلاپ قاماپ قويدى. ئابدۇكېرىم رازىيوپتەك توشقان سەنئەتكارنى ھېچ بىر سەۋەپسىزلا چوڭ كۆۋرۈكتىكى گىلەمچىلىك كارخانىسىغا يۆتكىۋەتتى. مېنى رېژىسسورلۇق ۋە ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلاپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان قارا خىزمەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئۇ يەردە 10 كۈندەك ئىشلىگەندىن كېيىن، مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇلتىپ راخمان مېنى جىددىي ھالەتتە چاقىرىپ، تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى، ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىپ دەرھال تۇرپانغا مېڭىشىم لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۆلكىلىك سانايىنەپىسدىكى سەنئەت پائالىيىتىدىن ئايرىلىپ، تۇرپانغا ئەۋەتىلىشىمنى قانداقتۇ خىزمىتىمنىڭ ئۆسكەنلىكى ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىن جازالانغانلىقىم دەپ بىلدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ تۇيۇقسىز ھەم مەجبۇرىي يۆتكەش ماڭا ئۆمرۈمدىكى تۇنجى روھىي زەربە بولۇپ تۇيۇلدى.

## 3

1943 - يىلى 10 - ئايلاردا ئىلاجسىز تېزدىن تۇرپانغا بېرىپ، تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ خىزمەتكە چۈشتۇم. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى مەتنىلى ھاجى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى رەھمىتۇللا قارىھاجى، ئەبەيدۇللا ئەپەندى، كاتىپى زۇنۇن تۆمۈر، مالىيە مۇدىرى غوپۇر قارى، مۇئاۋىنى نەجمىدىن ھاجىلار ئىكەن. تەكشۈرۈپ كۆرسەم، ئۇيۇشما خىزمىتىدە ئىلغار زىيالىيلاردىن بىرسىمۇ يوق بولۇپ، ئاساسەن دىنىي ساھەسىدىكىلەر، بەزى خۇراپىي كىشىلەر ئورۇنلىشىپ قالغاچقا، مەدەنىي ئاقارتىش خىزمىتىدە زور چۈشكۈنلۈك، چېكىنىش ھالىتى شەكىللىنىپ، سانايىنەپىسىنىڭ ئارتىسلىرى تارقىلىپ كېتىپتۇ. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە تەنپەرۋەر زىيالىيلار بىلەن بىر تۈركۈم خۇراپىي سوپىلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ زىددىيەت بار ئىكەن، ناھىيىدىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ يېپىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىكەن. خۇراپىي كىشىلەر ئۇيۇشمىغا ھەر يىلى بېرىلىدىغان قوربانلىق قويىنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى «قەتئىي بەرمەيمىز» دەپ چۇقان كۆتۈرگىلى تۇرۇپتۇ؛ ھەر كۈنى ئۇيۇشمىدا نەچچە ئون مۇئەللىم بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىۋېتىپتۇ؛ ئۇيۇشمىنىڭ خادىملىرى ئامالنىڭ يوقىدىن بىتەرەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. مۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تۇغۇلۇشى يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن لىتىپ باقىلارنىڭ يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن بولغان. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن، رەئىس مەتنىلى ھاجى، مالىيە مۇدىرى



غوپۇر قارى، مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ئەپەندى، كاتىپ زۇنۇن تۆمۈر، يېڭىشەھەر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلئەزىز خالىق، كونىشەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپىنىڭ مۇدىرى شىجەنرۇي قاتارلىقلارنى شۇ مەكتەپكە يىغىنغا چاقىرىپ، يۇقىرىقى ئەھۋالنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئاخىردا: نەچچە يىلدىن بېرى ئۇيۇشمىغا ئېلىۋاتقان قوربانلىق تېرە - ئۈچەيىنى مولىلارنىڭ بەرمەيمىز دېگىنى خاتا. ئۇلار ئۇيۇشمىغا بەرمەي، ئۆزلىرى ئېلىۋالماقچى. شۇڭا، بۇنى قەتئىي ئىلگىرىكىدەك ئىجرا قىلىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدۇق. مۇدىر شىجەنرۇي: «بۇ ئىشقا بىزمۇ ئارىلىشايلى. بىزنىڭ ئارىلىشىشىمىز ئۈچۈن، قوربانلىق تېرە - ئۈچەيىنى ئۇيۇشمىغا يىغىپ، ئاز قىسمىنى ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش قىلىپ بېرەيلى، كۆپ قىسمىغا ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىنو كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرايلى» دېدى. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ھەممىمىز بىردەك قوللىدۇق. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمى باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يەنە بىر قېتىم يىغىن ئاچتۇق. بۇ يىغىندىمۇ قوربانلىق تېرە - ئۈچەيلەرنى ئۇيۇشمىغا چوقۇم ئالىدىغان قىلىپ بېكىتتۇق، مەكتەپلەر يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. لېكىن، ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتكەندە، ناھىيىلىك سەنئەت كەسپىگە مۇزىكانت بولۇپ قاتنىشىۋاتقان غۇلجىلىق ساقچى مەسۇم ئالىمۇپ ياتىقىمغا كېلىپ، ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ: «سىلىگە بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قوياي، ئەمما بىرەر كىشىگە دەپ قويماسلىقلىرى كېرەك. بولمىسا، ھەر ئىككىمىزنىڭ كالىلىسى كېتىدۇ. سىلەر كىنو ئالىمىز دەپ، قوربانلىق تېرە - ئۈچەيىنى ئاخۇنۇملارغا بەرمەيسىلەر. نەچچە كۈندىن بېرى بىر قانچە كىشى كىگىزدەك بىر پارچە قەغەز-

گە ئۇستۇڭلاردىن ئەرز يېزىپ، دۇبەن جانابلىرىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭغا بىرەر يۈزدەك ئادەم قول قويۇپتۇ» دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز چۆچۈگەن بولساممۇ، ئاخىر كىنو سېتىۋېلىشقا ئۆزۈم چىقمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈرۈمچىگە چىقتىم. مەن مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىمگە ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ئابلەق ھۇشۇر (ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن پېنسىيىگە چىقتى) ئۇچراپ، مېنى بۆلۈمىگە چاقىرىپ، بىرپارچە كۆرپىدەك يۆگەكلىك بىر نەرسىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئېچىپ قارىسام، «دۇبەن جانابلىرى»غا يېزىلغان ھېلىقى ئەرز ئىكەن. بۇ ئەرزنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسىم يېرىگە تامغا بېسىلغان، قول قويۇلغان. ئەرزدە: «تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سىراجىدىن زۇپەر يۇرتىمىزدىكى ئاخۇن - ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىپ، قۇربانلىق تېرە - ئۈچەيلەرنىڭ پۇلىغا كىنو ئالىمىز دەپ زورلۇق قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ ئىشقا قاتتىق نارازى. دۇبەن جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق چارە كۆرۈشىنى سورايمىز» دېيىلگەن. بىراق، مەزكۇر ئەرزگە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاسىم قۇربان (مارۇلۇك): «بۇ ئىش ئۇيۇشمىنىڭ ئىچكى ئىشى بولغاچقا، مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز» دەپ تەستىق ساپتۇ. يولداش ئابلەق ھۇشۇر: «سەن بۇنىڭدىن قورقما، سېنىڭ كىنو ئالىمىز دېگىنىڭ توغرا، بىزمۇ قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئەرزى ئاقمايدۇ، دەرھال كىنو ئېلىش كېرەك. مېنىڭچە، سەن مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ دائىمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىتىپ



راخمانغا: «مەن ئەمدى تۇرپانغا بارمايمەن، دەپ ئەرز ياز» دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن شۇ بويىچە، تۇرپاندىكى خىزمەت ئورنۇمغا بارماي، مەركىزىي ئۇيۇشمىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىغا قاتنىشىپ يۈردۈم.

1943 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئۆلكىلىك سانائىنەپىسىنىڭ تالانتلىق ئەرتىسى قاسىمجان قەمبىرىنى «ئۇيۇشما پۇلىغا خىيانەت قىلدى» دېگەن بەتنام بىلەن قانۇن ئورۇنلىرى تۇيۇقسىز تۇتۇپ كەتتى. ئۇيۇشما باشلىقلىرى بۇنىڭغا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن كاسسىر سېتىۋالدى، مالىيە مۇدىرى ئەزىز بەكرى ۋە مەن ئۈچىمىز بازاردىن نان ۋە گۆش ئېلىپ، قاسىمجان قەمبىرىنى يوقلاپ باردۇق. بىز ئۆلكىلىك فايۈەن (سوت مەھكىمىسى) نىڭ ئالدىغا بارساق، قاسىمجان دەرۋازا ئالدىدا پۇتىدا كىشەن، ماشىنىدىن كۆمۈر چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. يېنىدا بىر ئەسكەر بار ئىكەن. بىز قاسىمجان قەمبىرى بىلەن بىرئاز ئەھۋاللىشىپ، قولىمىزدىكى نەرسىنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: «سەكە (ئۇ مېنى شۇنداق دەپ چاقىراتتى)، ھاۋا سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. كارىۋاتنىڭ ئاستىدا بىر پاختىلىق چاپىنىم بار ئىدى، شۇنى ئىلاج قىلىپ بۈگۈن مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ بەرسەڭ» دېدى. مەن دەرھال بېرىپ ھېلىقى پاختىلىق چاپاننى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ باردىم. ئۇ، فايۈەننىڭ ئاشخانىسىدا يەنىلا پۇتىدا كىشەن، سەي توغراۋاتقانىكەن. ئۇ، پاختىلىق چاپاننى دەرھال قولۇمدىن ئېلىپ كىيدى - دە، يانچۇقىدىن موخوركا قۇتىسى بىلەن قەغىزىنى ئېلىۋېدى، قەغەزنىڭ ئارىسىدىن 380 كوينىڭ بىر ھۆججىتى چىقىپ قالدى. بۇ ھۆججەتكە ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زۇنۇن ۋە مالىيە مۇدىرى ئەزىز بەكرىلەرنىڭ

ئاتمىسى بېسىلغان. قاسىمجان بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى – دە: «ئەمدى چىقىپ كېتىمەن، مېنى خىيانەت قىلدى دېگەن مۇشۇ پۇل ئىدى» دېدى. قايتىپ بېرىپ ئۇقسام، ئەھۋال راستىنلا شۇنداق ئىكەن. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، قاسىمجان قاماقتىن چىقتى. 11 – ئاينىڭ 25 – كۈنى مەركىزىي ئۈيۈشمىنىڭ ھەممە ئىشچى – خىزمەتچىلىرى قاتناشقان بىر يىغىن چاقىرىلدى. يىغىندا مۇئاۋىن ئۈيۈشما رەئىسى ئابلىتىپ راخمان قاسىمجان قەمبىرىنى، مېنى، كانسىر سېتىۋالدىنى، سانايىنەپىسەندىكى توختى قۇربانىنى، مۇزىكانت مۆيدىن نىيازنى ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلدى ۋە بىزگە قانداق جازا بېرىش توغرىسىدا كۆپچىلىككە مەسلىھەت سالدى. بىرىنچى بولۇپ ئۈيۈشما تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئىمام: «بۇ بەش كىشى تۇۋا قىلسا، گۇناھىدىن ئۆتسەك» دېدى. بۇ پىكىرگە باشقىلارمۇ ئارقا – ئارقىدىن قوشۇلدى. ئاندىن ئابدۇكېرىم ئىمام بىز بەش كىشىنى قىبلىگە قارىتىپ قويۇپ «تۇۋا – ئىستىغپار» ئېيتقۇزدى. شۇ ھامان ئابلىتىپ راخمان يېنىدىن يېشىل تاشلىق دەپتەرنى ئېلىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ سىراجىدىن خىزمەتتىن بوشىتىلدى» دەپ ئېلان قىلدى. مەن دەرھال ئورنىمدىن تۇرۇپ: «گۇناھىمنى دەۋەتكىن» دېدىم. ئابلىتىپ راخمان شۇئان يىغىن كاتىپى ئابلەق ھۇشۇرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ: «يىغىن توگىدى» دەپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن قاسىمجان قەمبىرى بىلەن مۆيدىن نىياز ئابلەق ھۇشۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئابلىتىپ رەئىس ساڭا نېمە دېدى؟» دەپ سورىدى. ئابلەق ھۇشۇر ناھايىتى تەسلىكتە: «بۇ ئىشەنچىسىز كىشى دېدى» دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم رازىيوپلارمۇ ئىشتىن بوشىتىلدى. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن، كۆپچىلىكنىڭ ئابلىتىپ



راخمانغا غەزەپ – نەپرىتى تېشىپ، نارازىلىقى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى سۆككۈدىغان «چۇچۇمەل»، «مەنسەپ خۇمارى»، «ئابلىتىپ نەگە بارىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇلاردا شېئىرلار يېزىلىپ كوچىلارغا چاپلاندى. بۇ مەزگىلدە سىياسىي ۋەزىيەتمۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. شىڭ شىسەينىڭ قامىشى، قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرى بارغانچە كۆپەيدى. ئۆلكىلىك سانايىنەپىسەگە ئىلگىرى ئاكتىپ قاتناشقان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، لۇتپۇللا، ئەخمەت زىيائى، نۇرسادىرۇپ قاتارلىق نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ سانايىنەپىسە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چەكلەندى. سانايىنەپىسەنىڭ پائالىيىتىدە دراما چەكلىنىپ، پەقەت ناخشا – ئۇسسۇل، مەنىسىز كونسېرت نومۇرلىرىلا قالدى. مۇنداق قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتتە بىر قىسىم سەنئەتكارلار ئۆزىمىزنى چەتكە ئالدۇق. قاسىمجان قەمبىرى غۇلجىغا كەتتى، مەن ئېشەككە مىنىپ تۇرپانغا كەتتىم.

تۇرپاننىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئۈرۈمچىنىڭكىگە ئوخشاشلا جىددىي ئىكەن. مەن تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن، تۇرپان ۋەزىيىتىدە قىسىلغان زىيالىيلاردىن ئابدۇرېھىم ئىمىن (ئوقۇتقۇچى)، سالاھىدىن ھۇشۇر (ئوقۇتقۇچى)، ئابلىز خالىق (دارىلمۇئەللىمات مۇدىرى)، ئېلى سوپۇر (تاشكەنتتە ئوقۇغان سۇ ئىنژېنېرى)، ئابدۇرېھىم نۇرۇلى (سۇ تېخنىكى) قاتارلىقلار مېنى ئارقىمۇ ئارقا ئىزدەپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىزدەۋېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، 1944 – يىلى يازدا تاغقا چىقىپ كەتتىم. تاغدا ئالتە ئايدەك تۇردۇم. شۇ كۈنلەردە تۇرپاندىن ئۈيۈشمىغا ئۆشرە – زاكات يىغقىلى چىققان مەسجىت زەئىدى، يارلىق ئەنەيتۇللالار ئىلىدا ئىنقىلاب قوزغالغانلىق خەۋىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن كۆزلىكى تۇرپانغا قايتىپ كىرىپ، ئۈچ ئايچە ماتا دۇكىنى ئاچتىم. لېكىن، مەن جەمئىيەتكە بىر

ئەدەر تەسىر كۆرسىتىپ تونۇلغان ئارتىس بولغانلىقىم ئۈچۈن، دۇكاندا مال سېتىپ ئولتۇرۇش ئۆزۈمگە ئەپسىز بىلىندى. مېنى كۆرگەن تونۇش - بىلىشلەرمۇ بۇ ئىشىمدىن ھەيران قېلىشۋاتقاندەك: «سەن نېمىشقا ئەرتىسلىك قىلمايسەن» دەپ سوراۋەرگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاخىر دۇكانىنىمۇ يېپىپ ۋېتىپ، 1945 - يىلى ئۇ يەر - بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ئىشسىز يۈردۈم. 1946 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كەپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۈرۈمچىگە چىقتىم. ۋەكىللەر ھازىرقى تىيانشان مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇرۇنقى ئۆلكىلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قورۇسىغا چۈشكەنىكەن. ۋەكىللەر ئارىسىدا قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇرېھىم ئەيسا (ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە دارىلئېيتامىنىڭ مۇدىرى ئىدى)، ئابدۇرېھىمجان ئاسەنوپ (ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى، بىز تونۇشاتتۇق) قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. بىز ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۇق. قاسىمجان قەمبىرى ماڭا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىلىدا نەشىر قىلغان گېزىتىدىن بىرنەچچە پارچە بېرىپ: «سەن مۇشۇ گېزىتلەرنى تۇرپانغا ئاپىرىپ تارقىتىۋەتسەڭ» دېدى. قارىسام، بۇ گېزىتلەردە «تىنچلىق سۆھبىتى» نىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ماقالىلەرمۇ بار ئىكەن. مەن بۇلارنى دەرھال تۇرپانغا ئېلىپ چۈشۈپ، ئىلغار ئىدىيىدىكى ياشلارغا تارقىتىپ بەردىم. 1946 - يىلى 4 - ئايلاردا، تۇرپاندىكى قورچاق ھەربىي، ساقچى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار يېڭىشەھەردە بىر - ئىككى مىڭ ئادەم قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلايدىغان، تىنچلىق بىتىمىنى يوققا چىقىرىدىغان ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ياشلاردىن باۋدۇن يۈسۈپ، مەن، ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئىبراھىم سېلىم، لىتىپ سەمەت،



سالاھىدىن ھوشۇر قاتارلىقلار دەرھال باش قوشۇپ، نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولدۇق. ئۇلارنىڭ بىردەك كۆرسىتىشى بىلەن مەن سەھنىگە چىقىپ سۆزلەيدىغان بولدۇم. ئىبراھىم سېلىم چوڭ يىغىنغا قارىتىپ «ياشلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنسا» دەپ باغاقچە يېزىپ بەردى. مەن باغاقچىنى ئېلىپ سەھنىگە چىقتىم ۋە ئۇنى چوڭ يىغىننىڭ تەرجىمانى ئابلىمىت ھوشۇرغا بەردىم. ئابلىمىت ھوشۇر ئۇنى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ سۆزلىگەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جۇجاڭغا ئوقۇپ بەردى. لى جۇجاڭ مېنىڭ سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلدى. بۇ، مەن ئۈچۈن ناھايىتى تاسادىپىي بىر سۆزلەش پۇرسىتى بولسىمۇ، مەن ھېلىقى گېزىتلەردىكى ماقالىلەرنىڭ ئېسىمدە قالغان يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كۈچىنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، «تىنچلىق بىتىمى» تۈزۈشنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، سۆزلىدىم. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، شۇ زاماندىكى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنىڭ ئېغىر بولۇۋاتقانلىقى، سوت مەھكىمىسىدە خىيانەتچىلىكنىڭ ئېغىرلىقى، قامالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نامراتلار ئىكەنلىكى، پۇقرانىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن باجخانىدىكى مامۇت جىسا، مامۇت شاڭجاڭ، سالامەت، پەيتۇل شاڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان جەبىر - زۇلۇملىرىنى ۋە خىيانەتلىرىنى پاش قىلدىم. تۆۋەندە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ياشلار ئارىسىدىن: «مامۇت جىسانى جازالاپ بەرسۇن!»، «مامۇت شاڭجاڭنى شاڭجاڭ قىلمايمىز!» دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، كىچىك باللار مامۇت جىسا، مامۇت شاڭجاڭلارغا شاپاق ئاتتى، قالايمىقانچىلىق باشلاندى.

شۇنىڭ بىلەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جۇجاڭ يىغىن تۈگىدى دەپ جاكارلاپ، مېنىڭ پېشىمنى تۇتۇۋالدى ۋە ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەلدى. ئەمما، مېنىڭ ئارقامدىن نەچچە يۈز كىشى مېنى قوغداپ، پوستىنىڭ توسىقىنىمۇ قارىماي، ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىردى. كۆپچىلىكنىڭ پەيلىدىن چۆچىگەن لى جۇجاڭ مېنى جوزىدا ئولتۇرغۇزۇپ: «سەن مېنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دەپ قورقما، مەن جۇجاڭلىق شەپكەمنى ئېلىۋېتىپ، سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاي-مەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن ساقچى ئىدارىسى توغرى-سىدا پىكىر بەرمىدىم» دېدىم. ئۇ: «خەقلەرنىڭ بىزگە نېمە پىكرى بار؟» دەپ سورىدى. مەن: «خەقلەر ھازىر ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول خېتى بەك تەس بولۇپ كەتتى دېيىشىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغانلارنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ تەكشۈرۈپ ئولتۇرماي، كوچىدىلا تەكشۈرۈپ ماشىنىغا چىقىقىلى قويسا بولمامدۇ؟» دېدىم. بۇ ۋاقىتتا قاماقتا ئېلىن-غانلارنىڭ تۇغقانلىرى ئاش - نان ئەكېلىپ، ساقچى ئىدا-رىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. مەن لى جۇجاڭغا: «بۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا بولامدۇ - يوق؟» دېدىم. دېرى-زىدىن قاراپ تۇرغان كىشىلەر يەنىلا: «مامۇت جېسانى جازالاپ بەرسۇن!»، «ھامۇت شاڭجاڭنى شاڭجاڭلىققا ئالماي-مىز!» دەپ توۋلاپ تۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، جۇجاڭ مېنى چىقىرىۋەتتى. مەن كېتىۋېتىپ: مېنى چوقۇم تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن شۇ كۈنى كېچىسى تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ، چاتقال تەرەپكە بېرىپ، بىر مەزگىل يېزىدا تەمتىرەپ يۈردۈم.

بىر كۈنى باۋدۇن يۈسۈپ بىرسىدىن مېنى شەھەرگە كېلىپ كەتسۇن دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەن يەنە شەھەرگە



كېلىپ بازاردا كېتىۋاتسام، بويى پاكار، قاراچوقۇر، ناتونۇش بىر مايلامچى ئالدىمنى توسۇپلا: «ماۋۇ تاشتا ئولتۇرۇڭ، ئۆتۈكىڭىزنى مايلاپ قويىمەن» دېدى. ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا ئايىغىمنى مايلاۋېتىپ ماڭا: «مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئەۋەتتى. باۋدۇن يۈسۈپ بىلەن ئىككىڭ-لار دەرھال ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن كۆرۈشۈڭلار» دېدى. مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا: «سىز كىم؟ ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدىم. «بۇنى سورىماڭ، ئۈرۈمچىگە چىققاندا بىلىسىز. مەن باۋدۇن يۈسۈپكىمۇ ئېيتتىم» دەپ مايلاشنى تۈگەتتى. مەن شۇ كۈنى كېچىدە باۋدۇن يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باردىم. باۋدۇن يۈسۈپ مېنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر سودىگەر ئاغىنىسىمۇ مۇشۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. باۋدۇن يۈسۈپ بىلەن ئىككىمىز ئەتىسىلا يوشۇرۇن قېچىپ ئۈرۈمچىگە چىقتۇق. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە، ئۇ بىزنىڭ «بىتىم» ئاساسىدىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى، كونكرېت ۋەزىپىمىزنى ئىشخانىغا كىر-گەندىن كېيىن ئۇقتۇرۇدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئەتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كىردۇق. باۋدۇن يۈسۈپ كاتىبات باشقارمىسىدا خەمىت سۇلتان بىلەن بىللە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى، مەن كادىرلار ئىشخانىسىدا نۆرمەدى (قازاق، ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن) نىڭ قول ئاستىدا كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلىدىم. بۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى «بىتىم» نى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گومىن-داڭ تەرەپنىڭ خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيىتى بېشىدىكى كىشىلەرنى خەلقنىڭ سايلاپ چىقىشىغا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ دەسلەپ بۇ تەلەپكە ماقۇل بولغاندەك قىلىپ،

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپىنىڭ كادىرلىرىنى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا
قاتناشتۇرۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان ئەپەندى بىرلەشمە
ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئىشلەۋاتقان ئابدۇراخمان مۇھىتىنى
ئۆزى تۇرپانغا ئاپىرىپ، ھاكىملىققا تەيىنلەپ قويدى. بىز
ئىككى ھەپتىدەك ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئابدۇكېرىم
ئابباسوپ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ مۇنداق دېدى: «ئابدۇ-
راخمان مۇھىتى كونا ھۆكۈمەت «ئېلېكتر چىراغ يېقىپ
بېرىمىز» دەپ خەلقتىن يىغىپ ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تۇرپاندىن ئابدۇلھەمىت قازىئاخۇنۇم،
نەمەت خەلپىتىم، مەھەممەت ئەپەندىلەرنى بىزگە ۋەكىل قىلىپ
چىقارغانىكەن. ئەخمەت ئەپەندى بۇ كىشىلەرنى: يېقىندا
تۇرپانغا بىر سايلام ھەيئىتى ئەۋەتىلىدۇ، بۇ تەلەپنى شۇ
سايلام ھەيئىتىدىكى كىشىلەرگە خەلق نامىدىن ئېيتىڭلار،
دەپ يولغا سالدى. ئەمدى سەن مۇشۇ ئىشنى بالدۇرراق
بېجىرىش ئۈچۈن تۇرپانغا بېرىپ، ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن
كۆرۈشكىن. ئاڭلىسام، تۇرپان ناھىيىلىك تۇسەن گۈڭسى
(يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى)نىڭ ئىسكىلاتىدا بېسىلىپ
قالغان نۇرغۇن يىپەك بار ئىكەن. بۇ يىپەكلەرنى ئۆلكىلىك
تۇسەن گۈڭسىنىڭ باش دىرېكتورى زەكى ئەپەندى
بىلەن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان چوڭ
سودىگەر ئابلىز مۇسابايوپقا ساتماقچىمىش. ئابلىز
مۇسابايوپ ئۇنى ئېلىپ باشقا يەرگە يۆتكىمەكچىمىش، ئابدۇ-
راخمان ئاكا بىلەن ئىككىڭلار دەرھال خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ،
شۇ يىپەكلەرنى خەلقتىن يىغقان پۇلنىڭ بەدىلىگە تەلەپ
قىلىپ ئېلىڭلار؛ ئاندىن شۇنى سەرمايە قىلىپ، «تۇرپان خەلق
شىركىتى» ناملىق بىر شىركەت قۇرۇپ، ئۇنى خەلقنىڭ پاي-
دىسى ھېسابىغا راۋاجلاندۇرۇڭلار». مەن تۇرپانغا بېرىپ،



ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن كۆرۈشتۈم. مۇھىتى شۇ كۈنى
كەچقۇرۇن ئۆز ئۆيىگە نەمەت خەلپىتىم، باۋدۇن ھاجىم،
قۇربان كېرىم، قادىر گەيجاڭ قاتارلىقلارنى چاقىردى. بىز
يۇقىرىدىكى مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن،
سودىگەرلەر جەمئىيىتى نامىدىن بىر - ئىككى يۈز ئادەم
قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، تۇرپان «خەلق شىركىتى» نى
قۇردۇق ۋە بۇ شىركەتنىڭ نىزامىنى بېكىتتۇق. خەلقنىڭ ئاۋاز
بېرىشى بىلەن، باۋدۇن ھاجىم شىركەتنىڭ مۇدىرلىقىغا، قۇر-
بان كېرىم بىلەن نەمەت خەلپەت مۇئاۋىن مۇدىرلىققا،
ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ئابدۇنەسىر نىيازلار بوغالتىرلىققا، قادىر
گەيجاڭ ئىسكىلاتچىلىققا تەيىنلەندى. شۇ كۈنى چۈشتىن
كېيىن، سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەردىن 2 - 3 يۈز كىشىنى
ئاپىرىپ، تۇسەن گۈڭسىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى ھەممە يىپەكنى
مەجبۇرىي ئېلىپ، شىركەتنىڭ ئورنى — غۇپۇر قارىنىڭ ئاق
سارىيىغا يۆتكەپ ئەكەلدۇق. بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا
پۈتۈن خەلق ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

بۇ ئىشلارنى تاماملاپ، 15 كۈنلەردىن كېيىن ئۈرۈمچىگە
قايتتىم. شۇ ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن باش كاتىپ قالى ئابباك
دوكلاتىمنى ئاڭلاپ بولۇپ: «سېنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ
چاقىرتىپتۇ» دەپ، مېنى باش كاتىپ بۆلۈمىگە باشلاپ چىقتى.
ئابباسوپ ماڭا: «قالى بىلەن ۋاڭ زىڭشەن (گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى) بىر سايلام
ھەيئىتىنى باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ سايلام ئېلىپ بارىدۇ. قالى ئالتاي-
لىق، شىمالدا خىزمەت قىلغان، تۇرپاندا تونۇيدىغان كىشىلىرى
كۆپ ئەمەس. شۇڭا، قالىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈدەك
كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ بەرگىن» دېدى. مەن: «تۇرپاندا
ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋدۇن ھاجىم، نەمەت خەلپىتىم، قۇربان
كېرىم، سەمەت ئەپەندى، رەجەپ توختى، ھۇشۇر كېرىم

قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ» دېدىم. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ: «مۇشۇلاردىن كىم كېڭەش ھەيئىتىگە باشلىق بولالايدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «نەمەت خەلپىتىم، باۋدۇن ھاجىملار بولالىشى مۇمكىن» دېدىم. قالى ئاباك: «بىز مېڭىشتىن بۇرۇن خەلپىتىم بىلەن باۋۇدۇن ھاجىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتساق چىقارمۇ؟» دېيىشتى. ئابباسوپ: «بۇلارنى ھۆكۈمەت نامىدىن چاقىرتساق بولمايدۇ. سىراجىدىن شەخ-سىي چاقىرتسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، شۇ كۈنىلا بازاردا بىرىدىن ئېيتىپ بەردىم. باۋۇدۇن ھاجىم چىقتى (خەلپىتىم چىقالماپتۇ). ئۇ، قالى ئاباك بىلەن سايلام ئىشلىرى توغرى-سىدا سۆزلەشتى. ئاندىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باۋۇدۇن ھاجىم بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باۋۇدۇن ھاجىمغا بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ لازىملىقىنى سۆزلەپ كېلىپ: «تۇرپان خەلقى ئابدۇراخمان ئاكىنى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ، بۇ گەپ ئىشەنچلىك. لېكىن، باۋۇدۇن يۇسۇپ تۇرپاندا كۆپ ئىشلىمە-گەن، بەزىلەر ئۇنى تونۇمايدۇ، بۇ ھەقتە سىز باۋۇدۇن يۇسۇپنى كۆپ تونۇشتۇرۇشىڭىز كېرەك» دېدى. كېيىنكى تۇرپان سايلىمى نەتىجىسىدە، خۇددى پەرەزقىلغاندەك، ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىم، باۋۇدۇن يۇسۇپ مۇئاۋىن ھاكىم، باۋۇدۇن ھاجىم بىلەن نىغمەت خەلپىتىم كېڭەش باشلىقى، رەجەپ توختى كېڭەشنىڭ كاتىپى بولۇپ سايلىنىپتۇ. سايلامىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغ-لىشىپتۇ. سايلامدىن كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، تۇرپاننىڭ ئىشلىرى خېلى ياخشى يۈرۈشتى.

1946 - يىلى 1 - ئايلاردا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ غۇل-جىدىن كەلگەن مايۇر ھەمت ئەلىيوپ ۋە مىجىت ئەپەندىلەر-نىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، ئىلىدا قارا چاي ۋە ماتا - چەك-مەنلەرنىڭ قىس بولۇۋاتقانلىقىنى، گومىنداڭ دائىرىلىرى



جايلاردىكى سودىگەرلەرنىڭ ئىلىغا مال ئاپىرىشىغا يول قويمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، مېنى تۇرپان باج ئىدارىسىنىڭ جوجاڭلىقىغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى، تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن، «11 بىتىم» نىڭ روھى بويىچە سودىگەرلەر-نىڭ ئىلىغا چاي ۋە ماتا - چەكمەن ئاپىرىپ سېتىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىشىم لازىملىقىنى، سودىگەرلەر ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئىلىغا يولغا سېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، نورمەدى مالىيە نازارىتىگە بېرىپ، مېنى شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى ناھىيە-لەردىكى باجخانا جوجاڭلىرىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، تۇرپانغا يولغا سالدى. مەن تۇرپان باج ئىدارىسىدە ئالتە - يەتتە ئايدەك ئىشلەپ نۇرغۇن چاي، ماتا سودىگەرلىرىنى مال بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالدىم. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى بىر كۈنى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ھۇشۇر كېرىم، ئەبەيدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ، تۇرپان يار يېزىسىدىكى تاغام مۇپتىلا ئاخۇننىڭ بېغىغا جوجەم (ئۈجمە) يېيىشكە چىققانىدۇق. شۇ كۈنى چۈشتە تاماق يەپ ئولتۇرساق، بىر كىچىك بالا: «سىراجىدىن جوجاڭنى بىر خەنزۇ ئادەم چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. مەن تاماقنى قويۇپ، باغنىڭ تېشىغا چىقسام، باغدىن خېلى يىراق بىر ئېرىق بويىدا كىچىك بىر قىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغان بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇ، شۇ ۋاقىتتىكى تۇرپان ناھىيىلىك بانكىنىڭ باشلىقى جۇ خاڭجاڭ ئىكەن. ئۇ ماڭا: «بىزمۇ جوجەم يېگىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تۆەنبۇنىڭ يىڭجاڭلىرى بىللە چىقتۇق. مەن ئۇلارغا بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتمىدىم. سەن ئابدۇراخمان مۇھىتىگە مېنىڭ ماركسىزمدىن ساۋاتىم بار-لىقىنى ئېيتىپ قويساڭ، بىر ۋاقىت چىقىرىپ مۇھىتىنى باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرسەڭلار. بىر گېپىم بار ئىدى،

شۇنى ئېيتقاچ توخۇ گۆشى، بېلىق بىلەن مېھمان قىلاتتىم» دەپلا خوشلاشتى. بۇ گەپنى مۇھەتتىغا ئېيتتىم. مۇھەتتى: «جۇ خاڭجاڭ خېلى بىلىملىك كىشىدەك قىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە كىرىپ باقايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز ئەتىسى كەچتە تازا بوران چىقىۋاتقاندا، بانكىغا كىردۇق. جۇ خاڭجاڭ بىزنى مېھمانخانىسىغا ئەمەس، ياتاق ئۆيىگە باشلىدى. ئاندىن بىر ئۇيغۇر خىزمەتچىسىگە: «ھەرقانداق ئادەم كەلسە، جىڭلى يوق دېگىن». ئاشخانىدا تەييارلانغان تاماقنى ئارقىدىكى ئىشىك بىلەن ئۆگزە ئارقىلىق ئېلىپ كىر» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىككىمىز بىر ئاز ئەندىشىدە قالدۇق. ئەمما، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ماركسىزمچى. سىلەرنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ھازىر بانكىنىڭ پۇلىنى سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر جىق خەجلەپ كېتىۋاتىدۇ. بىرىڭلار شىيەنجاڭ، بىرىڭلار جۇجاڭ بولغاندىكىن، بانكىنىڭ پۇلىنى سىلەرمۇ ئېلىپ خەجلىسەڭلار بولمامدۇ؟» دېدى. ئابدۇراخمان مۇھەتتى: «بىز سورىساق بېرەمسەن؟» دېۋىدى، ئۇ: «سىلەرمۇ مېنىڭ بىر ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرسەڭلار، قاچان پۇل سورىساڭلار بېرىمەن» دېدى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيىدىن ماشا ئىسىملىك بىر رۇس ئايالنى چاقىرىپ چىقىپ، يەنە مۇنداق دېدى: «بۇ مېنىڭ ئايالىم، مۇنۇ ئىككى بالا مېنىڭ بالىلىرىم، ئايالىم چۆچەكلىك، قېيىن ئاتام خەنزۇ، كەسپى موزدۇز، قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىلىرىمىز چۆچەكتە قالغان. ھازىر بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمىزغا يول قويۇلمايۋاتىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە يول قويۇلمايۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار ئىكەن. ئەگەر ئۇ ئايالىمنىڭ چۆچەككە بېرىپ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى تۇرپانغا ئەكىلىشىگە رۇخسەت قىلسا، مەن سىلەرگە پۇل بېرىپلا قالماي، ئۇلار (گومىنداڭ) نىڭ يىڭبۇ ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىلەرگە قارشى قىلىۋاتقان



ھەر خىل يوشۇرۇن ئىشلىرىدىنمۇ سىلەرنى خەۋەردار قىلىمەن». ئۇنىڭغا مۇھەتتى دەرھال: «بۇ ئىشقا بىز تەييار، بىتىمنىڭ بەلگىلىمىسىدە بېرىش - كېلىش ئەركىنلىكى بار. ئەتىلا ماڭىمەن دېسىمۇ، مەن تىياپغون ئارقىلىق يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر ئايالىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كېلىمەن دېسە، چۆچەكتىن مۇشۇ يەرگە كەلگىچە مەن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى چىقىپ كەتتى. ئاندىن جۇ خاڭجاڭ بىزگە: «ئۈگۈنلۈككە كەچقۇرۇن چىڭ تۇەنجاڭ بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى جۇجاڭ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك، يوشۇرۇن ئادەم (جاسۇس) لىرى بىلەن كونا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئورنىدا مەخپىي مەجلىس ئېچىپ، سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە مەخپىي ۋەزىپە تاپشۇرىدىغان بولدى. مېنىڭمۇ شۇ يىغىنغا بېرىشىمنى تاپشۇردى. بۇ ئىشتىن سىلەر خەۋەر تېپىپ قېلىڭلار، ئۇ يەردە بولۇنغان گەپلەرنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن. ئەگەر مەن بولماي قالسام، قاسىمجان جىڭلىمۇ سىلەرگە قول قويۇپ پۇل بېرەلەيدۇ» دېدى. بىز دەرھال قايتتۇق. ئابدۇراخمان مۇھەتتى شۇ كۈنىلا ئۆلكە رەئىسلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ، ماشانىڭ ماڭسا بولىدىغانلىقى، ئۈرۈمچىگە بارغىچە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن مېڭىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، جاۋابىنى بەردى.

بىز ئەتىسى ئابدۇراخمان مۇھەتتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭىشەھەر مەكتەپنىڭ قارا خىزمەتچىسى قېيۇم مەخسۇمنى كونا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ئالدىدا كۆمۈردىن پوم ياساپ ئولتۇرغان بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە كىرىپ - چىققانلارنى كۆزىتىشكە قويدۇق. كەچتە ئابدۇراخمان مۇھەتتىنىڭ ئۆيىدە ھوشۇر كېرىم ۋە مەن ئۈچىمىز بەكمۇ تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇراتتۇق. كەچ سائەت توققۇزلاردا يار

يېزىسىدىكى ئىمىن شاگىچاڭ ئالدىرىغان ھالدا كىرىپ كېلىپ، بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەلبېغىنى يېشىپ قوينىدىن تاۋار، چىت، چاي ۋە بىرمۇنچە پۇللارنى چىقىرىپ جوزىغا قويدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن گۇناھ قىلدىم. گومىنداڭچىلار مېنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئارقاڭلاردىن ئىشپىيونلۇققا سېلىپ قويدى، مېنىڭ ئۇششاق باللىرىم بار، مەن بۇ ئىشنى ئەمدى قىلماي-مەن، ئۆزلىرىڭگە دەپ قوياي، مەن ئەتىدىن باشلاپ باللىرىم-نى قالدۇرۇپ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىمەن» دېدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە چىقىپ كېتىشىنى، گۇچۇڭغىمۇ قاچماسلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم ئىشلارنى گومىنداڭچىلارغا ئانچە - مۇنچە دەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم گەپلىرىنى بىز تەرەپكە يەتكۈزۈپ تۇرۇشىنى تاپىلاپ يولغا سالدى. يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇجاڭى سۇلايمان كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ يوغان بىر بولاق پۇل ۋە بىر دانە تاۋار يوتقان تېشىنى چىقىرىپ: «مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈشسىلە، چىڭ تۈەنجاڭ (گومىنداڭنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق پولكىنىڭ تۈەنجاڭى) ماڭا: پىچىنشەھەرنىڭ يىڭجاڭى بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىپ، قىزىل پاچاقلارنى تۇتۇشقا ياردەملەش، دەپ تاپشۇردى» دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇمۇ يىڭبۇنىڭ ئەھۋالىنى بىز تەرەپكە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق جىددىي بولۇۋاتقان مەزگىلدە، تۇرپاندىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ خەلققە سالغان جەبرى - زۇلۇملىرى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھەتتا يېزا - قىشلاقتىن شەھەرگە كىرىدىغان كىشى-لەر شەھەر دەرۋازىسىدىن نوپۇس دەپتىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ كىرىش، نوپۇسى يوقلارنى تۇتۇپ قاماش توغرىسىدا بۇيرۇق



چىقىرىلىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا چاپلاندى؛ ھەربىر دەرۋازىغا 12 دىن ئەسكەر قويۇلۇپ، ھەربىي باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مۇنداق زۇلۇم ۋە بېسىمغا چىدىمىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىپ، يۈرىكى غەزەپكە تولدى. مۇرتۇقتا قۇربان جىسا، بۇيلۇقتا خالىق، پاقا بۇلاقتا تۇرسۇن، قارايۈزىدە غېنى، ئاستىنقى قاراغۇجىدا نامان قاتار-لىق ياشلار 10 — 20 دىن توپلىشىپ، گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىش توغرىسىدا داۋراڭ كۆتۈردى. لېكىن، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ: «ھازىر 11 بىتىم ئىمزالاندى، بىز بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق. قوزغىلىشقا، ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن يوليورۇقى بويىچە، ئابدۇراخمان مۇھىتى، مەنسۇر ناسىرى، ھۇشۇر كېرىم ۋە مەن بىر نەچچىمىز يۇقىرىدىكى ياشلارغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى قوزغىلاڭ قىلىش-تىن بىرنەچچە قېتىم توسىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ياشلاردا بىزگە بىر خىل گۇمان تۇغۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئابدۇراخمان ماڭا: «ھازىر تۇرپاندا ئەھۋال مۇشۇنداق بولۇ-ۋاتىدۇ. ئەگەر قوزغالساق، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋە ئەخمەت ئەپەندى بىزنى قوللامدۇ؟ سىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەخمەت ئەپەندى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كەلسىڭىز، بۇلارنى توسۇۋېرىپ، بىز خاتالىشىپ قالمايلى. دېمىسىمۇ ھازىر چىداپ تۇرغۇسىز ئىشلار بولۇۋاتىدۇ» دەپ، مېنى ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. مەن بىر سىۋەت جوجەم ئېلىپ، كىرا ماشىنىسىدا ئۈرۈمچىگە چىقتىم، ئەخمەت ئەپەندىلەر ئۈرۈمچىنىڭ نەنخۇايۈەن دېگەن يېرىدە (ھازىرقى مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورنىدا) تۇرىدى-كەن. مەن ئەخمەت ئەپەندى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇرپاندا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى ئېيتتىم. ئەخمەت ئەپەندى مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز بىتىم قىلىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتۇق. سىلەرنىڭ

ئۇ ياشلارنى گومىنداڭ تەرەپىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراتماي، قوزغىلاڭ قىلىشتىن ۋاقتىنچە توختاتقىنىڭلار بەك ياخشى بوپتۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە قوزغىلىمىز دېسە، ئۇلارنىڭ باشچىلىرىنى بىزگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زەربە يەپ قالمىسۇن. ئۇلار ھازىرچە قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بارماي، بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى كېرەك. بىتىم دېمەك — بىتتى دېمەكتۇر. مېنىڭ قولۇم «11 بىتىم» بىلەن باغلىنىپ قالدى. بىز قولىمىزنى يېشىپ قىزىل بايراقنى كۆتۈرسەك، ئاندىن تۇرپان، قۇمۇل ۋە باشقا جايلاردىكى قېرىنداشلار قوزغالسا بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ھازىر قوزغالساڭلار، بىز بىتىمنى بۇزغان بولىمىز، خەلق قىرىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىزمۇ سىلەرنى قوللىيالمايمىز. گومىنداڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا جەنۇبتا قاراشەھەردىن، شەرقتە قۇمۇلدىن، شىمالدا گۇچۇڭدىن، غەربتە ئۈرۈمچىدىن بولۇپ تۆت تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتسە، ئۇ چاغدا سىلەر قامال ئىچىدە قالىسىلەر. سىز بۇگۈنلا قايتىپ بېرىپ، مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى خەلققە تولۇق يەتكۈزۈڭ.» مەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ماھىنۇر خانىم مەن جۈجەم ئېلىپ چىققان سېۋەتكە يەتتە مېتىردەك چۈجۈنكە چىت سېلىپ چىقىپتۇ. مەن بۇنى كۆرۈپ خىجىل بولغىنىمدىن: «رەھمەت، بۇنى ئالالمايمەن» دېسەم، ئەخمەت ئەپەندى دەرھال: «جۈجەم تۇرپان خەلقىنىڭ سوۋغىسى، بۇ بىزنىڭ تۇرپان خەلقىگە سوۋغىمىز» دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن زور خىجالەتچىلىك بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببासوۋقا: «مۇمكىن بولسا، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى تۇرپان خەلقىگە ئالغاچ كەتسەم» دېگەنىدىم. ئەخمەت ئەپەندىم يەنە مۇلايىملىق بىلەن: «مېنىڭ بۇۋام ئەسلىدە كونا تۇرپانىنىڭ لام - جىم كەنتىدىن، رەھىمجان ئاكامنىڭ بوۋىلىرىمۇ تۇرپان سىڭگىملىك ئىكەن. تېيىپھاجى ئاكامنىڭ



ئېگىمۇ تۇرپان ئەسھابۇلكەھفتىن ئىكەن. شۇڭا، بىز تۇرپانغا زىيارەتكە بارماقچى. شۇ باھانىدا بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمىز. رەسىمنى ئاپىرىشىڭىز ھاجىتى يوق» دېدى. ئابدۇكېرىم ئاببасوۋ يېنىدىن سەرەڭگە چىقىرىپ، ئۇنىڭ كەينىگە: «ئۇستازىم ئابدۇراخمان ئاكامغا سالام» دەپ يېزىپ، سەرەڭگىنى ماڭا بەردى ۋە: «مۇشۇنى ئابدۇراخمان ئاكامغا كۆرسەتسەك، بىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىز بولىدۇ» دېدى. مەن شۇ كۈنىلا تۇرپانغا قايتتىم.

ئەتىسى تۇرپانغا بارسام، گومىنداڭ ھەربىيلىرى خەلق ئۆستىدىكى ئوتۇن - سامان، ئات بوغۇزى قاتارلىق ئالۋان - سېلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىپتۇ. قوراللىق ئەسكەرلەر 10 — 20 دىن بولۇۋېلىپ، شەھەر ئىچى ۋە يېزا - قىشلاقلاردا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان، ئادەم ئۇرىدىغان ئىشلار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. مەسىلەن، كونا شەھەردە قوغۇن تېرىغان ئابدۇللائاخۇن (كىشىلەر ئۇنى «ئالويى» دەپ ئاتايتتى) نىڭ قوغۇنلۇقىغا گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئات بىلەن باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئابدۇللاخۇن ئۇلارنى قوغۇنلۇقتىن چىقىڭلار دېسە، ئەسكەرلەر ئۇنى ئىتنى باغلىغاندەك باغلاپ تۈەنبۇغا ئەكىرىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. چاتقال كەنتىدىكى دېھقانلارغا ئات - ھارۋا ئالۋىڭى سالىمىز دەپ بېرىپ، جاگوت ئاكا دېگەن ياللانما دېھقاننى «ئات - ھارۋام يوق» دېدىڭ دەپ، ئېلىپ چىقىپتۇ. يەنە ئاستانە - قاراغوجىدىن 50 نەچچە ياشنى تۈەنبۇغا ئات ئېغىلى سالدۇرىمىز دەپ ئەكىلىپ، ھەقسىز ئىشلىتىپتۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتىغا كىشەن ساپتۇ. يۈسۈۋازا (خۇيزۇ) دېگەن بالا بىلەن گۈڭشاڭلىق نىياز دېگەن ئىككىسى ساراڭ قېتىش باللار بولۇپ، يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمىنى ۋە خەلقنىڭ ئۇلارغا قارشى كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەزىپىنى

ئانچە - مۇنچە بىلگەچكە، شەھەر دەرۋازىسىدا پوستتا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مىلتىقىغا قاراپ ئاغزىدا: «پاڭ - پۇڭ» دەپ قويغانىكەن. ئۇ ئەسكەرلەر بۇ بالىلارنىڭ ساراڭلىقىغا قارىماي، مىلتىقىنىڭ نەيزىسىنى نىياز دېگەن بالىنىڭ يوتىسىغا تىقىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى توپلىشىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر تەرەپتە ئىشلەۋاتقان دۇساجاڭى ھەسەن كېرىم بۇ جېدەلنى ئايرىمەن دەپ ئارىغا چۈشكەنىكەن، 10 - 20 دەك ئەسكەر ھەسەن كېرىمنى گومىنداڭنىڭ يىڭبۇسىغا قاماپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇجاڭى ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللايوپ بىلىپ، يىڭبۇدىن ئۇنى ئېلىپ چىققىلى بارسا، يىڭبۇغا كىرگۈزمەپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتى مېنى چاقىرىپ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ: «بىز ئۈچىمىز (رەۋەيدۇللايوپمۇ بار) تۇەنبۇغا كىرىپ ھەسەن كېرىمنى قۇتقۇزۇۋۇپ چىقايلى» دېدى. كېيىن مەسلىھەت بىلەن مۇھەممەت ئابدۇللا ئەلماخۇنۇمنىمۇ ئېلىۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، تۆتىمىز تۆت ئاتقا مىنىپ، كەچقۇرۇن سائەت ئالتىلەردە گومىنداڭنىڭ كونا شەھەردىكى تۇەنبۇسىنىڭ ئالدىغا باردۇق. يېرىشىمىز بىلەنلا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ بىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، تۇەنبۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئابدۇراخمان مۇھىتىنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز: تۇەنجاڭ ھاكىم مۇھىتى بىلەن ئايرىم كۆرۈشمەكچى ئېكەن، دەپ ئويلاپ قالدۇق. بەش مىنۇتتىن كېيىن ئەبەيدۇللايوپنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ياشىنىپ قالغان ئەلماخۇنۇم بۇ ئىشنىڭ سىرلىق بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، تىنماي ئايەت ئوقۇپ ئولتۇردى. ئارقىدىن مېنىمۇ ئىككى ئەسكەر چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار مېنى ئايرىم بىر بۆلمىگە ئەكىردى. مەن كىرـ



شىم بىلەن، بۆلمىدىكى بىر ھەربىي تامدىكى ھەربىي خەرىتىنىڭ قارا پەردىسىنى قوپاللىق بىلەن يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭغا قاراپ، مەنمۇ بۇلاردا بىر قارا نىيەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم ۋە بىرئاز چۆچۈدۈم. كەچ سائەت 8 گىچە مەن بىلەن ھېچكىم كۆرۈشمىدى. سائەت سەككىز يېرىملاردا ھەممىمىزنى يەنە بىر - بىرلەپ ئاۋۋالقى ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. ئەمما، بۇ قېتىمقى مۇئامىلە ئىلگىرىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىدى: ئۆيدىكى جوزىنىڭ ئۈستى چاي، قوغۇن، تاۋۇز ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن چىڭ تۇەنجاڭ كىرىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىزلەرنىڭ كىرگەنلىكىڭىزلارنى مەن ھازىرلا ئاڭلىدىم. سىزلەر ھەسەن كېرىمنى سوراپ كىرگەنىكەنسىزلەر، مەن يىڭبۇغا ئۇنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم. ھازىر ئۇ چىقىپ كەتتى. ئەمدى سىلەرگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي: ئەخمەتجان قوشۇنلار ھازىر تۇرپانغا كېلىپ، ھاكىم ئىدارىسىگە كىرىپ كەتتى» دېدى. بىز دەرھال قايتىپ چىقىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا بارساق، ئەخمەت ئەپەندىملەر ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ھوياسىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار تۇرپانغا ناھايىتى ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خەۋەر شۇ كۈنى كېچىلەپ پۈتۈن يېزا - قىشلاقلارغا يېتىپ باردى. ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن رەھىمجان ئاكام ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆيىدە قوندى؛ تۇرسۇن ئىسرائىل، ئۇيغۇر سايرانى، نەمەت خەلپىتىم، نۇردۇن بەگلەر مېنىڭ ئۆيۈمدە قوندى. ئەتىسىدىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار بارغانلا يەر قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ئۇلار بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەخمەت ئەپەندىم چوڭ مەيداندا خەلققە «11 بىتىم» توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ھەققانىي، ئوچۇق ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى خەلقنى ئاجايىپ تەسىرلەنـ

دۇردى. ئەخمەت ئەپەندىم گومىنداڭنىڭ تۆۋەنجاڭى چىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ سىرتقا خالىغانچە ئەسكەر چىقىرىپ، خەلقتىن ئوت - چۆپ ۋە بىدە - سامان ئالماسلىقىنى، بۇنداق ئىشلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار ئاستانە، قاراغوجا، ئەسھابۇلكەھف قاتارلىق يەرلەرگە بېرىپ زىيارەتتە بولدى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى توغرىلىق نۇتۇق سۆزلەپ، ناھايىتى تېزلا يەنە ئۈرۈمچىگە قايتتى.

ئەخمەتجان ئەپەندىم تۇرپانغا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرپاندا مۇنداق ئىشلار بولدى: 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە چىڭ تۆۋەنجاڭ ئۆزىنىڭ ژاندارمىلىرى بىلەن جىددىي مەخپىي يىغىن ئېچىپ، مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ: «ئىلگىرى شىنجاڭدا بىتىم ئىجرا قىلىنغانىدى. يېقىندا مەركەز مەسئۇدنى جۇشىلىققا تەيىنلىگەندەك، ئەمدى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىنىڭ سايلىمى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەمدى تۇرپاندىكى قىزىلپاچاقلارنىڭ ھەرخىل سۆز - ھەرىكەتلىرىگە يول قويماي، ئۇلارنى ئاشكارا بېسىقتۇرىمىز. سەن جېلىل ھەر كۈنى ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن سىراجىدىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن - كەتكەنلەرگە كۆز - قۇلاق بولىسەن؛ سەن ھەبىبۇللا باۋۇدۇن يۇسۇپنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىسەن؛ سەن سۇلايمان فۇجۇجاڭ ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا، ھەسەن كېرىملەرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىسەن. ھەممىڭلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەن - چىققانلارنى بىزگە دوكلات قىلىپ تۇرۇڭلار. لى جۇجاڭ سىز ئاستانە پەيچۇسوسىغا يەنە بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتىڭ. سىلەر ھەر كۈنى ئاخشىمى شەھەردىن سىرتقا، سىرتتىن شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ - چىقىدىغانلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، يېنىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن ماڭدۇرۇڭلار.» شۇ كۈنى كېچىسى بانكىنىڭ باشلىقى جوخاڭجاڭ بۇ ئەھۋاللارنى بانكىنىڭ قارا خىزمەت-



چىسى ساجىت چوناقتىن ئابدۇراخمان مۇھىتىغا يەتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا مۇئاۋىن جۇجاڭ سۇلايمان ئەنەس ئىسىملىك ئاق كۆڭۈل ۋە ياۋاش بىر ئەسكەردىن چىڭ تۆۋەنجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى خەت ئارقىلىق بىزگە ئەۋەتىپ، بىزنىڭ ھەر تەرەپتىن دىققەت قىلىشىمىز ۋە ھوشيار بولۇشىمىزنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، ئەنەسنىڭ بىزگە خەت ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغان پايلاقچى بۇنى دەرھال يىڭجاڭغا دوكلات قىلىپتۇ. يىڭجاڭ ئەنەسنى ئالدىغا چاقىرتىپ: «سەن ئابدۇراخمان ھاكىملارنىڭ قېشىغا نېمە ئىش بىلەن باردىڭ؟» دەپ سورىسا، بۇ ياش ۋە ساددا بالا: «سۇلايمان جۇجاڭنىڭ خېتىنى ئاپىرىپ بەردىم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىڭجاڭ ۋە تۆۋەنجاڭلار سۇلايماننى مۇئاۋىن جۇجاڭلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەنەس بىلەن قوشۇپ ساقچىغا نەزەربەند قىلىپ قويۇپتۇ. ئەنەسنىڭ ئايالى مەريەم قاسىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئىدى. ئۇ، ئەنەسنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى مەكتەپ مۇدىرى نىزامىدىنغا ئېيتىپتۇ. نىزامىدىن ئابدۇرېشىت نىياز دېگەن يەنە بىر مەكتەپ مۇدىرىنى ئېلىپ، مەريەم قاسىمنى ئەگەشتۈرۈپ، ساقچى ئىدارىسى بىلەن يىڭبۇغا ئەنەسنى تىلەپ ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى ئەنەس بىلەن سۇلايمان جۇجاڭنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىقى پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىپ، نۇرغۇن خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنلىرى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، يېڭى شەھەردىن ئاتلىق چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، كۈندۈزىلا گومىنداڭنىڭ دەرۋازا قاراۋۇللىرى ئۇلارنى توسۇپتۇ. ئۇلار يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن كەينىگە يېنىپ، شەرقىي دەرۋازىسىغا بارسا، ئۇ دەرۋازىدىكى پوستلارمۇ توسۇپ، شەھەردىن چىقىشقا قويماپتۇ. گومىنداڭ ھەربىيلىرى پەيدا قىلغان

بۇ خىل جىددىيلىك پۈتكۈل شەھەر خەلقىدە بىر خىل ئەندىشە پەيدا قىلغاچقا، شەھەر ئىچىدىكى دۇكانلار ئېتىلىپ كەتكەن، ھەتتا بەزى كىشىلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە باشلىغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باۋۇدۇن يۇسۇپ قۇربان كېرىم، نىياز قارى، ئابدۇرېھىم، ئەمەت ھاجىلارنىڭ ياردىمىدە كېچىسى شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ، يوشۇرۇن ھالدا يېزىغا چىقىپ كېتىپتۇ. گومىنداڭ ژاندارمىلىرى ئۇلارنىڭ شەھەردىن قېچىپ چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، سۇلايمان، ئەنەس، قۇربان كېرىم، مەنسۇر ناسىر، نىزامىدىن، ئابدۇرېشىت نىيازلارنى تۇتۇپ قاماپ قويۇپ، كېيىن ئۇلاردىن سۇلايمان، ئەنەس، ئابدۇرېشىت نىياز، نىزامىدىنلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ (بۇ كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ھازىرمۇ ھايات).

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ چىدىغۇسىز زۇلۇم ۋە بېسىملىرىغا قارشى قاتتىق غەزەپكە كەلگەن تۇرپان ياشلىرى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن بۇ قوزغىلاڭ، بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى قوزغىغان بولماستىن، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئالۋان - سېلىق ۋە جەبرى - زۇلۇملىرىغا قارشى ئەمرى غەزەپكە تولغان ياشلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاۋامخەلقنىڭ قوزغىلىڭى بولغاچقا، تولۇق قوراللانغان گومىنداڭ ھەربىيلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا باستۇرۇۋېتىلدى؛ تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

ئەخمەت ئەپەندىملەر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىپ، تۇرپاندا يۇقىرىقى ئىشلار بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدە ئۆلكە رەئىسىنى سايلايدىغان سايلام ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانىكەن.



تۇرپان ناھىيىلىك كېڭەش مەجلىسىنىڭ سايلاپ بېرىشى بىلەن، مەھەممەت زەئىدى ئىككىمىز تۇرپاننىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئۈرۈمچىگە چىقتۇق ۋە سابىق شىنجاڭ شۆيۈەندىكى قىزىل بىناغا ئورۇنلاشتۇق. ئەمما، بۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ، ھەرخىل مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار كۆپىيىپ كەتكەچكە، سايلام كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۈشتۈمتۇتلا: «ئۈرۈمچىنىڭ مەدەنىيەت كۇلۇبىغا ئەكسىيەتچى قوراللىق كىشىلەر ئوت قويۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مەھەممەت زەئىدى بىلەن ئىككىمىزنى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا بېرىپ ئوت كەتكەن ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بارساق، كۇلۇبقا ئوت قويماپتۇ. لېكىن، سانايىنەپىسگە قوراللىق كىرىپ، ئەرتىسلەردىن ياسىن ھەسەن، ئابدۇگۇل ئەزىمدى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، يارمۇھەممەت ئەزىمدى، قادىر رازى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ياشلارنى تۇتماقچى بولغانىكەن، بۇ ياشلار قېچىپ كېتىپتۇ. قوراللىق كىشىلەر سەھنە جاھازلىرى، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى سۇندۇرۇپ، بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، چىقىپ كېتىپتۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا دوكلات قىلدۇق. ئەھۋال مۇشۇنداق جىددىي بولغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ھېسداشلىق قىلىدىغان نۇرغۇن زىيالىي ياشلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر غۇلجىغا ياكى جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى؛ ئابدۇگۇل ئەزىمدى، ياسىن ھەسەن قاتارلىق 20 نەچچە ئەرتىس ئۆزلىرىنى كىيىم ۋە گىرىم بىلەن يوشۇرۇپ، چاندۇرماستىن ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن، «11 بىتىم» ئاخىر بۇزۇلۇپ، ئەخمەت ئەپەندى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن كادىرلار غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. تۇرپان، قەشقەر،

خوتەن، ئاقسۇ، يەكەن، كورلىدىن كەلگەن بىر قىسىم سايلام ۋەكىللىرى (جۇملىدىن بىزمۇ) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سايلام ۋەكىللىرىگە قوشۇلۇپ غۇلجىغا كەتتۇق. بىز غۇلجىغا بارغان كۈنى ئۇ يەردىكى ھەرساھە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىزنى ناھايىتى قىزغىن ۋە تەنتەنىلىك قارشى ئالدى. بىزنى يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ باش شتاب مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

## 4

شۇ دەۋردە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى خېلىلا زامانىۋىلاشقان بولۇپ، كونىچە ساپان، بوقۇسىدىن باشقا، سېيالكا، كىچىك تراكتور، يىغىچە سوقا — سايمانلار بىلەن دېھقانچىلىق قىلىنىدىكەن؛ چارۋىچىلىقتا چارۋىلارنىڭ كېسەللىكىنى مال دوختۇرلىرى ئىلمىي ئۇسۇلدا داۋالايدىكەن؛ ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. شۇڭا، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى خېلىلا راۋاجلانغان. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئۇيغۇر، تاتار، ئورۇسلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بار ئىكەن؛ قىرائەتخانا، كۇتۇپخانا ئىشلىرىمۇ ئوبدان راۋاجلانغان؛ سەنئەت ساھەسىدە ئىلىدا 1935 - يىلىلا مىللەتلەر كۇلۇبى، چۆچەكتە 1937 - يىلى چوڭ كۇلۇب سېلىنغان بولۇپ، تىياتىر - كونسېرتلار خېلى بۇرۇنلا كۇلۇبلاردا قويۇلۇشقا باشلىغان. ئىلىدا ھەسەن تەمبۇر، ھۆسەنجان جامى، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتاغا ئوخشاش مۇقامچىلار، زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەل-



لىپ، خېلىل ساتتاروپ، ئەنۋەر يوغانباش، قاسىمجان قەمبىرىدەك ئىجادكارلار يېتىشىپ چىققان بولسا، چۆچەكتە مەشرەپ، پاتىمە (قازاق)، ئاۋۇت داموللىغا ئوخشاش ئاتاقلىق ئەرتىسلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇ جايلارنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇنداق كۆزگە كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىشىدا مۇنداق ئىككى ئامىل بار. بىرى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ باشقا جايلارغا قارىغاندا يۇقىرىراق بولغانلىقى؛ يەنە بىرى، ئۇ جايلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجابىي تەسىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئۇ يەردە كۆپرەك تۇرۇپ قالغانلىقى، ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىق ۋە سودا - تىجارەت مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ۋە باشقىلار. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا بىۋاسىتە ۋە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلگەن. بىز ئىلىغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ مەتىمىن خەلپەتھاجى باشچىلىقىدىكى دۆلەت تىياتىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا تەشكىللىنىپ، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «خىيالىي تېۋىپ»، «ئارشىن مال - ئالان» قاتارلىق درامىلارنى سەھنىلەشتۈرگەنلىكىنى بىلدۇق. بۇ تىياتىرنىڭ رېژىسسورى جالالىدىن بەھيارى؛ ئاساسىي ئەرتىسلىرى ئابدۇۋەلى جارۇللا، گۈلسۇم، ئەبەيدۇللا ناسىرى، ئەزەم زەگا قاتارلىقلار؛ مۇزىكانت ۋە كومپوزىتورلىرى روزى تەمبۇر، مەمەت تاھىر، زوردۇن، غۇپۇر دىڭخۇلۇلار ئىكەن.

بىز غۇلجىغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى، بىز بىلەن بىللە بارغان قەشقەر ۋەكىلى، پېشقەدەم زىيالىي خەلپەت سوزۇك

ھاجىنىڭ: «بۇ يەردە بىكار يۈرگىچە ئېلىنىڭ مائارىپ ۋە
سەنئەت جەھەتتىكى يېڭىلىقلىرىنى كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟»
دېگەن تەكلىپىگە بىنائەن، ئىككىمىز ئاۋۋال مائارىپ ئىدارى-
سىگە باردۇق. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ
ئىدارىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرا كۆۋرۈك دېگەن يېرىدە
ئىكەن. بىز كىرىپ، يۈسۈپ كېرەم دېگەن بىر كادىر بىلەن
ئۇچراشتۇق. ئۇ، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن،
ئېلىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى بىزگە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن
سۆزلەپ بەردى: «بىز ئىلى ۋىلايىتى بويىچە نۇرغۇن باشلانغۇچ
مەكتەپ ۋە بىر گىمنازىيىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. باشلىقى
مىز سەيپىددىن ئەزىزى نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئەخمەت
ئەپەندىنىڭ يېڭى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ئەخمەت ئەپەندى:
سىلەر ئېلىنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئىشلىرىدا كەڭ بىر پىلان
تۈزۈپ چىقىڭلار. بۇ يەردە مىللەتلەر جىق، ئۇيغۇرلاردىن باش-
قا، قازاق، قىرغىز، رۇس، موڭغۇل، شىبە، خەنزۇ مىللەتلىرى
بار. سىلەر ئاۋۋال بۇ مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپىنى
تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتىپىنى پىلانلاپ
چىقىڭلار، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشى كې-
رەك. ئىككىنچىدىن، دارىلمۇئەللىم، دارىلئاجىزلارنىڭ ئوقۇتۇش
ئىشلىرىنى پىلانلاپ چىقىڭلار. ئۈچىنچىدىن، بىزگە ھازىر
ھەر ساھەدىكى تېخنىك خادىملار لازىم بولۇۋاتىدۇ. خۇسۇ-
سەن دوختۇرلىرىمىز يېتىشمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، دەرھال ساي
بويىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە بىر تىببىي مەكتەپ ئېچى-
شىمىز كېرەك. سىلەر يەنە باشقا ساھەلەردىمۇ كەسپىي تېخ-
نىكۇملارنى ئېچىڭلار. بۇ تېخنىكلار كېيىن يەتتە ۋىلايەتكىمۇ
لازىم بولىدۇ، دەپتۇ. شۇڭا، بىز ھازىر ناھايىتى ئالدىراش
بولۇۋاتىمىز» (مەن شۇ كۈنى مائارىپ ئىدارىسىدە ھازىرقى
شىنجاڭ داشۆدىكى ھاكىم جاپپارنىڭمۇ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆر-



گەنىدىم). ئاندىن بىز سەنئەت ئۆمىكىگە باردۇق. ئۇ يەر-
دىكى ئارتىسلار زۇنۇن قادىرنىڭ «گۈلنىسا» دىرامىسىنى رې-
پېتىتسىيە قىلىۋاتقانىكەن. ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىم
موسايوپ بىز بىلەن ئۆزئارا تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن:
«ھازىر ئۆمىكىمىزدە 45 نەپەر شتاتلىق ئەرتىس بار» دېدى.
ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ھېچبىر يېرىدە ئەرتىسلەر دۆلەت
شتاتىغا قوبۇل قىلىنمىغان بولغاچقا، مەن بۇنىڭغا ھەيران
قالدىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرتىسلەرگە
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى رەسمىي شتاتلىق قىلغانلىقى
راستتىنلا بىر يېڭى ئىش ئىدى. قاسىم موسايوپ يەنە:
«مېنىڭ رەسمىي خىزمىتىم دارىلئاجىزدىندا، ئۇ يەرنىمۇ زىيارەت
قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى ۋە دارىلئاجىزىنىڭ باشقۇرۇلۇش
ئەھۋالى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋا-
لى... توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي تېخى نۇرغۇن مۇشكۈل جەڭ ۋە كۈرەشلەرگە دۇچ
كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە خەلقنىڭ سەنئەت ۋە مائارىپ
ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن سۆزلۈك ھاجى ئىك-
كىمىز كۆپ تەسىرلەندۇق.

بىز غۇلجىغا بېرىپ 7 - كۈنى، ئەخمەت ئەپەندىم
ماڭا: «سىراجىددىن، سىزنى باش ساقچىغا خىزمەتكە ئورۇن-
لاشتۇردۇق، يەنە قوشۇمچە ئۈچ ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەدىئىي رەھبىرى قىلىپ تەيىنلىدۇق.
ئەتىدىن باشلاپ يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزغا بېرىڭ» دەپ
بۇيرۇقنامە ئەۋەتىپتۇ. ئەتىسى باش ساقچىغا بارسام، ماڭا
پاروچىك ئۇنۋانى بىلەن بىر يۈرۈش ساقچى كىيىمى بەردى.
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەخمەت
ئەپەندى مېنى چاقىرتىپتۇ. بارسام، كاتىپى جىلانوۋنىڭ ئال-
دىدا ماڭا: «سىزنىڭ ئاساسىي خىزمىتىڭىز ساقچى ئىدارىسىدە

بولدۇ. بۇ خىزمەت ناھايىتى نازۇك، خەلقنىڭ مۇھىم خىزمىتى. بۇنى كۆيۈنۈپ ئۇبدان ئىشلىشىڭىز كېرەك. سەنئەت ئۆمىكىدىكى خىزمىتىڭىزدە، ئاۋۋال بەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ئەرتىسلەرنى ئىلى سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇڭ. ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئۆيلىرى مۇۋاپىق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. ئاندىن ئىجادىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى - يېڭى ئەسەرلەرنى ئويناپ، خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى. ئۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نامى ئىلگىرىكى «دۆلەت تىياتىرى» دىن «ئىلى تىياتىرى» غا ئۆزگەرتىلگەنىكەن، تىياتىرنىڭ ئورنى غۇلجا ساي بويىدىكى ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز كۇلۇبىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. مەن تىياتىر ئۆمىكىگە بارغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال ئورۇمچىدىن ئىلىغا بارغان ئابدۇكېرىم رازىيوپ، باتۇر تۇرسۇن، ئابدۇگۇل ئەزىمىدى، يارمۇھەممەت ئەزىمىدى، قادىر رازى، ئانارخان، ھۆرنىيازخان، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، دېكوراتور ماموتخان قاتارلىق سەنئەتچىلەرنى ئۈچ دەرۋازىدىكى بىر ھويلىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەرھال ئۆمەككە قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىلى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئادەم كۈچى تولۇقلىنىپ، ئىقتىدارى زورايدى. ئاندىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەت نىزامنامىسىنى تۈزۈپ، ئۆمەكنىڭ تەشكىلىي، رېپېتىتسىيە قىلىش تەرتىپى، مۇدىر، رېژىسسور، دېكوراتور، سۇۋىتچىك ۋە مۇزىكا مەسئۇللىرىنى بېكىتتۇق؛ كەسپىي جەھەتتە ئەرتىسلەرگە سەنئەت ئىلمىي ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش، ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەش، نوتا كۇرسلىرىنى ئېچىش... قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. مەن ئۆمەكنىڭ بەدىئىي رەھبىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كەسپىي ئىشلارنى قايتىدىن تەشكىللەش جەريانىدا، بەزى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، «غېرىپ - سەنەم»،



«پەرھاد - شېرىن»، «ئارشىن مال - ئالان»، «ئۆز مۇھىت»، «شائىخەي كېچىسى»، «بەختۇبىتىكى زىندان»، «غۇنچەم» «شانلىق غەلىبە»، قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا رەھبەرلىك قىلدىم؛ ئېھتىياج تۇپەيلىدىن، «غېرىپ - سەنەم» دە غېرىپنىڭ رولىنى (سەنەمنىڭ رولىنى گۈلسۇم ئوينىغان)، «ئۆز مۇھىت» تا ياپون گېنېرالىنىڭ رولىنى، «پەرھاد - شېرىن» دە پەرھادنىڭ رولىنى (شېرىننىڭ رولىنى گۈلسۇم ئوينىغان)، «ئارشىن مال - ئالان» دا ئەسقەرنىڭ رولىنى (گۈلچېھرەنىڭ رولىنى گۈلسۇم ئوينىغان) ئورۇنلىدىم؛ ئابدۇكېرىم رازىيوپ باشچىلىقىدا ناخشا - ئۇسسۇل ۋە كونسېرتلارمۇ ئورۇنلىنىپ تۇردى. بۇ تىياتىر ۋە كونسېرتلارنى ئورۇنلاشتا، سەھنە ئەسىرى تاللاش، رېپېتىتسىيە قىلىش، دېكوراتسىيە تۈزۈش، كىيىم تىكىش ۋە گىرىم قىلىش ئىشلىرىمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى ئىلمىي ئىزغا چۈشتى. مەسىلەن، «غۇنچەم» دىرامىسىنى سەھنىدە ئوينىغاندا، دېكوراتور ماموتخان سەھنىدە بىر ئېرىق سۇ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى، پۈتكۈل تاماشىبىنلار بۇنىڭغا ھەيران قېلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئالاھىدە سەھنىگە چىقىپ كۆرۈشتى، دراماتورگ مەرھۇم زۇنۇن قادىر سەھنىگە چىقىپ: «ئەگەر «غۇنچەم» نى بۈگۈنكىدەك يۇقىرى سەۋىيەدە ئورۇنلايدىغان بولساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دراما يازىمەن» دېدى. ئۇنىڭ ئەتىسى كەچتە «ئۆز مۇھىت» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى ئوينىغان ۋاقتىمىزدا، ئەخمەت ئەپەندى، گېنېرال ئىسھاقبېك قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ كېلىپ كۆردى. ئويۇن تۈگىگەندە، ئۇلار ھەممە ئەرتىسلەرنى يىغىپ، يوليورۇق بەردى. ئەخمەت ئەپەندى: «ياخشى ئىشلەپسىزلەر، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىڭلار. زۇنۇن قادىر ئەپەندىمنى بايانداي ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىقىدىن بوشىتىپ سىزلەرگە بېرەيلى، زىكرى ئەلپەتتار بىلەن

قوشۇپ تىياتىرغا ئەكىلىۋېلىشقانلار. ئاڭلىسام، سىزلەرنىڭ ئىشخانا ۋە گىرىمخانىلاردا قىيىنچىلىق بار ئىكەن، بۇ قىيىنچىلىقلىرىڭىزلارنى ھەل قىلىپ بېرەيلى» دېدى. گېنېرال ئىسھاقبېك: «بۈگۈنكى ئويۇنلىرىڭىزنى بىزنىڭ ئارمىيە ئىچىگىمۇ ئاپىرىپ قويۇپ، ئەسكەرلەرگە كۆرسىتىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز» دېدى. قايتىش ۋاقتىدا، ئەخمەت ئەپەندى: «سىراجىدىن زۇپەر، ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، مۇھىم ئىش بار» دېدى. ئەتىسى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كاتىپى باتۇر تۇرسۇننى ئېلىپ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەخمەت ئەپەندى بىزگە: «مەن خوتەنگە بارغاندا، ئىنقىلاب سېپىدىكى خەلقچىل زاتلارغا سوۋغا قىلىمەن دەپ، خوتەندىن ئازراق سوۋغا ئالغاچ كەلگەنىدىم. تۈنۈگۈنكى ئويۇنغا قارىسام، سەنئەتچىلەرمۇ خەلق ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىۋېتىپسىلەر، شۇ سوۋغىدىن سىلەرگىمۇ بېرەي» دەپ، 12 كىيىملىك ئەتلەس، ئالتە تاقە بەقەسەم سوۋغا قىلدى؛ ئاندىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىشخانا قىلىشى ئۈچۈن، ساي بويىدىكى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ يوليورۇقىنى ئەرتىسلەرگە يەتكۈزدۇم. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ غەمخورلۇقىنى ئاڭلاپ، ئەرتىسلەر تەرەپ - تەرەپتىن: «ئەخمەت ئەپەندىمگە رەھمەت، ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

1948 - يىلى «ئېلى تىياتىرى» نىڭ نامى «ئىتتىپاق تىياتىرى» غا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى ماي بايرىمى كۈنلىرىدە، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى سەيپۇللايۇپ بىلەن مۇئاۋىن رەئىس زاكىرۇپ مېنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ: «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، سىلەرنى ئالدىنقى سەپكە ئارمىيىدىن ھال سوراشقا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئادەم سانى 20 دىن ئاشمىسۇن، بىر ماشىنا بېرىمىز، سىلەر



بىلەن شائىر داۋۇت تۇرەخمەتمۇ بىللە باردۇ. قاچانراق ماڭالايسىلەر؟» دېدى. مەن: «بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىۋالساقلا مېڭىپ كېتىمىز» دېدىم. بىز بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، ھۆسەنجان جامى، مەھەممەت تاھىر، باتۇر تۇرسۇن، قادىر رازى، رەھمەت چوقۇر، گۈلسۈم، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، زوردۇن، ئابدۇگۈل ئەزىمدى، ئانارخان، ھۆرنىسازخان، مۇقاتاي... قاتارلىقلارنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا تۆمۈر غالى بىلەن ئىككىمىز مەسئۇل بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. بىز باياندايدىن باشلاپ تاكى ساۋەنگىچە بولغان ئارىلىقتا 40 كۈندەك يۈرۈپ، 30 نەچچە قېتىم ئويۇن قويدۇق. ھەربىر پولكقا بېرىپ جەڭچىلەرگە بېغىشلانغان نومۇرلارنى قويغىنىمىزدا، جەڭچىلەر خۇشاللىقىدىن: «ھۇررا! ھۇررا!» دەپ تۇۋلىشىپ كەتتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلىچۋازلىق، قارىغا ئېتىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق ھەر خىل مەشقلىرىنى كۆرسەتتى. بىز ئۇلاردىن كۆپ تەسىرات ئېلىپ، ھال سوراش خىزمىتىمىزنى شىخودا ئاخىرلاشتۇرۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلدۇق. ئاندىن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى سەيپۇللايۇپنى ئۆمىكىمىزگە تەكلىپ قىلىپ، ھال سوراش خىزمىتىدىن دوكلات قىلدۇق. ئۇ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن رازى بولدى ۋە ياخشى باھا بەردى. سەيپۇللايۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «نېمە تەلىپىڭىزلار بار؟» دەپ سورىۋىدى، زىكرى ئەلپەتتا: «روزى ئاكام (تەمبۇر) نىڭ يېشى چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ياشلارغا مۇقامنى ئۆگىتىش لازىم ئىدى، ياش مۇزىكانتلىرىمىز مۇقامنى بىلمەيدۇ» دېدى. سەيپۇللايۇپ: «روزى ئاكام ياشلارغا نېمە ئۈچۈن مۇقام ئۆگەتمەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، زۇنۇن قادىر: «ئۇمۇ بالا - چاقىلىق ئادەم تۇرسا، ئۇنىڭغا بىرنېمە بەرمىسەك قانداق ئۆگەتسۇن؟» دېدى، سەيپۇللايۇپ: «سىلەر مۇقام ئۆگەتكىدىغان

بىر كۇرس ئاچماسلەر، شۇ چاغدا ھەر بىر مۇقام ئۆگىتىلىپ بولغاندا، ئايلىققا ئوخشاش مۇۋاپىق ھەق بېرەيلى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ياش مۇزىكانتلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. بىز ئەتىسى ئۆمەكتە مۇزاكىرە قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئابدۇللاخان، مۇھەممەت تاھىر، غوپۇر، رەھمەت چوقۇر، تۇرسۇن لىتىپ، قادىر رازى (ناخشىچى)، تۇرسۇن سەلەيدىن ئىبارەت يەتتە كىشىنى مۇقام ئۆگىنىشكە ئاجراتتۇق. بۇ نۆۋەتلىك مۇقام ئۆگىنىش كۇرسىغا روزى تەمبۇر ئۇستاز بولدى. مۇقام ئۆگەنگۈچىلەردىن ئابدۇللاخان، قادىر رازى قاتارلىقلار كېيىنكى چاغلاردا داڭلىق مۇقامچىلاردىن بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھنە سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، «12 مۇقام»نى ئۆگىنىش ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ جەھەتتە بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

### 5

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەبىجان مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە مېڭىشىمغا بۇيرۇق بەردى. مەن شۇ بۇيرۇق بويىچە، يەتتە ۋىلايەتتىن ۋەكىل بولۇپ بارغان سىدىق موسايوپ، مۇھەممەت سەئىدى، ئابدۇرېھىم لىتىپ، خەلپەت سوزۇك ھاجى، مۇھەممەت ھەسەن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي كادىرلىرى قاتارىدا، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بىزنى ئۆل-



كىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مەسئۇل كادىرلار ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شەھەر خەلقىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە چاقىرغانىكەن. بارسام، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندى مېنى ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەنىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىردى. ئۇ يەردە مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىن ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. بۇرھان ئەپەندى ۋاڭ جېنغا مېنى: «تۇرپانغا ئەۋەتىلىدىغان شىيەنجاڭىمىز مۇشۇ شۇ» دەپ كۆرسەتتى. ۋاڭ جېن مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ: «بالا شىيەنجاڭ ئىكەن» دېدى. ئاندىن ماڭا: «سىزنى بىز تۇرپانغا شىيەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتىمىز. شىنجاڭ ئازاد بولدى، تۇرپاننىڭ كونا شەھىرى تېخى ئازاد بولمىدى. ئۇ يەردە 1050 قورچاق ئەسكەر بار، ئۇلار گومىنداڭنى تىللاۋاتىدۇ. سەن تۇرپانغا تېزرەك ماڭ، ئۇ يەردە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تيەن شىڭۋۇ ئىسىملىك بىر ھەربىي باشلىقى سېنىڭ تېزرەك كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇ، 600 ئەسكەر بىلەن كونا شەھەرنى يىراقتىن قورشاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىن بىر ئىسكادرون جەڭچى سەن بىلەن بىللە بارىدۇ. سىلەر تيەن شىڭۋۇ باشچىلىقىدىكى ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنى بىلەن بىللە بولىسىلەر. ئېھتىمال، كونا شەھەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەگەر توقۇنۇش بولۇپ قالسا، مېنىڭ قوماندانلىقىم بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنى مۇمكىن قەدەر ئۇرۇشماي تەسلىم قىلدۇرغىنىڭلار ياخشى» دېدى. ئارقىدىن: «سېنىڭچە قانداق؟ پىكرىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن بىر ئاز تارتىنىپ: «مەن ئادەتتىكى بىر سەنئەتكار، شىيەنجاڭلىقنى قاملاشتۇرالارمەنمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ سەنئەتچىلىكىمنى قىلسام قانداق؟» دېدىم. ۋاڭ جېن: «گومىنداڭنىڭ كادىرى دەپتەر - قەلەم بەرسەك جۇۋىدا ئىشلەيدۇ، مىلتىق بەرسەك جەڭ قىلىدۇ،

كەتمەن بەرسەك يەر تېرىيدۇ، سەن ھازىر مىلتىق
نى ئېلىپ بېرىۋەر، كېيىن ياندۇرۇپ كەلسەك، دۇتارىڭنى
چېلىۋەرمەمسەن؟» دېدى. بۇرھان ئەپەندى بىلەن سەيپىددىن
ئەپەندىلەرمۇ مېنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويماسلىقىم،
ھوشيار بولۇشۇم، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىم لازىملىقىنى
ئېيتىپ، مېنى ئۇزىتىپ قويدى.

مەن ئەتىسى بىر ئىسكادرون جەڭچىنى باشلاپ تۇرپانغا
مېڭىپ كەتتىم. بىز تۇرپاننىڭ يەمشى دېگەن يېرىدىن ئۆتۈپ
سەيدىخانا دېگەن يېرىگە بارغاندا، شەھەر ۋە يېزىلاردىن
بولۇپ 2 – 3 مىڭچە قارشى ئالغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتۇق.
بۇ قارشى ئېلىش پائالىيىتىنى ھېچقايسى ھۆكۈمەت ئورگىنى
تەشكىللىمىگەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى 1947 – يىلى سىڭ
گىم ئېغىزى ۋەقەسىدىن كېيىن تۇرپاندىن غۇلجىغا ئۆتۈپ
كەتكەن بىرنەچچە يۈز ياشنىڭ ئۇرۇق – تۇغقان، بالا – چا
قىلىرى ئىكەن (شۇ ياشلارنىڭ ئارىمىزدا بار – يوقلۇقىنى
بىلگىلى چىقىپتۇ)؛ يەنە بىر قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ تۇر
پانغا كېلىشىنى رەسمىي قارشى ئېلىشقا چىققانلار ئىكەن.
بىز خەلق توپى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ماشىنىدىن
چۈشۈپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىللە خەلقنى
باشلاپ شەھەرگە پىيادە كىردۇق. يولدا كېتىۋاتقاندا، ناھا
يىتى ئاددىي كىيىنگەن بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى خەلق
توپى ئىچىدىن قىسىلىپ چىقىپ، خەنزۇ تىلىدا: «سىز سىرا
جىدىن شىيەنجاڭ بولامسىز؟ دەپ سورىدى. مەن: «ھەئە»
دېدىم. ئۇ: «ۋاڭ سىلىڭيۈەن سىزگە ئېيتقان تيەن شىڭۋۇ مەن
بولىمەن» دېدى ۋە مەندىن: «سىزلەر كونا شەھەرگە كىرەم
سىزلەر ياكى يېڭىشەھەردە توختامسىزلەر؟» دەپ سورىدى
(ئۇ چاغدا كونىشەھەر گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قولىدا ئىدى).
مەن: «سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سورىدىم. ئۇ:



«مەن 600 نەپەر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى كونىشە
ھەرنى قورشاپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بىز خەلق
توپى بىلەن بىللە كونىشەھەر دەرۋازىسىغىچە بارايلى. ئەگەر
يول قويسا، ھاكىم ئىدارىسىگە كىرەيلى؛ مېنىڭچە، ئۇلارمۇ
مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئوق
چىقارسا، ئۇ چاغدا ئۆز پىلانىمىز بويىچە ئىش كۆرىمىز»
دېدى. شۇنىڭ بىلەن، يولۇپ كەتتۇق. شەھەرنىڭ چېتىگە
بارغاندا، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە قوراللارغا ئوق سېلىپ،
قوللىرىدا بەتلەپ مېڭىشنى ئېيتتىم. بۇ چاغدا بىزگە ئەگىشىپ
ماڭغۇچىلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مۇشۇ خەلق
توپى بىلەن بىللە كونىشەھەر دەرۋازىسىغا بارساق، دەرۋا
زىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتىدىن 12 گومىنداڭ ئەسكىرى
پوستتا تۇرۇپتۇ. بىز مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن خەلق
توپىنى باشلىغان پېتى دەرۋازىدىن كىرىۋېدۇق، ئۇلار بىزنى
توسمىدى. بىز كونىشەھەردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىنا
سىغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. گومىنداڭ تەيىنلىگەن سابىق ھا
كىم ياسىن پولات ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ تام
غىنى تاپشۇردى. لېكىن، بىز بىلەن بىللە كېلىپ دېرىزە تۈۋىدە
توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر: «كونا ھاكىم سىرتقا چىقىپ تامغىنى
خەلقنىڭ ئالدىدا تاپشۇرسۇن، خەلق ئۇنى كۆرسۇن» دەپ
ۋارقىرىدى. بىز خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە، ھۆكۈمەت بىناسى
نىڭ ئالدىغا چىقىپ، خەلق ئەكېلىپ قويغان ئىككى دانە
جوزىنىڭ ئۈستىدە تامغا تاپشۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدۇق.
ئاندىن مەن خەلققە: «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.
مېنى ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەن، بۇرھان شەھىدى ۋە سەيپىددىن
ئەپەندىلەر تۇرپانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. مەن سىزلەرنىڭ
خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، گومىنداڭنىڭ
قائىدە – قانۇنلىرى، جۈملىدىن بۇ تامغىمۇ ئەمەلدىن قال

دۇرۇلدى» دېدىم. شۇ چاغدا توپ ئارىسىدىن ئاپئاق ساقال
بىر كىشى چىقىپ: «كونا ھاكىم مېنىڭ بىر گۇناھسىز ئوغ-
لۇمنى مۇشۇ يەرگە قاماپ قويغىلى ئىككى يىل بولدى، پەقەت
گۇناھى يوق ئىدى. رەھىم قىلىپ چىقىرىپ بەرسىلە ئىكەن»
دەپ يالۋۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق توپى ئىچىدىن: «دا-
دامنى چىقىرىپ بەرسىڭىز»، «ئېرىمنى چىقىرىپ بەرسىڭىز»،
«بالامنى چىقىرىپ بەرسىڭىز» دەيدىغان سادالار كۆتۈرۈلدى.
قارىسام، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئىچىدە بىر تۈرمە بولۇپ،
ئۇنىڭغا قاماقلىق كىشىلەر بىزگە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. خەلق
توپىنى ئەگەشتۈرۈپ، تۈرمىنىڭ ئىشىكىگە باردىم. تۈرمىنىڭ
ئىشىكى يوغان قۇلۇپ بىلەن مەھكەم ئېتىكلىك ئىكەن. مەن
قۇلۇپنى چېقىشقا بۇيرۇدۇم. كىشىلەر دەرھال قۇلۇپنى چېقىپ
ئىشىكنى ئاچتى. تۈرمە ئىچىدىن ئەر - ئايال، ياش - قېرى
بولۇپ 30 دەك «گۇناھكار» چىقتى. كىشىلەر تۈرمىنىڭ ئىچ-
كىرىسىگە كىرىپ، ماڭالمايدىغان ياكى پۇت - قولى كىشەن-
لەنگەن يەنە 10 نەپچە ئادەمنى ئېلىپ چىقتى. دېمەك، بۇ
تۈرمىگە 50 دەك ئادەم قاماپ قويۇلغان ئىكەن. مەن بۇ «گۇ-
ناھكار» لارنى قاتار تىزدۇرۇپ، بىزنىڭ ئىككى جەڭچىگە
ئۇلارنىڭ روپىختىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. ئاندىن
ئۇلارغا قېچىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئىشلىرى بىر
تەرەپ بولغىچە ئىككى - ئۈچ كۈن ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ تازىلىقىنى
قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرمۇ
قايتىشتى. تەكشۈرۈپ قارىساق، ھۆكۈمەت بىناسى قورۇقلا بو-
لۇپ قاپتۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىنانىڭ ئىچىدە قولغا
چىققىدەك ھېچنىمە قويماپتۇ. ھەتتا دېرىزىلەرنىڭ ئەينەك-
لىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەممىنى قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، يولداش تيەن شىڭۇ
بىلەن ئىككىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانداق ئېلىپ



بېرىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتۇق. تيەن شىڭۇ: «بىز ھازىر
باشقا ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى قو-
شۇنى بىلەن سۆزلىشەيلى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش پەيلىنى
ياندۇرۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۈندەيلى. ئۇلار ھازىر بىزنى-
ڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قورشاۋىدا، ھە دېسىلا ئۇرۇشالمايدۇ.
لېكىن، ئۇلار ئەسكەر چىقىرىپ خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلى-
ۋاتىدۇ، خەلقنىڭ ئوتۇن - سامان، سەي - كۆكتات ۋە يېمەك -
ئىچمەكلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن
سۆزلىشىشكە ۋەكىل كىرگۈزەيلى» دېدى. مەن: «بىز ئىككىمىز
ۋەكىل بولۇپ كىرەيلى» دېسەم، تيەن شىڭۇ: «ئۇلار بىزدەك
ھەربىي ئادەملەرنى كۆرسە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، تۇتۇۋېلىپ
قالىمىز. تۇرپان ناھىيىلىك پارتكومنى تۇرۇشقا كەلگەن شۆجى
ۋە مۇئاۋىن ھاكىملار تۈنۈگۈن ئۇلارنى تەسلىم قىلىشقا كىرىپ
كەتكەنىدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۇلارنى قامىۋېلىپ بو-
گۈنگىچە قويۇپ بەرمىدى. بىز شەھەرگە كىرىپ ئۇلارنى قۇ-
تۇلدۇرۇپ چىقىشىڭىز» دېدى. مەن شۇ كۈنىلا ئابدۇرېھىم ئىمىن،
ئىبراھىم سېلىم قاتارلىق كىشىلەرگە خەلقنىڭ رازىلىقى بىلەن
ئوتۇن - سامان، سەي - كۆكتات، توخۇ - تاۋۇز قاتارلىق
نەرسىلەردىن 10 ھارۋىلىق سوۋغات تەييارلاشنى تاپشۇردۇم.
ئۇلار ئەتىسى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن 15 ھارۋىلىق
سوۋغات ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قوي - ئۆچكە ۋە ئۇن -
نانلارمۇ بار ئىكەن. مەن خەلق ۋەكىللىرىدىن زۇنۇن تۆمۈر
(كونا مائارىپچى)، مەنسۇر ناسىر (مالدوختۇرى)، قۇربان كې-
رىم (ئىلغار تىجارەتچى)، رەھمەتۇللا قارىھاجى (دىنىي زات)،
ھاجى (ئابرويلۇق خۇيزۇ سودىگەر)، جاپپار ئىمام قاتارلىق-
لارنى باشلاپ، مىللىي ئارمىيىدىن تۆرت جەڭچىنى
ئېلىپ، يۇقىرىقى سوۋغاتلار بىلەن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ پولك
شتابىغا كىردىم. ئۇلار بىز ئەكىرگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قى-

لىپ ئالدى. بىز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ خەلقتىن نەرسە ـ كېرەك يىغىۋېلىشقا ماقۇل بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ كېيىنى قىلساق، ئۇلار: «مانا ھازىر چىقىپ كېتىدۇ» دەپ، ئۇلارنى دەرھال قويۇپ بەردى. ئۇلار قولۇمىزدىكى 2 ـ جۇڭدىن تۇرپان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا ئەۋەتىلگەن ليۇ جەنبىڭ، ماڭا ياردەمچى ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن دىڭ ۋۇمىنلار باشلىق جەمئىي 17 كىشى ئىكەن. بىز قايتىپ چىقىپ ئەتىسى گومىنداڭ پولكىنىڭ تۇەنجاڭى ئىككى مېتىر قىزىل تاۋارغا ئورالغان چوڭ بىر قۇتا سۇرۇخنى بىر تاۋاققا سېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ: «سىلەر تۈنۈگۈن بىزگە جىق سوۋغا ئەكەلىپسىلەر، بۇ ـ مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان سوۋغام» دەپ بىزگە بەردى ۋە: «بىز سىلەرگە قورال تاپشۇرىمىز» دېدى. مەن: «سىزلەرگە ئات ـ ئۇلاق، ھارۋا ـ ماشىنا لازىم بولسا بىز ياردەملىشىمىز» دېدىم. ئۇلار: «بىز بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن پىيادە كېتىمىز، سىلەردىن ھېچنېمە ئالمايمىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىز تېپىپ بەرگەن ئۈچ ماشىنىغا ئەمەلدارلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئەسكەرلىرىنى پىيادە ماڭدۇرۇپ، تۇرپاندىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتتى. ۋاڭ جىن سىلىڭيۈن بۇ خىزمەتتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بىزنى تېلېگراممىا ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرپاندىن كەتكەندىن كېيىن، تيەن شىڭۋۇ بىلەن ئىككىمىز كېيىنكى خىزمەتلەرنى موزاكىرىلەشتۇق. تيەن شىڭۋۇ: «بىز ئاۋۋال تۇرپان ناھىيىلىك پارتكومنى قۇرۇپ چىقايلى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇجەنبىڭ بولسۇن، مۇئاۋىن ھاكىم دىڭ ۋۇمىن بولسۇن» دېدى. ئاندىن: «سىزمۇ كومپارتىيە ئەزاسىمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ بىر ئاز ھاياجانلاندىم. چۈنكى، مەن



بۇ چاغدا تېخى كومپارتىيىگە ئەزا بولمىغانىدىم. ناھىيىلىك پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، بارلىق خىزمەتلەر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. 1950 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردىن باشلاپ ئۆلكىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى تۇرپاننى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىش، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئەڭ ئاۋۋال تۇرپاندا سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشىغا ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شىڭگۇڭ، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇڭ...، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇكاڭ، خىي شىنۋاڭلار ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋجىڭچۇڭ، باش كاتىپى ئابدۇللا زاكىروپ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى توختى ئالىموپ، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇراخمان مۇھىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز مۇھەممەدى قاتارلىق رەھبەرلەر يېقىندىن ياردەمدە بولدى. بۇ ھەرىكەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش، بۇ توغرىسىدا خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق ـ تەربىيە يۈرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە، ليۇشاۋۋۇ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى خېلى زور رول ئوينىدى. ھەرىكەت باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئۇلار ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇ، ماۋسەي، شۇلىن قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئاق چاچلىق قىز» ئوپېراسىنى ئويناشقا باشلىدى. مەنمۇ ناھىيىدە دەرھال بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئىبراھىم سىلىم، مەريەم قاسىم، غۇلام سەئىدى، قىيۇم نۇر قاتارلىقلارنى قاتناشتۇردۇم. ئۇلار «ئاق چاچلىق قىز»غا تەقلىد قىلىپ مەن يېزىپ چىققان «ئازاد نىيازخان» ناملىق دىرامىنى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مەن ياز-

غان دېھقانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى دەرد - ئەلەملىرى ۋە ئازاد-
لىقتىن كېيىنكى شاد - خۇراملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدىغان «زومىگەرلىككە دەككە» ناملىق درامىنى سەھنى-
لەشتۈردى. ھەر ئىككى دراماغا ئۆزۈم رېژىسسورلۇق قىلدىم.
بۇ درامىلار بولۇپمۇ «ئاق چاچلىق قىز» ۋە «ئازاد نىياز-
خان» كىشىلەرگە كونا جەمئىيەتتىكى سىياسىي ۋە سىنىپىي
زۇلۇملارنىڭ يىلتىزىنى، ئىلى نىياز شاكىيۇ ۋە ئۇنىڭ يالاقچى-
لىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇملىرىنى، يەر ئىنقى-
لابىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەزگۈ-
چى سىنىپلارغا بولغان سىنىپىي ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتتى.
تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يەر ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئىلغار
تەجرىبىلەرنى ياراتقان نازىر دەرىجىلىك كادىرلار جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش-
قا ئەۋەتىلگەندە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان درامىلارنىڭ سەھنە
كىتابلىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا سەھنى-
لەشتۈرگەن. بۇ درامىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ كەڭ ئاممىنى
ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىشتا زور رول
ئوينىغان، ئاجايىپ ياخشى تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىنكى مەز-
گىلگە كەلگەندە، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئابلىز
مەينەم، مەرىيەم قاسىم، توختى ئاخۇن، ھامىلجان، شەرىپە،
ئابدۇللا ساپايى، قاسىم ئەزىز، تۇرغۇن قاتارلىق ياش ئار-
تىسلار تۇرپان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ،
سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى.

تۇرپاندا يەر ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان داغدۇغى-
لىق ئاممىۋى ھەرىكەت داۋامىدا، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر
قانچە يېڭى ئىشلار ئىشلەندى:

بىرىنچى، تۇرپاندا سۇ قىس بولۇشتەك ئەمەلىي قىيىن-
چىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپان شەھىرىدىن 25 كىلومېتىر



يىراقلىقتىكى قارا يۈزى دېگەن يەرگە ئۆستەڭ چېپىپ، قارا
يۈزىدىكى تاغ سۈيىدىن ئىككى كوبچە سۇ ئېلىپ كېلىندى.
بۇ ئۆستەڭنى چېپىشقا كۈندە 300 دىن 500 گىچە ئادەم
چىقىشنى بەلگىلىگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ئۆز
قىزغىنلىقى بىلەن ھەر كۈنى 2000 دىن 4000 مىڭغىچە
ئادەم چىققان. ناھىيىدىن ئۆستەڭ چاپقان كىشىلەرنىڭ
تاماقنى ئۈچۈن كۈندە بىر قېتىملا سۇيۇق ئاش ئېتىپ
بېرەلىدۇق؛ ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك نېنىنى
ئۇلار ئۆزى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇ-
رۇلۇشىغا تاشكەنتتە ئوقۇغان سۇ تېخنىكى
ئىلى سۇبۇرۇپ، ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان سۇ تېخنىكى ئابدۇرېھىم
نۇرۇلى قاتارلىق كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلغان. ھازىر تۇر-
پاننىڭ بۇلىيۇق كەنتىدە ئېقىۋاتقان «خەلق ئۆستىڭى» دەل
ئەنە شۇ ئۆستەڭ.

ئىككىنچى، ئەينى چاغدىكى يەر ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي
لۇشيەنى كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا يۆ-
لىنىش، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش،
باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، پومېشچىكلارغا زەربە
بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىز پارتىيىنىڭ بۇ ئاساسىي لۇشيە-
نىنى توغرا ئىجرا قىلغان ئاساستا، باي دېھقانلارنى ھەرى-
كەتكە كەلتۈرۈپ، تۇرپاننىڭ 16 كەنتىگە بىردىن 16 باش-
لانغۇچ مەكتەپ، شەھەر مەركىزىگە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سال-
دۇردۇق. بۇ قۇرۇلۇشلار تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى
مائارىپ بۆلۈم باشلىقى ئابدۇراخمان باقى، مائارىپ كادىر-
لىرى ئىسكەندەر ئابىدى، ئىبراھىم سېلىمى، ياسىن ئەمەتلەر-
نىڭ مەسئۇللۇقىدا ئېلىپ بېرىلدى. شۇ دەۋردە شىنجاڭ
بويىچە يەكەندىن باشقا جايدا تېخى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى
قۇرۇلمىغان ئىكەن. تۇرپان خەلقى بۇ ئىشىمىزدىن بەكمۇ

خۇشال بولدى. ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا نازارەت كاتىپى باۋۇدۇن يۇسۇپنى ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى ۋە تەقدىرلىدى.

ئۈچىنچى، تۇرپاننىڭ قەدىمى ئاسارە-ئەتىقىلەر كۆپ جاي ئىكەنلىكى، ئۇنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سۇلايمان مۇنارىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىككى پەشتىقىنى داڭلىق بىناكار قۇززات ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ ياساتتۇق. ئەسلىدە يەر ئىنقىلابىغا نارازى بولغان، ئەمما بىزنىڭ ئىشىمىزدىن قۇسۇر تاپالماي يۈرگەن ئاز بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئۆلكىلىك پارتكومغا ئەرز قىلغانىكەن. ئۆلكىلىك پارتكومدىن تۇرپانغا خىزمەتكە كەلگەن جاڭ شىگۇاڭ شۇجى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: «ئۆستەڭ چاپقىنىڭلار، مەكتەپ سالدۇرغىنىڭلار، ئويۇن قويۇپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. باشقا ناھىيىلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئەمما يەر ئىنقىلابى يەنىلا مەركىزىي خىزمەت، بۇنىڭغا سەل قارىماسلىق لازىم» دەپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ بۇ ئىشىنى شىنجاڭ بويىچە سىنىپىي كۆرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۆرىشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم تەجرىبە دەپ باھالاپ، ناھىيىنى بىر يۈك ئاپتوموبىلى، 100 دانە تۆمۈر گۈرجەك، 500 دانە جۆتۈ بىلەن، مېنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ئۇرال» ماركىلىق رادىئو بىلەن مۇكاپاتلىدى. بۇ مۇكاپاتلارنى ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدىگە ۋەكالىتەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇسرەت شەھىدى تۇرپانغا كېلىپ چوڭ يىغىندا تەقدىم قىلدى. مەن ئۆزۈمگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن رادىئونى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ھەدىيە قىلدىم.



ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن خىزمىتىمنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكى توغرىلىق ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پارچە تېلېگرامما كەلدى. كېيىن يەنە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا زاكىروۋ تېلېفون بېرىپ، ئۈرۈمچىگە دەرھال يۆتكىلىپ چىقىشىمنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، قولۇمدىكى ئىشلارنى مۇئاۋىن ھاكىم دىڭ ۋۇمىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 1952 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ چىقتىم.

## 6

مەن 1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋجىنچۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە تۇرپاندىن قايتىپ چىققانلىقىمنى ئېيتتىم. گاۋ جىنچۇڭ مېنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى زاكىروۋنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ: «سىراجىدىن شيەنجاڭنى ۋاڭ جېن شۇجىنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭ» دېدى. بىز ئۆلكىلىك پارتكومغا بارغاندىن كېيىن، ۋاڭ جېن مېنى خۇشال كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى تۇرپانغا بۇيرۇغاندا، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتىس ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقانىدىڭ. شۇڭا، سېنى ئارتىسلىق قىلسۇن، دەپ ياندۇرۇپ چىقتۇق. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈرۈمچىگە تامارا خانىم باشچىلىقىدا بىر سەنئەت ئۆمىكى كېلىدىكەن. ئۇلار بېيجىڭ، تيەنجىنلەردە ئويۇن قويغانىكەن. بىزنىڭ ھەربىي كىيىمدىكى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ قويغان ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ: بىزنى سەنئەتكار ئارتىسلار كۈتۈۋالماي، ئەسكەرلەر كۈتۈۋالدى، دەپتۇ. ھەممە جۇڭگولۇقلارغا: دۆلىتىڭلار ئازاد بولدي، ئەمدي سىلەرمۇ سەنئەت

ئۆمەكلىرىنى قۇرۇڭلار، دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. جۇ زۇڭلى: «بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز ھازىر سەھنىگە چىقسا ئارتىس كىيىمى كىيىدۇ، سەھنىدىن چۈشكەندە ھەربىي كىيىم كىيىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى ئارتىس» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. جۇ زۇڭلى ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ: «بۇ سەنئەت ئۆمىكى شىئەندىكى پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، شىنجاڭغا بارماقچى. سىلەر مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە شىنجاڭدا 100 كىشىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، چەت ئەلدىن كەلگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنى سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن قارشى ئالىدىغان، ئۇلار قايتىدىغان چاغدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدىغان قىلىڭلار» دەپتۇ. شۇڭا مەن كونا ئىقتىدارلىق سەنئەتكارلاردىن ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى مۇھەممەت ئىمىن خەلپەت ھاجى بىلەن سىيىنى ئۆيلىشىپ، چاقىرتىپ چىقتۇق. سىلەر مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىر سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىققىدەك نومۇر تەييارلاڭلار. شىنجاڭنىڭ قايسى يېرىدە لازىملىق ئارتىس بولسا يۆتكەپ كېلىڭلار، ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئىشلىرىغا كېرەكلىك پۇلىنى خەلق ھۆكۈمىتىدىن زاكىرۇپ ھەل قىلىپ بېرىدۇ» دېدى. مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلگىرى ئۇزۇن يىللار ئىشلىگەن كونا ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ، ئىلگىرىكى سانايى نەفىسەدە بىللە ئىشلىگەن قەمبەرخانىم، قۇربان ئىبراھىم، مۇساجان، ئابدۇگۇل ئەزىمىدى قاتارلىق كونا سەنئەتكارلارنى ئاساس قىلىپ، 65 كىشىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكى قۇردۇق. ئاندىن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، بىر كېچىلىك كونسېرت تەييارلىدۇق. ئەمما بىر ھەپتىدىن كېيىن، باش كاتىپ زاكىرۇپ تېلېفون بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ شىئەندىنلا قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، شىنجاڭغا كېلەلمەيدىغانلىقىنى؛ يېقىندا شىنجاڭدىكى ۋالىي، ھاكىملارنىڭ يىغىنى بو-



لىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بىزنىڭ بىر كېچە ئويۇن قويۇپ بېرىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتى. بىز شۇ بۇيرۇق بويىچە، ۋالىي، ھاكىملارغا ئويۇن قويۇپ بەردۇق.

ئاندىن ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن شۈي تيەن بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇق: ئاۋۋال شتاتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سەنئەت ئۆمىكىنى مۇزىكا ئەترىتى، ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتى، دېكوراتسىيە ۋە سەھنە سەنئىتى ئەترىتى قىلىپ ئۈچ ئەترەتكە بۆلدۇق. مۇزىكا ئەترىتىگە قۇربان ئىبراھىم بىلەن مالىك شىپان (قازاق) باشلىق بولدى؛ ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتىگە ئابدۇكېرىم رازىيوپ بىلەن پەتەنەت باشلىق بولدى؛ سەھنە سەنئىتى ئەترىتىگە مامۇتجان باشلىق بولدى؛ ئىسلامىقان (قازاق) بىلەن سەيپۇللا يۇسۇپ ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى؛ مەخمۇت ئېيتبايوپ بىلەن خەلچەم ئۆمەكنىڭ كاتىپى قىلىپ بېكىتىلدى. بىز يەنە كەسپىي ئىجادىيەت كوللېگىيىسى تەشكىل قىلدۇق. بۇ كوللېگىيىگە مەن مەسئۇل بولدۇم؛ بۇ قاراچىشقانبايوف، ئابدۇكېرىم رازىيوپ، ھۈسەنجان جامىي، زەينەپ سىدىق، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، مەمتىمىن نورۇز، قاۋىسلقان قوزىبايوپ (قازاق) لار كوللېگىيىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بولدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، كونسېرت نومۇرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بەس - بەس بىلەن ئويۇن تەييارلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۇلۇبى بار ئىدارە - جەمئىيەتلەردە ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىغا ھەر خىل يېڭى نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. شۇ چاغدا مەندە يېڭى زامان تىياتىرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە زامانغا لايىق سەنئەت ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش، سەنئەت

ئۆمىكىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە كەسپىي پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كەسپىي قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل سەنئەت ئۆمەكلىرىگە بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىش تەلىپىمنى قويدۇم. خەلق ھۆكۈمىتى مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى توغرا كۆرۈپ، مېنى 1953 - يىلى كۈزدە لەنجۇ ۋە شىئەنگە ئەۋەتتى. مەن بۇ ئىككى شەھەردە بىر ئاي تۇرۇپ، سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەتنى خەلقتىن ئۆگىنىپ، يەنە خەلققە خىزمەت قىلدۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگەندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭ ياشلار تىياتىرلىرىدا بىر ئاي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىياتىر رېژىسسورلۇقى، رېپېتىتسىيە قىلىش تۈزۈمى، سەھنە سەنئىتى قاتارلىق تېخنىكىلىرىنى ئۆگەندىم. ئۇ يەردىن تيەنجىنگە بېرىپ، تيەنجىندىكى سەنئەت شۆيۈەنىدە سەنئەت تەتقىقاتچىلىقى ۋە سەنئەت مائارىپى جەھەتلەردىكى بەزى تەجرىبىلەرنى ئۆگەندىم. بېيجىڭدا تۇرغان ۋاقتىمدا، 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭغا كېلىپ ماڭا ئۇستاز بولغان جاۋ دەن، بەي دافاڭ، يۈسۈن قاتارلىق سەنئەت پېشۋالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭمۇ كەسىپ ۋە ئىجادىيەت جەھەتلەردىكى تەربىيىسىگە ئېرىشتىم.

شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىمۇ مۇقىم بىر دراما ئەترىتى قۇرۇش، رېژىسسور ۋە سەنئەت خادىملىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شتاتلىق ئارتىسلارنى نۆۋەت بىلەن مەخسۇس تەربىيىلەشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇ ھەقتە دوكلات يازدىم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ دوكلاتىمنى دەرھال تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن غەربىي شىمال مەدەنىيەت بۇسغا بېرىپ، تەجرىبىلىك رېژىسسور، سۇۋىتچىك ۋە كومپوزىتورلاردىن بىردىن بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار بۇ تەلىپىمنى



ماقۇل كۆرۈپ، شىئەن سەنئەت شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن رېژىسسور لى چىڭشۈن (خۇيزۇ)، كومپوزىتور ما شىزىڭ (خۇيزۇ)، شىئەن بويىچە داڭلىق سۇۋىتچىك ۋاڭ جىڭپۇنى ماڭا قوشۇپ بەردى. ئۇلار ئۆمىكىمىزگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە تەشكىلىي تۈزۈملىرىنى يەنە بىر قېتىم يىغىنچاقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئىلگىرىكى ئەترەتلەردىن باشقا يەنە بىر دراما ئەترىتى قۇردۇق. قادىر قۇتلۇق، داۋۇت ئەخمىدى، ھۇشۇر ئىبراھىم، نىياز ئەخمىدى، قادىر ۋارىس، توختى مولتاجى، خەلچەم ئىبراھىم، ئايشەم كېرىم، ئابلىز ھاجى قاتارلىقلارنى دراما ئارتىسى، مەتىمىن نورۇز بىلەن پاتەم رايىدىنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدۇق. مۇزىكا ئەترىتىگە ۋاڭ جىڭپۇ بىلەن ھامۇتخاننى مەسئۇل قىلدۇق. ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتى ئاۋۋالقى بويىچە بولۇۋەردى. بىز يەنە سەنئەتكارلارنىڭ كەسپىي ۋە نەزەرىيۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «سەنئەت ژۇرنىلى» ناملىق بىر كەسپىي ژۇرنال نەشر قىلدۇق. ئابدۇكېرىم رازىيۇپ، لى چىڭشۈن، خەن يىپىڭ، باتۇر تۇرسۇنلار رېژىسسورلۇق، ماشىزىڭ كومپوزىتورلۇق، ۋاڭ جىڭپۇ سۇۋىتچىكلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ئەترەتلەرگە نۆۋەت بىلەن بېرىپ، ئۆز كەسپىدىن دەرس ئۆتۈپ تۇردى. شۇ مەزگىلدە بىزگە يەنە، شىئەن سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىسكەندەر سەيپۇللا، خارىس ئاشۇرۇپ، مەريەم ناسىر، رەيھان كېرىم قاتارلىق يېڭى كۈچلەر قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم سانىمىز 85 كە يەتتى. نەزەرىيە ۋە كەسپىي كۇرسلارنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن ئارتىسلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتە زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە لايىق ۋە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر قىسىم يېڭى نومۇرلار ئىجاد قىلىندى؛

دراما جەھەتتە «ئاشلىق» (خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان)، «سېرىق سومكا» (چېخوسلوۋاكىيىنىڭ)، «يېڭى يەر» (ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان)، «باي بىلەن مالاي»، «ئالدار كوسا» (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ)، «يېتىملەر يېشى» (مەمەت تاتلىق يازغان)، «غېرىب — سەنەم» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى سەھنە سەنئىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بىر قەدەر پۇختا تەييارلىنىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ دراممىلاردا ئابدۇكېرىم رازىيوپ، مەتمىن نورۇز، پاتەم رايىدىن، ئابلىز ھاجى، تۇرسۇن ھەسەن، رەيھان كېرىم، قادىر قۇتلۇق، توختى مولتاجى قاتارلىق ئارتىسلار ئۆز روللىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. كونسېرت نومۇرلىرىدا ئابدۇكېرىم رازىيوپنىڭ «ئۇشاق ۋە چەبىيات مۇقامى»، «ئەزىزىم»، «ھال سوراڭ» قاتارلىق ناخشىلىرى؛ زەينەپ سىدىقنىڭ «ناغرا ئۇسسۇلى»، سەئىدە ئايىمجانلارنىڭ «كەچتە تىكىش»، «كەپتەر ئۇسسۇلى»، «قول ياغلىقى» قاتارلىق ئۇسسۇللىرى، مەرۋەن (قازاق) نىڭ «ئەمگەك ئۇسسۇلى»، «ھۆسەنجان جامىنىڭ «ئەجەم»، «نىمپەدە» مۇزىكىلىرى؛ ئابدۇگۈل ئەزىمىدىنىڭ سۇناي بىلەن ئورۇنلانغان پەدىلىرى، قازىنىڭ «بالالايكا» مۇزىكىسى، «ئالمىخان» نومۇرى، مەسئۇد، كەۋلەنبەي (قازاق) لارنىڭ «بىلقىلداقە»، «بوز يىگىت» ناملىق دۇمبۇرا كۈيلىرى؛ ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ «ياخشى»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ»، «دادەي»؛ ئايتۇرغاننىڭ «سابا يۇرگۈل»، «ئاپىرىن»، «ھەي دادەي»؛ پاشا ئىشاننىڭ «ئامان بولسۇن»، «ئازاد زامان»، «ۋەتىنىم»؛ پاتەم رايىدىننىڭ «نەنىۋەن» قاتارلىق ناخشىلىرى؛ كوللېكتىپ ئورۇنلانغان «زاك ئانسامبىلى»، «مەكتەپ سىرىلمىسى»، «دولان سەنىمى»، «ئىلى سەنىمى»، «قىلىچ ئۇسسۇلى»، «چاي ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار؛ غىنىياسىدىن بارات،



موساجان روزى، تۇرسۇن تېيىپ قاتارلىق ماھارەتلىك مۇزىكانتلار بىرلىكتە ئورۇنلىغان بىر يۈرۈش ئىلى ناخشىلىرى كەڭ تاماشىبىنلار ئارىسىدا زور قىزىقىش پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئوبرازى شىنجاڭدا يېڭىباشتىن تىكلەندى.

ئۆمىكىمىز ئىجادىيەتچىلەر ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنى سەھنىلەشتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئارتىسلاردىن ئابدۇكېرىم رازىيوپ، سەيپۇللا يۈسۈپ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، قۇربان ئىبراھىم، ئىسكەندەر سەيپۇللا، خارىس ئاشۇرۇپلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا سەنئەتچىلەرنى زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، خەمىت ھۈسەيىن قاتارلىق يازغۇچىلارغا قوشۇپ، خەلق ئارىسىدىن تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن، قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار خەلق ئارىسىدىن «تاشۋاي»، «سوپىئېرىق»، «قەشقەر پەنجگاسى» قاتارلىق خەلق ناخشا — مۇزىكىلىرى، ئاتۇشنىڭ بىرنەچچە راۋاب پەدىلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمى چالغۇلىرىدىن خۇشتار، قالۇن، ياغاچتىن ياسالغان سۇناي قاتارلىق چالغۇلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىيىم — كېچەكلىرىنىڭ بىر قىسىم نۇسخىلىرىنى يىغىپ كەلدى. مەن ئورۇمچىدە داڭلىق داپچى ئەزىز، داڭلىق راۋاب قوشاقچىسى شا كىچىك ھاجى، داڭلىق مەدداھ شارەھىم، ئىمىر ھەسەن، داڭلىق ئۇسسۇلچى دولان تۇرسۇن قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئۆمەكنىڭ ئارتىسلىرىغا ئۆگەتكۈزدۇم. بۇ ئىشلار قىلىنغاندىن كېيىن، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى ئاشتى، ئىپادىلەش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى، ئۆمىكىمىزنىڭ كەسىپ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى ئارىسىدا ئەمەس

بەلگى دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى
تاماشىبىنلار ئارىسىدىمۇ داڭ چىقاردى. ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي،
جۇدې قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئويۇنىمىزنى
بىۋاستە كۆرۈپ، يۇقىرى باھا بەردى. 1954 - يىل 7 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزى-
سىدىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىلىشتا رەئىس ماۋ زې-
دۇڭ بىزنىڭ ئويۇنلىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى
ئۆلكە رەئىسى بۇرھان ئەپەندىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
«شىنجاڭ ھەقىقەتەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى ئىكەن» دې-
گەن. بۇرھان ئەپەندى شۇ كۈنى تېئاتىرنىڭ سەھنىسىدىن
بىز تۇرغان يەرگە كېلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ يۈكسەك باھا-
سىنى يەتكۈزدى ۋە بىزنى ئالاھىدە مېھمان قىلدى. بىز مەر-
كەزنىڭ بۇ يۈكسەك باھاسىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولدۇق.
بىز ئۈرۈمچىگە خۇشاللىق بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىزنىڭ شۇ قېتىم بېيجىڭدا ئېلىپ بار-
غان پائالىيىتىمىزنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى
قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
گاۋجىنچۇڭ، باش كاتىپ زاكىروپلار بىزنى ئالاھىدە يوقلاپ
كېلىپ، بىزنىڭ نەنىمىندىكى كونا ئورنىمىزنىڭ كىچىكلىكى
ۋە قاتناش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆمە-
كىمىزگە سەندۇقبېيدىكى چوڭ قورۇنى ئېلىپ بەردى، «بالا
توركا» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىلنى شوپۇرى بىلەن بەردى،
ئۆمىكىمىز شتاتىنى 115 كە يەتكۈزۈشنى تەستىقلىغانلىقىنى
ئۇقتۇردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەنئەت ئۆمىكىمىزگە
ماددىي جەھەتتىن قىلغان بۇ غەمخورلۇقى بىلەن دراما ۋە
كونسېرتچىلىق ئىشلىرىمىز تېخىمۇ راۋاجلاندى.

1955 - يىلى مەملىكىتىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەن-
ئەت كۆرۈكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۆمىكىمىزدىن ئابدۇكېرىم



رازىيوپ، مۇقاتاي، زىكرى ئەلپەتتا، سۇلتان مۇرات، زەينەپ
سىدىق، ئابلىز يۇسۇپ، ئايىمجان، مەرۋەن، مەريەم كېرىم،
ئابدۇنەبى قاتارلىق 17 نەپەر ئارتىسنى باشلاپ بېيجىڭگە
باردىم. بۇ كۆرەككە مەملىكەت بويىچە 55 مىللەتنىڭ ناخشا -
ئۇسسۇل نومۇرلىرى قاتناشتۇرۇلغانچقا، كۆرەك ئىنتايىن جان-
لىق، قىزغىن ئۆتتى؛ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرى-
دىن ئابدۇكېرىم رازىيوپ ئېيتقان ئۇشاق مۇقامى، زەينەپ سى-
دىقنىڭ ناغرا ئۇسسۇلى، مەريەم كېرىمنىڭ «چىرايلىق»،
«ئاشۇ باغ» لەپەرلىرى، ئايىمجاننىڭ داپ ئۇسسۇلى، مەرۋەن-
نىڭ «ئەمگەك ئۇسسۇلى» كۆرەككە قاتناشقان تاماشىبىنلارنىڭ
قىزىقىپ كۆرۈشىگە، ب‍اھالاش ھەيئىتىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا
ئېرىشتى. 1955 - يىلى 7 - ئايدا يەنە رومىنىيىنىڭ بۇخارىس
شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار سەنئەت پېستىۋالىغا با-
رىدىغان جۇڭگو سەنئەت دېلېگاتسىيىسى تەركىبىگە ئۆمىكىمىز-
دىن تۇنجى قېتىم ئايىم ئەزىز، مەن، ئايىمجان، ئابلىز يۇسۇپ،
سۇلتان مۇرات، بېيجىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى مۇنەۋۋەر
قاتارلىقلار قوشۇلۇپ بارغانىدۇق. پېستىۋالدا ئۆمىكىمىز
نومۇرلىرىدىن مۇنەۋۋەر ئورۇنلىغان «داپ ئۇسسۇلى»
بىلەن ئايىمجان ئورۇنلىغان بىر ئۇسسۇل تاماشىبىن-
لارنىڭ ياخشى باھاسىغا، باھالاش ھەيئىتىنىڭ رىغبەتلەندۈ-
رۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ياشلار سەنئەت دېلېگاتسى-
يىسىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى
خۇ ياۋباڭ، دېلېگاتسىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن مەدە-
نىيەت مىنىستىرى، جۇ ۋېيلارمۇ ئۆمىكىمىزدىن بارغان ئارتىس-
لارنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە بىز
شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەركىزىي ياشلار سەنئەت دېلې-
گاتسىيىسى تەركىبىدە خەلقئارا سەنئەت پېستىۋالىغا قاتنىشىش
سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى، ئىككى نەپەر ئارتىسىمىز ئورۇن-
لىغان نومۇرنىڭ پېستىۋالدا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا

ئۇرىشكەنلىكىگە قالتىس خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ تېب
تىمقى پىستوۋالغا قاتنىشىش مەن ئۈچۈن يەنە بىر ئەمەلىي
ئۆگىنىش پۇرستى بولدى. ئىلىمىزدىن پىستوۋالغا قاتناشتۇ-
رۇلغان سەنئەت نومۇرلىرىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىن يۇقىرى سە-
ۋىيىلىك ۋە ماھارەتلىك سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئورۇنلانغان-
لىقىنى كۆردۇم. پىستوۋالغا بېرىش سەپىرىمىزدە موسكۋادا بىر
ئايدىن كۆپرەك تۇرغانىدۇق. بىز ئۇ يەردە سابىق سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ئەڭ داڭلىق تىياتىرخانىسى «بولشوي» تىياتىرخانى-
سىدا تاماشىبىنى ئەڭ كۆپ دراما «ئىۋان سوسانىتىن» نى،
چارلىز چاپلىن نامىدىكى دۆلەتلىك سىرك تىياتىرىنىڭ نو-
مۇرلىرىنى، ئوكرائىنا كىنو - تىياتىرخانىسىدىكى «ئاققۇ بالېت
تىياتىرى» نى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەل-
گەن سەنئەت چولپانلىرىنىڭ پىستوۋالدا يۇقىرى ماھارەت بى-
لەن ئورۇنلانغان ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن،
مېنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزغىنلىقىم يەنىمۇ كۈچەيدى، ئىدى-
يەمدە بىرمۇنچە يېڭى تەسىراتلار پەيدا بولدى، بىزنىڭ تىيا-
تىرچىلىق سەۋىيىمىزنىڭ يەنىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، تىياتىر-
چىلىقىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور
كۈچ بىلەن تىرىشىش لازىملىقىنى ھېس قىلدىم.
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، تىياتىر رېژىسسورلۇقىنى
ئۆگىنىش ئۈچۈن شاڭخەي تىياتىر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا كەتتىم.
شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئىمتىھانغا قاتناشتىم.
كەسىپ ئىمتىھانى ئالىدىغان كومىسسىيە چەت ئەل مۇتەخەس-
سىسلىرى ۋە داڭلىق خەنزۇ پروفېسسورلار ئىكەن. ئىلگىرى، مەن
نومۇر ئورۇنلاش ئىمتىھانىدا، سوۋېتنىڭ «ئەرشىن مال ئالان»
دراممىسىدىكى ئەسقەرنىڭ رولىدىن ئۇيغۇر تىلىدا بىر ئارىيە
كۆرسەتتىم، ل. مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىنى دېك-



لاماتسىيە قىلىپ ئوقۇدۇم. ئۇلار يەنە ماڭا «مۇنداق بىر كۆرۈ-
نۈشنى ئورۇنلاپ باق: سەن مۇئەللىم. بۈگۈن ياخشى بىر
تىياتىر قويۇلماقچى. سەن شۇنچە ئالدىراش بولساڭمۇ، شۇ
تىياتىرنى كۆرمەي دەپ باردىڭ. لېكىن، ئىشىك تۈۋىگە بار-
غاندا بېلەتنى تېپىپ بېرەلمەي، ئامالسىزلىقتىن، تىت - تىت
بولۇپ ئۆيگە قايتتىڭ» دېدى. مەن بۇ ھەرىكەتلەرنى رەسمىي
رول ئالغان قىياپەتتە، ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇنلاپ بەردىم. باھا-
لىغۇچىلار مېنىڭ ماھارىتىمنى كۆرۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈپ،
مېنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى جەمئىي 200،
ئەمما، ئۇلاردىن 17 نەپەر ئوقۇغۇچى رەسمىي ئوقۇغۇچى سۈپى-
تىدە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىدى، قالغان ئوقۇغۇچىلار، ئارقىمىز-
دا ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئاڭلىدى. ئوقۇتقۇچىمۇ پەقەت بىزدىن-
لا سوئال سوراپ، ئۇلاردىن سورىمىدى. بىزگە «سەھنە سەنئى-
تى نەزەرىيىسى»، «رېژىسسورلۇق»، «سەھنە سەنئىتى» (دېكو-
راتسىيە، كىيىم، گىرىم) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلۈپ، تولاراق
ستانىسلاۋىسكىينىڭ تىياتىر نەزەرىيىسى ئاساس قىلىندى.
ھەر كۈنكى دەرستە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد شەھىرى-
دىن كەلگەن لىۋ. كىۋىسكايا ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بىز 17
نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئىتۇت ئىشلەپ كېلىشنى تاپشۇراتتى. ئۇ ھەر
كۈنى ئۇ ئىتوتلارنىڭ ئورۇنلىنىشىنى كۆرگەندە، مەن ئورۇنلى-
غان ئىتوتنى ياراتماي، قايتا - قايتا ئورۇنلىتاتتى. مەن
دەسلەپ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن گۇمانلىنىپ: «بۇ مۇئەللىم ماڭا
ئۆچ بولۇپ قالدىمۇ - نېمە؟ باشقىلارنىڭ ئىتوتىنى بىر قېتىم-
لا كۆرۈپ بولدى قىلىدۇ، ئەمما مېنىڭ ئىتوتىمدىن داۋاملىق
چاتاق تاپىدۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن، ئىچىمدە ئۇنى ئۆچ كۆ-
رۈپ يۈردۈم، ھەتتا بۇ مەكتەپكە كەلگىنىمگە پۇشايمان قىل-
دىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى تەرجىمانى ئارقىلىق ياتىقىغا چاقىر-
تىپتۇ. كىرسەم: «سېنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى روھىي

كەيپىياتىڭنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن ھەرقاچان: مۇئەللىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئېتوتىمنى كۆپ كۆرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقانسەن. سەن — ئارتىس، سېنىڭ ئورۇنلىغان نومۇرۇڭ تەكرارلاشقا لايىق كەلمىسە، مەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتىم. ئەمما، مەن سېنىڭ ئورۇنلىغان ئېتوتىڭنى يارىتىپ قالغانلىقىمدىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن. سەن خاتىرجەم ئۆگىنىۋەر. بىلىشىڭ كېرەككى، رېژىسسور قانچىكى قاتتىق تۇتقان ئارتىس شۇنچە يارامىلىق، ماھارەتلىك بولۇپ چىقىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن شاڭخەي تىياتىر شۆيۈەندە ئىككى يىل ئوقۇپ، 1957 - يىلى 7 - ئايلاردا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.

مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭ سەھنە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىنى ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى دەپ ئىككىگە ئايرىشنى، بۇ ئىككى ئۆمەككە مېنىڭ مەسئۇل بولغانلىقىمنى ئۇقتۇردى. بۇ يىغىندا يەنە دراما ئارتىسلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالتە ئايلىق تىياتىر كۇرسى ئېچىش زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقتىم. كەسپىي بۆلۈمگە توختى مولتاجى بىلەن مەمتىمىن نورۇز، خوجىلىق ئىشلىرىغا تۇردى ھۇسا، سەھنە سەنئىتى ۋە دېكوراتسىيە ئىشلىرىغا مەمتىمىن توختايۇپ بىلەن ھامۇتجان تەيىنلەندى. ئاندىن تىياتىر كۇرسىدا ئارتىسلارغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ پىلانىنى تۈزدۈم. بۇ كۇرس شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان



كۇرس بولۇپ، ئۇنىڭدا مەن ستانىسلاۋسكىي سىستېمىسىنى مەركەز قىلغان رول ئورۇنلاش دەرسىنى ئۆتتۈم، شائىر ئابلەي روزى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئۆتتى، ۋاڭ زىڭيۈمىن بىلەن ئامىنە غالىب بالېت دەرسى ئۆتتى، دوختۇر ئابدۇقادىر زاكىروپ ئىنسانلارنىڭ ئاۋاز قۇرۇلمىسىنى نۇقتا قىلىپ ئاناتومىيە ۋە پسىخولوگىيە دەرسى ئۆتتى، شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى شەرھىلەپ بەردى. ئارتىس ئابلىز ھاجى بىلەن تۇرسۇن ھەسەن كۇرسقا سىنىپ باشلىقى بولدى. پىلان بويىچە، ئالدىنقى ئۈچ ئايدا نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈلدى، كېيىنكى ئۈچ ئايدا ئەمەلىي مەشق قىلىنىپ، شېكسپىرنىڭ «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» درامىسى بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» درامىسى ئوينالدى. بۇ كۇرسقا ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىدىن باشقا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رېژىسسورلىرىمۇ قاتناشتى. كۇرس ئاخىرلاشقاندا، يۇقىرىدىكى ئىككى دراما ئاۋۋال تەييارلىق سۈپىتىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىغا قويۇپ بېرىلدى، ئاندىن ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە قويۇلدى. بۇ ئىككى درامىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەر سۆز قىلدى. سەيپىدىن ئۆز سۆزىدە، بۇ درامىلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ۋە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلانغانلىقىنى، ئارتىسلارنىڭ خېلى ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، يۇقىرى باھا بەردى ۋە تىل شۇئىسىدە بەزى مەسىلىلەرنى تۈزىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ۋاڭ ئېنماۋ شېكسپىرنىڭ درامىسىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ: «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەت ئەلدىن كەلگەن ئارتىسلارمۇ بار ئوخشايدۇ دەپتىمەن. كېيىن ئۇقسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارتىسلىرىمىز ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ رول ئېلىش ماھارىتىگە ھەقىقەتەن

ھەيران قالدىم. درامىنى قالتىس ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەييارلاپسىلەر، ياخشى بوپتۇ» دېدى. بۇ ئىككى درامىنى ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدىن كۆرگەن تاماشىبىنلارمۇ قالتىس ماختىدى. «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» دېگەن درامىدا، دون پېترو شاھزادىنىڭ رولىنى ئابلىز ھاجى، ئوردا قىزى خىرونىڭ رولىنى رەيھان كېرىم، كىلادرونىڭ رولىنى مەمەت كېرىملەر ئالغان؛ «غۇنچەم» درامىسىدا ئۈمەر شاكىيۇنىڭ رولىنى ئەمەت ئۈمەر، ھاشىم باينىڭ رولىنى نۇرمەمەت مېھرايۇپ، غۇنچەم رولىنى ئايشەم كېرىم، نۇرۇم رولىنى قاسىم ئەيسا ئالغان. ئۇلار رول ئېلىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تاماشىبىنلار ئۇلاردىن قالتىس رازى بولۇشتى. كىيىم، گىرىم، دېكوراتسىيە ئىشلىرىدا مەتتىمىن توختايۇپ، توختى مولتاجى، مەتتىمىن نۇرۇزلار كۆپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، دېكوراتسىيە بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

1959 - يىلى سەييىدىن ئەزىزى يازغان «كۈرەش يولى»، چىن سۇن بىلەن ئىككىمىز يازغان «تۇرپان ناخشىسى» غا رېژىسسورلۇق قىلدىم. شۇ يىللاردا «كۈرەش يولى»، «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە»، «غۇنچەم»، «تۇرپان ناخشىسى»، «يېڭى يەر»، «ئاشلىق» قاتارلىق درامىلار ئەمەت ئۈمەر، ئابلىز ھاجى، تۇرسۇن ھەسەن، نۇرمەھەممەت، قاسىم ئەيسا، مەتتىمىن نۇرۇز، قادىر قۇتلۇق، ھەسەن يۈسۈپ، رەيھان كېرىم، ئايشەم كېرىم، تۇران زۇنۇن قاتارلىق پېشقەدەم دراما ئارتىسلىرىنىڭ ماھارىتى بىلەن سەھنىلەردە قىزغىن ئوينىلىۋاتقان چاغلاردا، ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا كومپوزىتور ۋە مۇزىكانتلاردىن ھۈسەنجان جامى، قۇربان ئىبراھىم، غىياسىدىن بارات، ئىسكەندەر سەييۇللا، خارىس ئاشۇرۇپ، تۇرسۇن لىتىپ، قاۋۇل



تۇردى، داۋۇت ئاۋۇتلار ئىجادىي ھالدا ئورۇندىغان مۇزىكىلار؛ ناخشىچىلاردىن ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، پاشا ئىشان، ئابلىزخان مامۇت، ئايتۇرغان، رابىيە مۇھەممەت، ئالىيە، ئايشەم، پاتەم قاتارلىقلارنىڭ ياڭراق ۋە يېقىملىق ناخشىلىرى؛ ئۇسسۇلچىلاردىن ھاجى راخمان، زەينەپ سىدىق، ئىبراھىمجان، ئابلىمىت ئەمەت، ئامىنە يۈسۈپ، مەريەم ناسىر، ھاۋاخان، زەينەپ سەئىدى، ئامىنە توختى، ھېمىت مېھرۇللا، روزى ياسىن، رابىيە بارات، ئابلىمىت ئىلياس قاتارلىقلارنىڭ لەرزان، جىلۋىلىك، شوخ ئۇسسۇللىرى كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1960 - يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى، ئۇيغۇر دراما تىياتىرى، خەنزۇ دراما تىياتىرى قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكى» قىلىپ تەشكىللەندى. مەزكۇر دراما شۆبىسىنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكىمىزگە كېلىپ، سەنئەت كۈچىمىزنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئۇلار بىرەر سەھنە ئەسىرى ۋە يېڭى كونسېرت نومۇرلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەتلىك ھەرىكەت باشلىنىپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى ئەڭ ئاۋۋال ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە بۇرۇلغاندىن ئۆمىكىمىزدىكى پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا قارىتىلدى. ئارىمىزدىكى كەسپىتىن خەۋىرى يوق، ساۋاتسىز بىر قىسىم ئادەملەر ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىملارنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە، پۈرسەت تاپسىلا يالغان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، كۆز بويامچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشتى. ئۇلار پارتىيە سىياسىتىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئىلگىرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن دراما ۋە كونسېرتلارنى «زەھەرلىك چۆپ»، «قارا

مال» دەپ ھاقارەتلىدى؛ ئاشۇ دراما ۋە گونسېرتلارنى ئورۇنلىغان ئىقتىدارلىق كومپوزىتور، رېژىسسور ۋە ئارتىسلارنى «جىن - شەيتانلار»، «گېزەندىلەر» دەپ، كەسپىتىن چەكلەپ ۋە كۈرەش قىلىپ، ئەمگەككە سالدى ياكى باشقا ئورۇنلارغا ئەۋەتىۋەتتى. مەسىلەن، تۇرسۇن ھەسەن، ئابلىزخانلارنى قۇمۇلغا، ئابلىز ھاجى، يولۋاسخانلارنى قەشقەرگە؛ مەلىكە زىياۋدۇن، توختى ئەزىز، سۇلتان مۇراتلارنى شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىغا؛ ئەمەت ئۆمەر، توختايوپ، ئابلىز يۈسۈپ، قاۋۇل تۇردىلارنى تۇرپانغا ئەۋەتىۋەتتى. مېنى رېژىسسورلار گۇرۇپپىسىغا تەيىنلىگەن بولسىمۇ، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ بېسىمى بىلەن ئاران «ياقۇتتاغ غەزىپى» ناملىق درامىغىلا رېژىسسورلۇق قىلىشىمغا يول قويۇپ، قالغان تۆت - بەش يىللىق ۋاقتىمنى قەشقەر، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، جىمسار، سەنتەيلەردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. قىسقىسى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ ساھەمىزدە ئاجايىپ قاتتىق ئېلىپ بېرىلدى؛ باشقا ساھەلەردە خېلى بۇرۇن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىزنىڭ ساھەدە بىر قىسىم يالغان ئاكتىپلارنىڭ دەستىدىن خېلىلا كېيىنگە سوزۇلدى؛ سەھنە چېكىدىن ئاشقان بۇ سولچىل ھەرىكەت تۈپەيلىدىن، سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىجادىيلىق ۋە يېڭىلىق بولماي، كونا نەرسىلەر تەكرار كۆرسىتىلىپ، خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان تەشنالىقى قاندۇرۇلمىدى. مەن ئۆمۈر بويى سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەنئەت چولپانلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ماھارىتىنى قەدىرلەپ كەلگەچكە، 10 يىلغا سوزۇلغان ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا سەنئىتىمىز ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ دەپسەندە قىلىنىپ ۋە خارلىنىپ، قۇرۇق بوھتانلار بىلەن ئاياغ - ئاستى قىلىنغانلىقىغا ئىچ - ئىچىمدىن ئەپسۇسلاندىم. لېكىن، مەن چىن قەلبىمدىن



سۆيگەن بۇ سۆيۈملۈك كەسپىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدىم، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلىدىم؛ قېرىپ ھالىمدىن كەتكەن سېرى 60 يىلغا يېقىن شۇغۇللانغان بۇ سۆيۈملۈك كەسپىمگە ئىشتىياقىم ۋە مېھرى - مۇھەببىتىم كۈچىيىپ باردى؛ ئۇرۇش، تىللاش، بۆھتان چاپلاش، قالپاق كىيدۈرۈش، سازايى قىلىش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، باشقا خىزمەتكە يۆتكىۋېتىشتەك چارە - تەدبىرلەر مېنىڭ سەھنە سەنئىتىگە بولغان ئىشتىياقىمنى قىلچە پەسەيتەلمىدى......

## 7

1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى مېنىڭ كېيىنكى ئۆمرۈمنى سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارزۇيۇمغا ئاساسەن، مېنى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىگە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەپ، سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئىستىقبالى چوڭ ئىكەنلىكى ۋە كەلگۈسىدە سەنئەت شۆيۈەنى بولۇپ قۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن ئوبدان شۇغۇللانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلىقىمدىن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، سەنئەت مەكتىپىگە باردىم. مەن 1956 - يىلى شاڭخەي تىياتىر شۆيۈەنىدە ئىككى يىل رېژىسسورلۇق نەزەرىيىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، سەنئەتكارلىرىمىزنى بولۇپمۇ بۇ ساھەگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ياشلارنى سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. مەن سەنئەت مەكتىپىگە بارغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇشۇپ كۆرسەم، بۇ مەكتەپمۇ ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ھەر

جەھەتتىن ۋەيران بولغان؛ بىر تەرەپتىن، ناھايىتى ئېغىر سۇرئەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى جاپالىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشمۇ ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئىكەن. مەسىلەن، مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان قەمبەرخانىمنىڭ ئۈچ ئەۋلادلىق ئائىلىسى كېسەكتىن ياسالغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇرىدىكەن، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن مۇساجان ئاران بەش - ئالتە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدىكەن. شۇڭا، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

1) ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتتە خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

2) ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس كەسپىي بىلىم ئالغان ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى ئاز ئىكەن. ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، كەسپىي جەھەتتىن يۇقىرى بىلىمگە ئىگە قىلىش كېرەك.

3) شىنجاڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا دراما سەنئىتى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، سەنئەت مەكتىپىدە دراما كەسپى تەسىس قىلىنمىغان. شۇڭا، مۇمكىن قەدەر تېزدىن دراما كەسپىنى تەسىس قىلىش كېرەك.

4) مۇنداق كىچىك بىر سەنئەت تېخنىكومى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سەنئەتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىگە بولغان تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى سەنئەت مەكتىپىنى سەنئەت شۆيۈەنىگە ئۆزگەرتىش كېرەك.

مېنىڭ بۇ تەكلىپلىرىم مەكتەپتىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى.



شۇنىڭ بىلەن، بۇ تەكلىپلەرنى ئالاقىدار رەھبەرلىككە تەلەپ سۈپىتىدە قويۇپ ۋە بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن، بۇرۇنقى سەنئەت مەكتىپىنى سەنئەت شۆيۈەنى قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق: بىر قاتار ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋە ئولتۇراق ئۆي بىنالىرى سېلىنىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى؛ بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچىلار ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سەنئەت شۆيۈەنلىرىگە ئەۋەتىلىپ، سەنئەت كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەندى؛ كېيىندىن دراما فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنىپ، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، رەسىم فاكۇلتېتلىرى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، مۇشۇ تۆت فاكۇلتېت بويىچە سەنئەتنىڭ نۇرغۇن يېڭى چولپانلىرى يېتىشتۈرۈلدى. دېمەك، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى ئۆز تەرەققىياتىدا يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەنمۇ سەھنە سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن 60 يىللىق ھاياتىمدا ھاسىل قىلغان كەسپىي بىلىملىرىنى تەكلىپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا ۋە سەنئەت توغرىسىدىكى بەزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا سۆزلەپ بەردىم، يەنە مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالە قىلىپ يازدىم.

مەن سەنئەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتىمدىكى ئەمەلىيەتتىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى: 1) سەنئەت بولۇپمۇ سەھنە سەنئىتى — ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ۋە ئۆستۈرۈلۈپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەنئەتكارلار بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، كەسپىي ۋە نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئىجتىمائىي پەن، تېخنىكا پەنلىرىدىنمۇ مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولۇشى؛ ئۆز كەسپىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، كەسپىنى ئىجادىي يوسۇندا يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

2) بىزنىڭ سەھنە سەنئىتىمىز ئىلگىرى خەلق ئىچىدىن كەلگەن سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا تايىنىپ بارلىققا كەلگەن ۋە تەدرىجىي راۋاجلانغان. ئەمدى جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھە پەن - تېخنىكا يولى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، سەھنە سەنئىتىمۇ ئىلمىي ئىزغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بويىچە راۋاجلىنىۋاتىدۇ ۋە شۇنداق راۋاجلىنىشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن، سەنئەت سېپىگە قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىلەر چوقۇم كەسپىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن بولۇشى، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى پەننىي بىلىمگە ۋە مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

3) سەھنە سەنئىتى ئەھلى جەمئىيەتتە ناھايىتى تېزلا تونۇلىدۇ، ئۆز ماھارىتى ۋە تۆھپىسى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ ماھارەت ۋە تۆھپىنىڭ، ئالقىش ۋە ھۆرمەتنىڭ ئۆز ئىجتىھادى ۋە غەيرىتىدىن تاشقىرى، يەنە يازغۇچى (ياكى شائىر)، كومپوزىتور، رېژىسسور ۋە مۇزىكانت ۋە سەھنە خادىملىرىنىڭمۇ ئىجتىھادى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى، تۆھپىنى سەنئەت كوللېكتىپىغا مەنسۇپ دەپ بىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، كوللېكتىپنىڭ كۈچى بىلەن تۆھپە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانسېرى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئۆزىنى «ھەممىدىن ئۈستۈن» ساناپ يۈرىدىغان بولسا، سەنئەت كوللېكتىپىنىڭ ھۆرمىتى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشى تۇرماق، نەپرىتىگە ئۇچراپ، «ھاكاۋۇرلۇق كېسەللى» نىڭ زەھىرى بىلەن بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەرزىمەس تەجرىبە - ساۋاقلىرىمدىن كەسپداشلىرىمنىڭ پايدىلىنىشىنى، ناتوغرا يەرلىرى بولسا تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئەسكەرتىش: بۇ ئەسلىمە مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى نەشرگە تەييارلانغان)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى



# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

سۇلايمان ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىلاپ تۇرغان. بۇنداق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇلارنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

## ئوغلاق تارتىش

ئوغلاق تارتىش — كىشىلەردىن ئىنتايىن ماھىرلىق، چاققانلىقنى ھەمدە ھېچنېمىدىن قورقماي قارشى تەرەپنى يېڭىشكە ئىنتىلىدىغان روھ، قەيسەر ئىرادە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل چەۋەندازلىق ئويۇن. ئۇيغۇرلاردا ئوغلاق تارتىش تارىخى ئۇزۇن ھەم كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق

ھاياتىدىن باشلاپلا ئوغلاق تارتىشنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن. ئوغلاق تارتىشتا، ئادەمدىن تاشقىرى، ئۆگىتىلگەن يۈگۈرۈك ئات بولۇشى، شۇنداقلا ئوغلاقچى چەۋەندازغا «ھە - ھۇ» دېيىشىپ بېرىدىغان بىرقانچە دوستلىرى بولۇشى لازىم. ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى كۆپ ھاللاردا كۈز ۋە قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ. شۇڭا كۈز ۋە قىش ۋاقتى ھاۋا سوغۇقراق، ئاتلار سېمىز بولغاچقا، ئوغلاق تارتىشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تۈنجى نۆۋەت ئوينىلىدىغان ئوغلاق ئىككى خىل ئۇسۇلدا مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ: بىرىنچىسى، مەلۇم ئائىلىدە توي بولغاندا يىگىت تەرەپ (مۇشۇنداق قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلار) بىر دانە ئوغلاقنى جامائەتكە تاشلاپ بېرىدۇ (ئازادلىقتىن بۇرۇن تويدا ئوغلاق تارتىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان)، جامائەت تاشلاپ بېرىلگەن ئوغلاقنى ئويناپ بولۇپ، كەچ بولغاندا مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئوغلاقنى مەلۇم بىر ئائىلىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى شۇ ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئوغلاقچى چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئوغلاقچى چەۋەندازلار تەلەپ قىلغان چاغدا يەنە بىر دانە ئوغلاقنى چىقىرىپ بېرىدۇ، بۇ، ئوغلاق تارتىش دەسمايىسى قىلىنىدۇ. بۇ ئوغلاقنى كىمنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك، ئۆزى ماھىر بولسا، كەچ بولغاندا شۇ كىشى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسى، كۈزنىڭ ئوغلاق تارتىش ۋاقتى كەلگەن كۈنلەردە، كۆپچىلىك بىر ئازدىن پۇل چىقىرىپ بىر ئوغلاق سېتىۋالىدۇ ۋە بۇنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ ئوغلاق تارتىدۇ. بۇنداق ئوغلاقنى ئىختىيارىچە ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەردە كىم ئېلىپ قېچىپ كەتسە ، ئورنىغا بىر



دانە ئوغلاق تەييارلايدۇ. ناۋادا شۇ كۈنكى ئوغلاق تارتىش ئاياغلىشىپ قالغاندا، ئوغلاقنى ئۆيىگە ئېلىپ قېچىپ كېتىپ يېگۈچىلەر چىقسا (ئوغلاق ئېلىپ قاچقۇچى ئۆيىگە بارغىچە باشقىلارنى چوقۇم ئۆزىگە يېتىشتۈرمەسلىكى، ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويماسلىقى ۋە كېچىسى مەشرەپ قىلىپ بېرىشى كېرەك)، بىرقانچە ئوغلاقچى چەۋەنداز بىرلىشىپ، بىر ئوغلاقنى مەلۇم بىر ئائىلىگە تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى بۇ ئىشنى ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەت دەپ چۈشىنىدۇ ۋە شۇ ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ. مۇشۇ ئائىلە كېيىنكى نۆۋەتتىكى ئوغلاق تارتىشقا يەنە بىر دانە ئوغلاق تەييارلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغلاق تارتىش دەسمايىسى تۈگىمەيدۇ.

ئوغلاق تارتىش مەزگىلى كەلگەندە، ئوغلاقچى چەۋەندازلار يۇرت - جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى بار، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەيدىغان بىر ماھىر ئوغلاقچى چەۋەندازنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلايدۇ، پۈتۈن يىللىق ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى شۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە، ئاشۇ كىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، بەزى قەستەن جېدەل چىقارغان، باشقىلارنى بوزەك ئەتكەن، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالغان، ئويۇننى بۇزغان كىشىلەر كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

ئوغلاق تارتىش ئويۇنى باشلىنىدىغان كۈنى ئوغلاقچى چەۋەندازلار ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر سائەت ئونلاردا يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئوغلاقچى چەۋەندازلار بىرەر - ئىككى سائەت ئاتلارنى يېتىلەپ ئارام ئالدۇرىدۇ، ئاندىن سائەت 11 — 12 لەردە ئوغلاق تارتىش باشلىنىپ، چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچ-تۆتلەرگىچە داۋام قىلىدۇ. ئوغلاق تارتىش باشلىنىشتىن بۇرۇن،

ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى شۇ كۈنى ئوينىلىدىغان ئوغلاقنىڭ بېشىنى، تۆت پۇتىنى كېسىپ، ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ، قورساقنىڭ يېرىلغان جايىنى يىپ بىلەن پىششىق تىكىپ مەيدانغا ھازىر قىلىدۇ. ئوغلاقنى تۆت - بەش سائەت ئويناپ، ئادەملەر چارچاپ، ئاتلار ھارغاندىن كېيىن، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى تاماشا كۆرگۈچىلەردىن تارقىلىپ كېتىش ھەققىدە رۇخسەت سورايدۇ. تاماشا كۆرگۈچى خالايىق رازى بولغاندىن كېيىن، ئوغلاقچىلار باشلىقى: «ئوغلاقنى كىم ئېلىپ كەتسە رۇخسەت!» دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەيداندىكى ئوغلاقچىلار پۈتۈن ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداق ئېلىشىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىردا بىرەرسى ئوغلاقنى ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار ئۇنى ئۆيىگە بارغىچە قوغلايدۇ. پەقەت ئۆيىگە بارغىچە باشقىلارنى ئۆزىگە يېتىشتۈرمىگەن كىشىلا ئوغلاق گۆشىنى يېيەلەيدۇ. ئەگەردە ئېلىپ قاچىدىغان ئادەم چىقمىسا، بىرقانچە چەۋەنداز بىرلىشىپ، ئوغلاقنى بىرەر ئائىلىگە تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئائىلە ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھۆرمىتى ئۈچۈن كېچىسى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ ۋە كېيىنكى نۆۋەتكە بىر دانە ئوغلاق تەييارلاپ قويىدۇ. ئوغلاق تارتىشىدىغان كۈنلەردە بەيگە مەيدانىغا يەل - يېمىش ساتىدىغان باققاللار، ھەر خىل تاماق ۋە سامسا، گۆش، گىردە ساتىدىغان ئاشپەز، ناۋايلار، تونۇر كاۋاپچىلىرى يىغىلىپ سودا قىلىپ، سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىدۇ.

## بارات كېچىسىدىكى پائالىيەتلەر

بارات كېچىسى — ئىسلام دىنىدا ئەنئەنىۋى پائالىيەت كېچىسى بولۇپ، ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىلى شەئبان



نىڭ[1] 15 - كۈنى (رامىزاندىن 15 كۈن بۇرۇن) رامىزاننى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىك تىپتىكى بىر دىنىي پائالىيەت. بۇ كۈنى كۈندۈزى ئائىلىلەردە ياغ پۇرىتىپ، قۇيماق سېلىپ، قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ ئايەت ئوقۇتۇلىدۇ ۋە داستىخان كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا چىقىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار كېچىسى يىغىلىپ، يۇرتقا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك، تۇرمۇشقا بەرىكەت، ئىشلەپچىقىرىشقا مول ھوسۇل تىلەپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بولسا توپ - توپ بولۇپ مەشئەل ياندۇرۇش، چوماق (چاۋگەن) توپ، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداق ئويۇنلار تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلىدۇ.

مەشئەل ياندۇرۇش: مەشئەل ياندۇرۇش يەرلىك تىلدا «قاپاق كۆيدۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر سۇ مايىنى قاپاققا قاچىلايتتى. چۈنكى، قاپاق ئەرزان، ماي سىزىپ كەتمەيدىغان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولغاچقا، قاپاقنىڭ ئاغزىنى ھەرىدەپ ئېچىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ قاچىلاپ، ئاچچىق تەمىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قەۋەت يۇمشاق پوستى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچىگە ماي قاچىلىنىدۇ (سۇ مېيى بولسىمۇ، قوي يېغى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ). بارات كېچىسى شۇنداق ياغدا پىشقان قاپاقتىن بىرنى تېپىپ، ئۇزۇن بىر خادىنىڭ ئۇچىغا باغلايدۇ، ئۇنى مەھەللىدىكى ئېگىزرەك بىر جايغا، مۇمكىن بولسا دۆڭگە ئېلىپ چىقىپ ئوت ياقىدۇ، ئوت خېلى ئۇزاق كۆيىدۇ. دەسلەپتە يىغىلغانلار:

[1] شەئبان — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 8 - ئاي بولۇپ، «بارات ئېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بارات بولدى تۈيدۇڭلارمۇ؟
ياغلىق قويماقا تويدۇڭلارمۇ؟
«بارات بولدى» دەپ سۆيۈنمەڭلار،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن روزى خوجىسى بار.

دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئەتراپتىكىلەر يىغىلغانىدىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال چوماق (چاۋگەن) توپ ئوينىلىدۇ.

چوماق توپ: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوماق توپ (خەلقئارادا «چاۋگەن» توپ دېيىلىدۇ) نىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چوماق توپ ئوينىغان. تارىخى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، X ئەسىردە «يىپەك يولى» سودىسى بىلەن شوغۇللانغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ كەڭرى مەيدانلاردا ئاتلىق ياكى پىيادە چوماق توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئىش شەرقىي رىملىقلارغا ناھايىتى ياققان. شۇنىڭ بىلەن، چوماق توپنى ئۇزۇن يىللار ئۆگىنىش، سىناق قىلىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق خەلقئارادا بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە ئايلانغان ۋە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ پائالىيەت يېقىنقى زامانلاردا خەلقئارا تەنھەرىكەت تۈرى جەدۋىلىدە «چاۋگەن توپ» دەپ نام ئالدى، شۇنداقلا خەلقئارا «چاۋگەن توپ» مۇسابىقىسى بۇلتۇر بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئوينالدى.

چوماق توپ قۇرۇلۇش جەھەتتىن پۇتبولغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانى تەخمىنەن 50 × 80 ياكى 60 × 100 قا تەڭ (ئۇزۇنلۇقى 80 — 100 مېتر، كەڭلىكى 50 — 60 مېتر) بولىدۇ. مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا پۇتبولنىڭكىدەك ۋارتاسى



بولىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىدىن بىردىن ئادەم قارشى تەرەپنىڭ ۋارتاسىنى ساقلايدۇ، قايسى تەرەپ ۋارتاغا كۆپ توپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. بارات ئاخشىمىدىن بۇرۇنلا چوماق توپ قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ، چوماق — ئۈجمە، ئۆرۈك، جىگدە قاتارلىق قاتتىقراق دەرەخلەرنىڭ ئەگرى شاخلىرىدىن كېسىۋېلىنىدۇ. چوماق مۇمكىنقەدەر مۇۋاپىق بولغىنى ياخشى، چوڭلۇقى بەك تۈز ياكى بەك ئەگرى بولۇپ كەتسە، تۇتۇشقا ئەپسىز بولىدۇ. ئوينىلىدىغان توپنىڭ چوڭلۇقى قوش مۇشتەك بولىدۇ. ئاۋۋال تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى كىگىز (ياكى پاختا) نى يۇمىلاقلىۋالغاندىن كېيىن، ئىگىرىلگەن پاختا يىپتا يۆگەپ چوڭايتىلىدۇ (يىپ ھەممە تەرىپىگە تەكشى يۆگىلىشى كېرەك). يىپ يۆگىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يېڭى، پىششىق رەخت بىلەن توپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى چەمبەر قىلىپ كېسىشتۈرۈمىز. بۇنداق قىلغاندا بىر دانە تاۋۇزنى تۆت پارچە قىلغاندەك توپتوغرا تۆت بۆلەك ھاسىل بولىدۇ. بۇ بۆلەكلەر قوپاللىراق بولسىمۇ، ناھايىتى پىششىق يىپ بىلەن پۇختا تىكىپ كەشتىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توپ تەييار بولىدۇ. بۇ توپنى ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق:

بارات ئاخشىمى مەشئەل ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىرەر ئەپلىك مەيداننى تاللايدۇ. ھەممەيلەن بىرلىشىپ مەيداننى ئۆلچەپ سىزىپ چىقىدۇ. ئىككى باشقا ۋارتا (دەرۋازا) تەييارلايدۇ. ۋارتانىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت مېتر بولىدۇ. تۆت مېتر كەڭلىك ئۆلچىنىپ، يەر يۇمشاق بولسا، ئىككى تەرەپكە بىر مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى قوزۇق قېقىلىدۇ. ئەگەر يەر قاتتىق بولسا، ھەر بىر ۋارتانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى چېلەكتىن تۆت چېلەك توپا تۆكۈپ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلىدۇ. ھەربىر ۋارتانىڭ ئالدىدا ۋارتانى توسىدىغان قارشى تەرەپنىڭ بىردىن ئادىمى تۇرىدۇ.

ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان چوماق توپ ماھىرلىرىدىن ئىككى كىشىنى باشقۇرغۇچى (رېپېر) قىلىپ سايلايدۇ. توپ ئويناشتا ھەممە كىشى سايلانغان ئاشۇ باشقۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ. مۇشۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ تاللىشى بىلەن ئىككى كىشى باشلىنىشىدۇ①. شۇنداق كىم باش بولسا، شۇ كىشى بالدۇر ئادەم تاللايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا كۆپ بولسا ئوندىن، ئاز بولسا ئالتىدىن ئادەم تاللىنىدۇ. ئاساسەن 15 ياشتىن ئاشقان ياشلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئادەم ئاز بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، 12 ياشتىن ئاشقانلار قاتناشسىمۇ بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئادىمى تولۇق تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن. باشقۇرغۇچى رېپېرلار ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ، ئويۇننى باشلايدۇ. باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا ئۆز ۋارتاسىنىڭ ئالدىغا 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تۇپىدىن دۆمچەك ياساپ، توپنى ئۈستىگە قويۇپ، بىر ئادەم ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپمۇ توپنى قايتۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا رېپېر «باشلاندى» دەپ ۋارقىرايدۇ. توپنى ئۇرغۇچىمۇ «مەرە!» دەپ ۋارقىراپ توپنى ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن باشلىنىدۇ. بۇ ئويۇن خۇددى پۇتبولدەك جىسمانىي كۈچ، غەيرەت - شىجائەت ۋە يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى قايسى تەرەپ كۆپ توپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتۇۋالغان بولىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ مۇنداق قائىدىلىرى بار:

(1) ھەرقانداق شارائىتتا مەيدان ئىچىدە توپنى تۇتۇشقا بولمايدۇ. مەيدان ئىچىدە توپ تۇتقانلار (ئويناۋاتقاندا) خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

① جوپمۇ — تاق؟ دەپ بارماق چىقىرىشىدۇ.



(2) قولنىڭ ۋە جەينەكنىڭ ئۈستىگە توپ تەگسە، «ئۆلۈك توپ» ھېسابلىنىپ، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

(3) توپنى پۇت بىلەن تەپسە «ئۆلۈك توپ» ھېسابلىنىپ، توپنى قارشى تەرەپ باشلايدۇ.

(4) چوماقنى ئادەمگە تەگكۈزۈۋەتكەنلەرگە بىرىنچى قېتىمدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىمدا مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

(5) قەستەن ئادەم ئۇرغانلار مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى كۆپچىلىك ئەيىبلەيدۇ، شۇ كۈنكى ئويۇنغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

(6) توپنى مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتسە ياكى ۋارتاغا كىرگۈزۈۋەتسە، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

(7) ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، پىكىر بارلار باشقۇرغۇچى (رېپېرلار) ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ ۋە مۇرەسسە قىلىدۇ.

(8) ئويۇن تۈگىمەي تۇرۇپ بىر تەرەپ مەيداننى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. كىمكى تاشلاپ كەتسە، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى خۇلاسە قىلغاندا، «ئۆلۈك توپ» (پۇت بىلەن تەپكەن) گە يېرىم نومۇر، چوماق تەگكۈزۈۋەتكەنگە بىر نومۇر تارتىپ ھېسابلىنىدۇ. ۋارتاغا بىر توپ كىرگۈزسە بىر نومۇر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئويۇن بەزى چاغلاردا تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلىدۇ ۋە بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

## چېلىشىش

چېلىشىش ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زامانلاردىلا كىشىلەر ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان چوڭ -

چوڭ سورۇنلار پالۋانلارنىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، باتۇرلۇقلىرىنى سىنايدىغان مەيدان بولغان. شۇنداقلا قەدىمكى ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولمىغاچقا، چېلىشىش بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ھېسابلىنىپ، زۇلۇمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ كۈلپەتلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل ئارامى تېپىش، ھەر كۈنى باشقا چۈشىدىغان تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارنى ئۇنتۇلۇش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق چېلىشىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

چېلىشىش ۋاقتىدا كۆپچىلىك سورۇن تۈزۈپ مەيداننى ئايلىنىپ ئولتۇرىدۇ. پالۋانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، ئاۋۋال قول ئېلىشىدۇ، ئارقىدىن بەللىرىگە بەلباغ باغلاپ تۇتۇشىدۇ. ئادەتتە چېلىشىش ئۈچ نۆۋەت بولىدۇ، كىم ئىككى نۆۋەت رەقىبىنى يىقىتالىسا، شۇ كىشى ئۇتقان (يەڭگەن) بولىدۇ. ئەگەردە يىقىلغۇچى تەرەپ رازى بولمىسا، قايتا تۇتىشىدۇ. دېمەك، بۇ — بىر خىل كۈچلۈكلۈك، چاققانلىق، پەم - پاراسەتنى تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرى ماھارەتلىك ئويۇن. شۇڭلاشقا، ئۆزىڭىز ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىڭىزمۇ، ئەگەر پەمىڭىز بولمىسا، رەقىبىڭىزنى يىقىتالىشىڭىز ناتايىن. شۇ سەۋەبتىن، چېلىشقۇچى پالۋان چوقۇم كۈچلۈك بولغاندىن تاشقىرى، پەملىك ۋە چاققان بولۇشى، قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قارشى تەرەپنى يېڭەلەيدۇ.

## سىزىق توپ ئويناش

سىزىق توپ — بەدەننى چېنىقتۇرۇش، يۈگۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، چوڭ كىشىلەر ئوينىسىمۇ، كىچىكلەر ئوينىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.



لېكىن ئۇ، ئاساسەن 8 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرگە خاس ئويۇن بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردە ھازىرقى زاماندىكىدەك ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق تەنتەربىيە قوراللىرى بولمىغاچقا، دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا، ئوقۇغۇچىلار كۆپ ۋاقىتلاردا سىزىق توپ ئوينايتتى. سىزىق توپ ئادەتتە «قاچما توپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىزىق توپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: (1) سىزىق توپ؛ (2) كالتەك توپ؛ (3) بەز. بۇ ئۈچ خىل ئويۇن تۆۋەندىكىچە:

(1) سىزىق توپ: بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇپپىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئىككىدىن — ئالتىگىچە ئادەم بولىدۇ. ئوينايدىغان توپنىڭ چوڭلۇقى يالاڭ مۇشتەك بولۇپ، خۇددى چوماق توپقا ئوخشاش پاختا يېپتا يۆگەپ، پىششىق يىپ بىلەن كەشتە تىكىپ ئىشلىنىدۇ. توپ ئوينايدىغان مەيداننىڭ كەڭلىكى 30 × 50 بولىدۇ. 8 – 10 ياشلىق بالىلار ئۈچۈن مەيدان قىسقىراق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا رېپىر كەتمەيدۇ. ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، تەييار بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن ئادەم چىقىپ باشلىشىدۇ. قايسى تەرەپ باش بولسا، شۇ تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ توپنى ئۇرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى قاچىدىغان ئەگرى سىزىققا بېرىپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپتىن بىر ئادەم توپ ئۇرغۇچىغا توپ تاشلاپ بېرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى مەيداندا توپ توسىدۇ. توپ ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ توپ ئۇرغان گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى قېچىش سىزىقىدىن چىقىپ، مەيداننىڭ ئاخىرقى سىزىقىدىن ئۆتۈۋېلىشى لازىم. مەيداندا توپ توسقانلار ئۇرۇلغان توپنى ئېلىپ، قاچقانلارنى توپ بىلەن ئۇرىدۇ. توپنى تەگكۈزەلىسە ئۇتقان بولىدۇ — دە، دەر-

هال قېچىپ بېرىپ، باش تەرەپتىكى سىزىقىقا كىرىشىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، توپ تەگكەن تەرەپ توپنى ئېلىپ، قارشى تەرەپ سىزىق ئىچىگە كىرىۋالغىچە، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرەرسىنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا، توپ تەگكۈزگەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. شۇڭا، مۇنداق چاغلاردا ئىنتايىن جىددىي ئېلىشىش بولىدۇ.

توپ ئۇرغۇچى توپنى ئالقىنى بىلەن ياكى 30 سانتىمېتر كېلىدىغان تارشا (نېپىز تاختاي) بىلەن ئۇرۇشى كېرەك. توپ ئۇرغۇچى توپنى ئىنتايىن ھىيلە بىلەن ئۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېچىپ ئاخىرقى سىزىققا بېرىۋېلىشى ئۈچۈن تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر توپنى ئېگىز ئۇرۇۋېتىپ، قارشى تەرەپ تۇتۇۋالسا، ئۇتقۇزغان بولىدۇ ياكى توپنى يانغا قارىتىپ قاتتىق ئۇرۇۋەتسە، توپ يەرگە چۈشمەستىن، يان سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇتقۇزغان بولىدۇ. ئۇتقۇزغان تەرەپ ئادەم تەقسىم قىلغاندا، ئاخىرقى سىزىقنىڭ كەينىدە بىر ئادەم قويۇشى كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن توپلارنى ۋاقتىدا يولداشلىرىغا سۇنۇپ بېرىپ، ئۇلارنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**(2) كالتەك توپ:** بۇ ئويۇن كۆپ ھاللاردا قىشتا قاتتىق قار ياغقاندا ياكى قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر تاشقى كىيىملىرىنى سېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان چاغلاردا ۋە ياكى مەيدان تار، ئادەم كۆپ بولۇپ قالغان شارائىتتا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن بىر تەرەپتىن ھەر تەرەپكە قول سوزۇپ گىمناستىكا قىلىش ۋە كۆز گىمناستىكىسى قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئېغىر كىيىملەرنى كىيگەن سوغۇق كۈنلەردە كىشىلەر بىردەمدە ئىسسىنىۋالىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق:

ئىككى ئادەم كېلىشىپ مەيدانغا چۈشىدۇ، بىرى توپ



تاشلاپ بېرىدۇ، يەنە بىرى 40 — 50 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى كالتەك بىلەن توپنى ئۇرىدۇ. ھاۋاغا ئۆرلىگەن توپنى كىم تۇتۇۋالسا، شۇ ئادەم كېلىپ توپ ئۇرىدۇ. توپنى قانداق شەكىلدە تۇتۇۋالسا بولىۋېرىدۇ، ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. ئەگەر توپنى تاشلاپ بەرگەندە توپ ئۇرغۇچى كالتەكنى توپقا تەگكۈزەلمىسە، ئۇتقۇزغان بولىدۇ - دە، ئۇ، توپ تاشلاپ بېرىدۇ. توپ تاشلاپ بەرگۈچى كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ. كىم يەنە توپنى تۇتۇۋالسا شۇ كىشى كېلىپ كالتەك بىلەن توپ ئۇرىدۇ. بۇ — شۇ خىلدا داۋاملىشىدىغان ئاممىۋى ئويۇن.

**(3) بەز:** بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق:

«بەز» ئويۇنىدا ھەربىر گۇرۇپپىدا 4 - 5 دىن ئادەم بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسى 30 مېترچە بولۇپ، دەل ئوتتۇرىدا «بەز» بولغۇچى تۇرىدۇ، يان تەرىپىدە ئۆلچەم بولمايدۇ. «بەز» ئويۇنىدىمۇ باشقا ئويۇنلارغا ئوخشاش يالاڭ مۇشتتەك بىر لاتوپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى تەرەپتە تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىدا تۇرغان «بەز» نى شۇ توپ بىلەن سوقىدۇ. «بەز» بولغۇچى چېپەن، چاققان بولۇشى، توپنى ئۆزىگە تەگكۈزمەسلىكى كېرەك. ئەگەر «بەز» بولغۇچى ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان توپنى تۇتۇۋالماي، چاققانلىق بىلەن ئىككى تەرەپتىكىلەردىن بىرەرسىنى سوقۇۋالسا، شۇ توپ تەگكەن كىشى بەز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، «بەز» بولغۇچىنىڭ يېگەن تايىقى يوللۇق بولۇۋېرىدۇ.

## چاقپەلەك (سارغايدى)

چاقپەلەك (سارغايدى) — ياشلارنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان، ھاۋادا ئۈچۈپ كېتىۋېتىپ، ئەتراپنى تاماشا قىلغى-

لى بولىدىغان كۆڭۈللۈك ئويۇن. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق:

بىر تال چوڭ ياغاچنىڭ ئىنچىكە ئۇچىنى ھارۋىنىڭ ئوقىدەك ياساپ، كۆتەك ھارۋىسى (ياكى تۆمۈر ھارۋا) نىڭ چاقىنى شۇ ئوقىغا كىيگۈزىدۇ. چاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چاقتىن 20 سانتىمېتىر چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىككى ياغاچنى باغلايدۇ، بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا ئىككىدىن تۆت دانە پىشىق يېڭى ئارغامچا باغلايدۇ. چاقنىڭ يەرگە قاراپ تۇرىدىغان تۆۋەنكى يۈزىگە يۇقىرىقىغا ئوخشاش قىلىپ، ئىككى دانە ياغاچنى باغلاپ، بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئىككىدىن تۆت دانە ئارغامچا باغلايدۇ. بۇ ئىشلار تەييار بولغاندىن كېيىن، يەرنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، چاقپەلەكنى يۆلەيدۇ ۋە پۇختا قىلىپ كۆمىدۇ. ھارۋا چاقىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا باغلانغان ئارغامچىلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىر جۈپ قىلىپ باغلاپ، ھەر بىرىگە بىردىن كۆپە سېلىپ ئىلەڭگۈچ ياسايدۇ. ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىغا باغلىغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا بىر تال ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچى باغلىنىپ، بۇ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسى كىچىك بويۇنتۇرۇق بىلەن ھارۋا چاقىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان چوڭ تۈۋرۈككە چېتىلىدۇ. بۇ تۈۋرۈكنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى 7 - 8 مېتىر بولىدۇ. ھېلىقى ئىككى بېشى چىگىلىپ، چوڭ تۈۋرۈككە چېتىلغان يوغان ياغاچنى ئېتتىرىش ئارقىلىق چوڭ چاق ئايلىنىدۇ. چوڭ چاقنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئارغامچىدا ئولتۇرغان ئادەملەر ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ئويۇن «چاقپەلەك» ياكى «سارغايدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## لەپپەڭ ۋە ئىلەڭگۈچ

بۇ بىر خىل ئويۇننىڭ ئىككى خىل كۆرۈنۈشى بولۇپ، قىش كىشىلىكى «لەپپەڭ»، يالغۇز كىشىلىكى «ئىلەڭگۈچ» دەپ



ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئاساسەن ياش ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككىسىنى تۈزلەڭ جايغا ئورۇنلاشتۇرسا ئۈچ تال ياغاچ كېتىدۇ. ئىككى ياغاچ تۈۋرۈك ياسىلىپ، تىك ھالەتتە يەرگە كۆمۈلىدۇ. بىر تال ياغاچنى تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە توغرىسىغا چىڭ باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا ئارغامچا سېلىنىدۇ. بۇ «ئىلەڭگۈچ» بولىدۇ. ئەگەر ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال شالنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككى ئۇچىنى ئارغامچىدا باغلاپ تەييارلىسا، بۇ «لەپپەڭ» بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى كىشى ئۇچىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپتىكى كىشى ئوخشاش جىسمانىي كۈچ ۋە ئېغىرلىقتا بولۇشى لازىم. چوڭ ئادەملەر بىلەن كىچىك بالىلار بىرلىكتە ئۇچسا، ئېغىرلىق ۋە كۈچ تەڭپۇڭ بولمىغاچقا، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش ۋە تەپكۈچ (چاكىزا)، گاگار، ئوردا كاتەك قاتارلىق بىر مۇنچە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمۇ بار.

تەپكۈچ — تۆگمىدەك قوغۇشۇن ياكى تۆت دانە داچەن پۇل، ئازراق ئۆچكە چۈپۈرىدا ياسىلىدۇ، ئۇنى قىش كۈنلىرى تېپىپ ئوينايدۇ. گاگار بولسا، بالىلار ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇن ناھايىتى ئاددىي: ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بارماقچىلىك بىر يۇلغۇن ياكى قارا ياغاچتا ياسالغان گاگار بىلەن 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بالىلارنىڭ بىلىكىدەك توقماقتىن ئىبارەت. بۇ ئويۇن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئىككى مېتىر چوڭلۇقتىكى چەمبەر سىزىق ئىچىگە گاگارنى چۈشۈرۈپ ئويناش، بۇ ئۇسۇل ئاسانراق، شۇڭا ئۇنى ئۇششاق بالىلار ئوينايدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ئوردا كاتەك ئۈستىگە قويۇلغان توقماقتا گاگارنى تەگكۈزۈپ ئويناش. بۇ ــ سەل تەسرەك، شۇڭا،

ئۆسمۈرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەر ئىككى خىلدا ئوتتۇزغانلار ۋاللەيگە① يۈگۈرىدۇ. بۇ ئويۇن كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي ئويۇن بولسىمۇ، لېكىن بەدەننى چېنىقتۇرۇش ۋە يۈگۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايراھى

① ۋاللەي: ئوتتۇزغۇچىلار ئۈچۈن جازا خاراكتېرىدىكى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش.



# «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» توغرىسىدا ئەسلىمە

سىدىق مۇسايوپ

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

1940 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىللىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلا- تاتسىيىسى چېكىدىن ئېشىپ، خەلق ھايات كەچۈرەلمەسلىك ھالىغا كېلىپ قالدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋاقىتتا، جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ يىغقان 25 ماشىنا ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ، 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۇڭچىڭغا كەتتى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئورنىغا ھىيلىگەر تۈلكە ۋۇجوڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەس- كىنلىشىپ، نەدە زۇلۇم - ئېزىش بولسا، شۇ يەردە قار-

شلىق بولدى. زۇلۇمنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتىپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىغان خەلق 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا غېنى، فاتىخ ۋە ئەكبەر باتۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا، گومىنداڭنىڭ «ئات تەقدىم قىلىش» ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتتى. بۇ پارتىزانلىق ھەرىكىتى تېزلا ئۇلغىيىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوراللىق، قانلىق باستۇرۇشىنى بىتچىت قىلىپ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاپرېل كۈنى غۇلجا شەھىرىدە پارتىزانلىق ئەترەتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، دۈشمەنگە تېزدىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار سېنتەبىر ئايلىرىغىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى تولۇق ئازاد قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونىنى شەكىللەندۈردى؛ ئاندىن دۈشمەننى قوغلاپ ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ توختاپ، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ناھايىتى زور ھەربىي بېسىم ئىشلەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدىمۇ زور تەسىر قوزغىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە تاشقورغان خەلقى قوراللىق قوزغىلىپ، تاشقورغان، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، نىشانىنى قەشقەرگە قاراتتى؛ يەكەن، يېڭىسار ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىمۇ ئازاد قىلدى. تۇرپان، توقسۇن، پىچان قۇمۇللاردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئۈشتۈمتۇت زەربە بېرىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى گومىنداڭنىڭ



ھەربىي ھۆكۈمرانلىرى ئۈستىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى ئويلىشىپ، 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 100 - سانلىق يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتى ۋە سۆھبەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن پولكوۋنىك رەھىمجان سابىر ھاجى (ئۆمەك باشلىقى)، ئوبۇلخەيرى تۆرە (ھۆكۈمەت ۋەكىلى)، ئەخمەتجان قاسىمى (خەلق ۋەكىلى) قاتارلىقلارنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى يەلكەلەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سۆھبەتنى باشلاپ، بىر يىلغا يېقىن جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» نى رەسمىي ئىمزالىدى. بۇ تىنچلىق بىتىمگە ئاساسەن، 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئۆزگەرتىلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قىلىپ قۇرۇلدى. يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مۇنداق بولدى:

| | |
|---|---|
| رەئىس | جاڭ جىجۇڭ |
| مۇئاۋىن رەئىس | ئەخمەتجان قاسىمى<br>بۇرھان شەھىدى |
| باش كاتىپ | لىيۇ مىڭچۇن |
| مۇئاۋىن باش كاتىپ | ئابدۇكېرىم ئاببasوپ<br>سالىس |

| | |
|---|---|
| لويۇيۇن | ماليە نازارىتىنىڭ نازىرى |
| ماتىڭ شياڭ | ماليە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| ۋاڭ زىڭشيەن | ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى |
| رەھىمجان سابىر ھاجى | ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| مۇھەممەت ئىمىن | قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى |
| گۇچيەنچى | قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| سەيپىدىن ئەزىزى | مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى |
| سەي زۇگشەن | مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى |
| جاۋجيەنفېڭ | ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| ئېردەنى | ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| دەللقان | سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى |
| چوي ۋۇ | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى |
| ئېلىخانتۆرە | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئوسمان | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى |
| ئىسھاقبېك | ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى |
| ئەيسا بەگ | ھۆكۈمەت ئەزاسى |
| جوڭ دىخۇا | ھۆكۈمەت ئەزاسى |
| گۆەن زىلياڭ | ھۆكۈمەت ئەزاسى |



ھۆكۈمەت تەركىبىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن سەككىز كىشى قاتناشتى، قالغانلار باشقا ۋىلايەت ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنچلىق دەۋرىنى قولغا كەلتۈردى.

«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنچلىق دەۋرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك، ئىغۋاگەرچىلىك، بۇلاڭچىلىق، تېررورلۇق، فاشىستلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، ئۆلكە ۋەزىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇردى. شۇ سەۋەبتىن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلگىرى كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تايانچ بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى

1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى كۇلۇبىدا 50 تىن ئارتۇق ئۆلكە ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈچ كۈن يىغىن ئېچىلىپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇشنىڭ زۆرۈر-

لوگى، سىياسىي ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە نامى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دوكلاتى قىزغىن مۇزاكىرە قىلىندى. نەتىجىدە ۋەكىللەرنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەشكىل قىلىنىپ، مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ئىتتىپاق رەئىسلىكىگە سىناقتىن ئۆتكەن، خەلق «سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز» دەپ تونۇغان ئەخمەتجان قاسىمى سايلاندى ھەمدە تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك سىياسىي قارار ماقۇللاندى:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان پۈتۈن ئۆلكە ۋەكىللىرىنىڭ تەسىس مەجلىسى قارارى:

شەھىرى غۇلجا

1948 – يىلى 1 – ئاۋغۇست

بىز مەجلىسكە توپلانغان بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر، خەلقچىل زىيالىيلار، ئۆلىمالار، مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرى ھەم ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان. بۇ مەجلىستە ئىتتىپاقنىڭ تەشەببۇسى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەرۇزىسىنى (دوكلاتىنى) ئاڭلىدۇق. كۆپ يىللاردىن بېرى ئېغىر جاپا بىلەن ئىزىلىپ كەلگەن ئۆلكە خەلقىمىز 1944 – يىلقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن خەلقچىللىق، ئەركىنلىك ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق دۈشمەنلىرى بولغان ئەكسىل ھەرىكەتچىلەر خەلقىمىزدىن بۇ ھوقۇقلارنى قايتا تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلەر ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. ئۇلار خەلقىمىز ئۈچۈن مىللىي



ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن ئېچىلغان مەدەنىي، ئەركىن ھايات ئىشىكىنى يېپىۋېتىشكە تىرىشماقتا. نەتىجىدە ئۆلكىمىزنىڭ بىر قانچە جايلىرىدا خەلقىمىز يەنىلا ئىستىبدات ھالاكىتىگە دۇچار بولماقتا. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى، مەدەنىي ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بولغان ھېسسىيات ۋە كۈرەشلىرىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر مەركىزىي ئورگاننىڭ بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۇڭلاشقا، مەرۇزىدا (دوكلاتتا) قىلىنغان پىكىر ھەم تەكلىپلەرنى توغرا دەپ ھېساپلايمىز ۋە مەزكۇر مەرۇزىنى قارار سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ خەلق ئېھتىياجلىرىنى ئەمەلدە تەمىن ئېتىپ كۈرەشىدىغان ئۆلكە مىقياسىدىكى مەركىزىي غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلىشنى لايىق تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەرۇزى يۈزىسىدىن يۈرگۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلىمىز:

بىرىنچى: شىنجاڭ خەلقلىرى ئارىسىدا ئەركىنلىك ۋە تىنچلىقنى تۇتۇشقا، تىنچلىق بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا ۋە بىتىمنى بۇزۇۋاتقان تەۋەككۈلچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تىرىشىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن باراۋەرلىكىمىز ئۈچۈن مەدەنىي، باي، يېڭى ھايات بەرپا قىلىش مەقسىتى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەشكىل قىلىنسۇن.

ئىككىنچى: مەجلىسكە تەكلىپ قىلىنغان مۇراجىئەت ئىتتىپاقنىڭ يولى ۋە مىللىي ھەرىكەتنىڭ تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىنسۇن.

ئۈچىنچى: «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تۆۋەندىكىلەر تەيىنلەنسۇن:

ئەخمەتجان قاسىمى — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن

رەئىسى.

ئىسھاقبېك مونونوۋ — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى.

سەيپىدىن ئەزىزى — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى.

قاشىر باي تېلوۋ بەردى (قاسىم ئەپەندى) — ئۈرۈمچىدىكى قازاق — قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى.

ئىبراھىم تۇردى — ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ — ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

مەھەممەتجان مەخسۇم — ئەدلىيە مەھكىمە باشلىقى.

ئۇيغۇر سايرانى — ئۈرۈمچىدىكى ئۈلكىلىك شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىقى.

ئەنۋەرخانبابا — ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

ئابدۇكېرىم ئاببا سوپ — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى.

رەھىمجان سابىر هاجىيوپ — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى.

خەلپەت سوزۇك هاجىيوپ — قەشقەردىكى ئۈلكىلىك كېڭەش ئەزاسى.

ئەسئەت ئىسھاقوپ — غولجا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىنى.

كېرىم هاجى داۋۇت — مەخسۇس مالىيە بۆلۈم باشلىقى.

لىيوروپ لاما — مەركىزىي موڭغۇل ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

هېكىمبەگ غوجا — ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

ئۇبولخەيرى تۆرە — ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.

غېنى باتۇر — خەلق قەھرىمانى.

ئابدۇل مۇتالە خەلپەم — دىنىي نازارىتىنىڭ نازىرى.

باباجانوپ سالىجانباي — ئىلى ۋىلايەت پىروكرورى.

ماسكولوف — ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.



ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى.

دەلىيىن گېئورگى — شىۋە زىيالىيسى.

مەتىمىن ئىمىنوپ — پولكوۋنىك.

ئابلىمىت هاجىيوپ — تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى.

باشباي چولانوف — تارباغاتاي ۋالىيسى.

ئالىمجان هېكىم بايوۋ — تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.

داشجان مىنجۇنوپ — تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.

پاتىخ مۇسلىموۋ — خەلق قەھرىمانى.

مۇقاش جەكە ئوغلى — «ئىرىكتى ئالتاي» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى.

دەلىلقان سۇگۇر بايوۋ — ئۈلكىلىك هۆكۈمەت ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى ۋە ئالتاي ۋالىيسى.

ئەنۋەر موسابايوۋ — ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

شەمشى مامىيوۋ — ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

دۆلەتخان ھەسەنى — قومۇل ۋەقەسىنىڭ باتۇرى.

**كاندىداتلىققا تۆۋەندىكىلەر تەيىنلەنسۇن:**

چىڭشىخۇا — «مىنجۇباۋ» (دېموكراتىيە) گېزىتىنىڭ تەھرىرى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا — ئۈرۈمچى گىمنازىيە مۇدىرى.

ئابدۇللا زاكىر — باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

قېيۇمبەگ غوجا — مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.

سىيىت باتۇر — قومۇل ۋەقەسىنىڭ باتۇرى.

ئىتتىپاق رەئىسلىكىگە ئەخمەتجان قاسىمى سايلانسۇن.

تۆۋەنچى: ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئائىت تۇرلۇك

قائىدە ۋە چارىلارنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوۋ، قاسىر باي تىلوۋ بەردى (قاسىم ئەپەندى)، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سەيرانى، ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇلمۇتالە خەلپەم، شەمسى مامىيوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوپلاردىن ئىبارەت مەركىزىي تەشكىلى ھەيئەت تەشكىل قىلىنسۇن.

بەشىنچى: «ئويغان» گېزىتى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ نەشىر ئەپكارى قىلىپ بەلگىلەنسۇن، گېزىتنىڭ نامى ئەسلىسى ھەيئەتنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇلسۇن.

ئالتىنچى: «ئويغان» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە سەيپىدىن ئەزىزى تەيىنلەنسۇن. شۇ تەسىس مەجلىسىدە يەنە، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس مەجلىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە چىقارغان مۇراجىئىتى ماقۇللاندى.

ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس مەجلىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقلىرىگە مۇراجىئىتى: بىز بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر، خەلقچىل زىيالىيلار، ئۆلىمالار، مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرى ھەم «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن غولجا شەھىرىگە توپلاشقانىدۇق.

پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە، شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ باشلىرىدىن كەچۈرۈۋاتقان پۈتۈن ئېغىرچىلىقلىرىنى تۇغدۇرۇۋاتقان ئاساسىي سەۋەب خەلقىمىز ئىچىدە بىرلىك ۋە دوستلۇقنىڭ يوقلۇقى دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى، مېھنەتچان خەلقنى



ئىتائەت قىلدۇرۇپ تۇرۇشقا يەڭگىل شارائىت تۇغدۇرۇش ۋە خەلق دىققىتىنى ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشىشتىن چەتكە بۇراش ئۈچۈن، سۈنئىي رەۋىشتە مىللەتلەر ئارا دۈشمەنلىك، زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقلىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ كەلدى.

شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا كۆپلىگەن يىللار تۇرۇپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە ۋۇ جۇڭشىنلار تۇرامۇش ئۈچۈن چىداپ بولماسلىق دەرىجىدە ئېغىر، قاتتىق شارائىت تۇغدۇرغانىدى. خەلق ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە كىرگۈزۈلمەيتتى. ئەڭ ياخشى تەرەققىيپەرۋەر رەھبەرلەر ۋە خەلق خىزمىتىگە سادىق يەرلىك مۆتىۋەرلەر زىندانلارغا سولىناتتى. خەلق دۈشمەنلىرى، خەلقنىڭ سۆزسىز بويسۇنۇشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن شىنجاڭدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ئوتىنى يېقىپ، زورلۇق يۈرگۈزەتتى، خەلقنى يالغان گەپ ۋە ئالداش بىلەن ئىدارە قىلاتتى. خەلقنى ئاددىي ۋە ئادەتتىكى ھوقۇقلىرى بولغان سۆز، مەتبۇئات، مەجلىس ۋە ئۇيۇشۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. خەلقنىڭ قايغۇ ھەسرىتىدىن بىمالال پايدىلىناتتى، خەلقنى قۇللۇققا تاشلايتتى. مېھنەتچان خەلق بولسا شۇلار ئۈچۈن ئۆز بالىلىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكەتتى. ئەڭ مۇشكۈل ئىشلارنى قىلاتتى، چەكسىز ئېغىر سېلىقلارنى تۆلەيتتى ۋە ھېچبىر ھوقۇقىدىن پايدىلىنالمايتتى.

ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغانلار بولسا، ھالال مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىنسانلارنىڭ ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز، قالاق ۋە نادان بولۇشىنى خالار ئىدى. ئۆتمۈشتە مانا شۇنداق ئىدى. خەلقتە سەۋرنىڭ چېكى قالمىدى. ئۆلكىدىكى ھاكىمدارلارنىڭ ھەم ئەزگۈچىلەرنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە قارشى 1944 - يىلى يالقۇنلىنىپ چىققان پۈتۈن خەلق قوزغىلىڭى 1946 - يىلى

ئۆز ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن خەلقنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق توختامى تۈزۈش بىلەن يەكۈنلەندى. بۇ توختام شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئۆز كۈرىشىدە سوقۇشۇپ قولغا كەلتۈرگەن بارلىق خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكلىرىنى تۇتۇپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

ئەمما، سوقۇشۇپ قولغا كەلتۈرگەن ۋە گومىنداڭ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان ئەركىنلىكلەرنى خەلقتىن قايتىدىن تارتىۋېلىشنى خالايدىغان خەلق دۈشمىنى بولغان ئۈنسۇرلار ھاكىمىيەت بېشىدا يەنە قالدى. ئاچ بۆرە ئوسمان ۋە ئۇنىڭ بۇلاڭچى شايكىلىرىنىڭ ھۆكۈمدار مۇخلىسلىرى ياردىمى بىلەن يۈرگۈزگەن ۋە يۈرگۈزۈۋاتقان بۇلاڭچىلىق — باسمىچىلىقلىرى، ئۇلارنىڭ تىنچ ئاھالىگە قىلغان ۋەھشىلىكلىرى، خوتۇن-بالا چاقىلارنى ئۆلتۈرۈشلىرى، ئىستىبدادچىلىق ۋە زورلۇقلىرى بۇ توغرىلىق گۇۋاھ ۋە دەلىل بولالايدۇ.

ئوسماننىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بۇلاڭچى ئىز باسارى ۋە سەپدىشى قالى بەكنىڭ خەلق ئىشىغا قىلغان خائىنلىقىنى شىنجاڭ خەلقلىرى ئۇنتۇمايدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بەزى شەخسلەر بىلەن بىللە ھەرىكەتلەنگۈچى ئوسمان ۋە قالى بەكلەرنىڭ ئالداش ۋە قانلىق ۋەقەسىگە دۇچار قىلىنغان بىر مۇنچە ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ قايغۇ ھەسرىتىدىن كۆپلىگەن ئاتا-ئانا ۋە خوتۇن-بالىلار بوغۇنغىچە زار-زار يىغلىشىدۇ.

بىز چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىزكى: ئەگەر ئېلىمىزدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، تۇڭگان، ئۆزبېك ۋە باشقا ھەممە خەلقلەر قانۇنسىزلىق، ھوقۇقسىزلىق، قۇللۇق، گادايلىق ۋە جاھالەتلىكنى مەڭگۈگە يوقىتىش ئۈچۈن بىرلەشسە، شىنجاڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە دوستلۇق،



ئادالەتلىك ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىك جەزمەن ئورنىشىدۇ.

ھالال مېھنەت بىلەن كۈن كەچۈرگۈچى ئادەملەر مەنپەئەتى ئۈچۈن، بىزلەر تۈزۈمىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىز ۋە بۇ ئىسلاھاتنى جەزمەن قىلالايمىز. بىزنىڭ ئىسلاھ قىلغان تۈزۈمىمىزدا ھەر بىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىككە ۋە مەيدە (كىچىك) مىللەتلەرنى كەمسىتىپ خارلاشقا ئورۇن بولمايدۇ.

ھالال مېھنەت ئۈچۈن، بىزلەر «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇردۇق.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە — شىنجاڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق ئورنىتىشقا، 1946-يىل 6 — ئىيۇن بىتىمىنى ئىجرا قىلىشقا ۋە بۇ بىتىمنى بۇزغۇچى لۈكچەكلەرگە سوققا (زەربە) بېرىشنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەرنىڭ تىرىشىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتۇر.

ئىتتىپاق «11 بىتىم» دە ئېتىراپ قىلىنغان ۋە خەلقىمىزنىڭ قانۇنىي ھېسابلانغان ھوقۇقلىرىنى تەمىن ئەتكۈچى تۆۋەندىكى ئاساسىي چارىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى تەمىن ئېتىشكە تىرىشىدۇ:

1) سۆزدە، مەتبۇئاتتا، مەجلىستە، تەشكىلىي ئۇيۇشۇشتا، دىنىي ئېتىقادتا ئەركىنلىكنى تەمىن ئېتىش.

2) شىنجاڭدىكى ھەممە خەلقلەرگە ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا، مىللەت ئايرىماستىن، ھەرقانداق ئورۇن، ۋەزىپە ئىشغال قىلىشقا باراۋەر ھوقۇق بېرىش.

3) خەلق ئىشەنچىسىگە ئىگە يەرلىك پۇقرالاردىن مەمۇرىيلارنى سايلاش پرىنسىپىنى ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزۈش.

4) ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ياردەم قىلىش ۋە مەمۇرىيلار ھەرىكىتى ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خەلق

ئىشەنچىسىگە ئىگە ئادەملەر ئىچىدىن سايلانغان كېڭەش مەجلىسلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەش شارائىتىنى تەمىن ئېتىش.

5) مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرىنى ۋە باشقا شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىنتىلىدىغان جەمئىيەتلەرنى تەشكىل قىلىش.

6) شىنجاڭ خەلقلىرىگە ئۆز ئانا تىلىدا گېزىت، ژۇرنال، دەرسلىكلەرنى ۋە باشقىلارنى نەشىر قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىش.

7) ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىغا ھەقسىز كىيىم، تاماق بېرىپ ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىنى قۇرۇش. شىنجاڭ ئۆلكىسى خەلق خوجىلىقىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە مۇتەخەسسىسلەر تەييارلىغۇچى ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتەپلىرىنى قۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەخسۇس ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنى ئېچىش، تىياتىر - كىنو ۋە رادىئو ئاڭلىتىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش.

8) ئەدلىيە ئىشلىرىنى شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئانا تىلىدا يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە مەھكىمىلىرىنى ھۆكۈمەت ئىجرائىيە ئورگانلىرىدىن مۇستەقىل قىلىش.

9) ھەربىي خىزمەتچىلەرگە ۋە ئاياللارغىمۇ، ھەممە پۇقرالارغا ئوخشاش سىياسىي ھوقۇق بېرىش.

10) دوختۇرخانا، شىپاخانا ۋە داۋالاش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەمبەغەللەرگە ھەقسىز تىببىي ياردەمنى تەشكىل قىلىش.

11) شىنجاڭنىڭ تۈپ، تۇراقلىق ئاھالىسى بولغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئاساستا زېمىن، يايلاق - قىشلاق، چارۋا - مال، سانائەت مۇئەسسەسەلىرىگە ھەمدە ھەر-قانداق باشقا كۆچمەس ۋە كۆچىدىغان مۈلۈكلەرگە خۇسۇس-



ئىگىدارچىلىقىغا چېقىلماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش.

12) يەرگە ئىشلەش، سۇ چىقىرىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويۇش ۋە يايلاق، قىشلاقلارنى ياخشىلاپ، چارۋا - ماللارنى ئۆستۈرۈش.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخباراتىنى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ كونكرېت كېرەكلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇلۇغ مەقسەت ۋەزىپىنى ئۆتەشنى خەلق ئالدىدا ئۈستىگە ئالىدۇ. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەينى زاماندا گومىنداڭ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق تۈزۈمى ۋە ھەقىقىي خەلقچىل تەدبىر - چارىلىرىگە قوشۇلۇپ ھەممە كۈچى بىلەن ياردەملىشىدۇ.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئاممىۋى خەلق تەشكىلاتى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ھەقىقىي خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن، چىن ھۆرىيەت، باراۋەرلىك، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزدە ياشىغۇچى بارلىق خەلقلەرنىڭ باي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

پۈتۈن ئۆلكىمىزنىڭ ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيە، ئاۋۇل - قىشلاقلىرىدا ئىتتىپاقنىڭ شۇ مەقسەت بىلەن يەرلىك تەشكىللىرى بولىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتى، دېھقان - چارۋىچى، زىيالىي، جەڭچى، ئوفىتسېر، سودىگەر، دىنىي ئۆلىمالاردىن كىمكى خەلقىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي، ئىنسانىيەتچىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالىسا، كىمكى خەلقچىللىق پرىنسىپىغا ئاساسلانغان ئالىي تىنچلىقنى خالىسا، جىنسىي، مىللەت، دىن ئايرىماي، «تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى

ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا كىرىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن، ئۇنى قالاقلىقتىن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن چىقىرىشنى، داۋاملىق مۇھتاجلىقتىن ۋە توختاۋسىز كۈرەشتىن قۇتۇلۇشنى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىتتىپاققا كىرەلەيدۇ.

بۇرادىرانە بىرلىشىشكە، مۇھەببەتكە، دوستلۇققا ۋە ھەممە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىتتىپاققا كىرەلەيدۇ.

بىز ھەممىمىزنى ۋەتەنگە ۋە ھەقىقىي ئازادلىققا بولغان چەكسىز مۇھەببەت بىرلەشتۈرىدۇ. بىزنىڭ تەرەققىيات، خەلقچىللىق يولىدىكى غالىبانە يۈرۈشىمىزنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ.

ئادىللىق، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئالغا!

ئىتتىپاق سېپىگە ئۇيۇشۇڭلار!

شەھىرى — غۇلجا

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆلكە خەلقىگە چىقارغان مۇراجىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئىتتىپاق مۇشۇ مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، «ئىنسانىيەتچىلىكنى تونۇپ، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى خەلقىمىزنىڭ قولىغا كەلتۈرۈشنى، ئۆلكىدە خەلقچىل پرىنسىپقا ئاساسلانغان ئەبەدىي مۇستەھكەم تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىنى خالىغۇچى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگۈچى ھەربىر كىشىنى جىنسىي، مىللىتى، دىنى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، خۇسۇسىي بايلىقىغا قارىماستىن، ئىتتىپاققا ئەزا بولۇپ كىرىشكە چاقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ھەمدە ئىتتىپاقنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان 12 ماددىدىن ئىبارەت خىزمەت پرىنسىپلىرىنى



«پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ بىرلىشىشى تىلەك - ئارزۇسى ۋە بىردىنبىر كۈتكەن تەلەپ - ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىنسانىيەت يولىدا كۈرەش ئېلىپ بارغۇچى خەلقىنىڭ ئەركىن، باراۋەرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۆلكىمىزدە تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تىلەيدىكەن، ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش لازىم، دېگەن تەلەپنى قويىدى.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك قائىدە - نىزام، چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف باشلىق 11 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي ئىشلەپ، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىدا ئومۇمىي بۆلۈم، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات - ئاخبارات بۆلۈم، تەپتىش بۆلۈملىرىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كادىرلارنى بەلگىلىدى. بۇلار 17 - سېنتەبىردىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - قېتىملىق مەجلىسلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ۋە يەرلىك تەشكىلىي ھەيئەتلەرنى تەشكىل قىلىش ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. 30 - ئاۋغۇست كۈنى ئېچىلغان 2 - قېتىملىق تەشكىلىي ھەيئەت مەجلىسىدە، ھەربىر ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن 20 نەچچە كىشى بىرىنچى قېتىملىق ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىپ تەستىقلاندى. 17 نەپەر ئىتتىپاق خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان يەرلىك تەشكىلات قۇرۇلدى.

4 - سېنتەبىردىكى 3 - قېتىملىق تەشكىلىي ھەيئەت

مەجلىسىدە، ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېت تەشكىل قىلىنىش قارارىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەيئەت ئەزالىرى تەستىقلاندى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەربىر ئىدارە - جەمئىيەتلەردە يەرلىك تەشكىلاتلارنى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە بىرىنچى قېتىم ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن تۆۋەندىكى كىشىلەر بەلگىلەندى:

ۋالىي مەھكىمە ۋە رۇس جەمئىيىتىگە — ئەسئەت ئىسھاقوپ.
مائارىپ ئىدارىسىگە — ئەنۋەر خانبابا.
گېزىت ئىدارىسىگە — ئۇيغۇر سەيرانى.
غۇلجا گارنىزونىغا — زىيا سەمىتوۋ.
ئارمىيە بويىچە — گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېك.
بانكىغا — مەنسۇرلومىيوۋ.
ئاپتېكىغا — ياقۇپ بەگ.
سەھىيىگە — سەيدۇللا.
ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلىم يۇرتىغا — ئىسمايىل ياسىنوۋ.
باجخانىغا — ئابدۇللا زاكىر.
غۇلجا ھاكىم ئىدارىسىگە — تۆلەمبېك.
ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىغا — ماسكولوۋ.
پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە — سانتىرباي.
شەھەر باشقارمىسىغا — مۇھەممەت يۈسۈپھاجى.
سودىگەرلەر جەمئىيىتىگە — سەلىياخۇن.
شىۋە - سولۇن جەمئىيىتىگە — رۇڭ لەي.
قىشلاق خوجىلىقىغا (يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا) — ھوسۇيىن مۇراتوۋ.
مالىيە باشقارمىسىغا — قېيۇمبەك غوجا.
تەرەققىيات ھەسسىدارلىق شىركىتىگە — ئەسەدۇللا.



ئىلى قازاق — قىرغىز جەمئىيىتىگە — ئابدۇغېنى.
ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتىغا — ئوسمان زىيام.

بۇلار ئۆز دائىرىلىرىدە يەرلىك تەشكىلات قۇرۇش ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ بېرىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ سانىنى 227 نەپەرگە يەتكۈزگەن. ھەربىر ئىدارە، جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى ئىتتىپاققا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئۆز ئىدارىلىرىدىكى يەرلىك تەشكىلاتلار ئارقىلىق قىزغىنلىق بىلەن ئىتتىپاق سېپىگە كىرىشكە ئىلتىماس قىلغان. شۇ جۈملىدىن غۇلجا شەھىرى ئىچىگە ئورۇنلاشقان ھەربىر ئىدارە، جەمئىيەتلەردە 1948 - يىلى 9 - ئايدىن تارتىپ 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 40 نەچچە ئورۇندا يەرلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ بولغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى ئىتتىپاقنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە چىقارغان مۇراجىئىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى؛ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلللىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك تېز قۇرۇلۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا بىر مەركىزىي كومىتېت، ئۈچ ۋىلايەتلىك كومىتېت، بىر ھەربىي كومىتېت، بىر بىۋاسىتە رايونلۇق تەشكىلات، 29 ناھىيىلىك تەشكىلات، 755 يەرلىك تەشكىلات ۋە 77 مىڭ 394 نەپەردىن ئارتۇق ھەرمىللەت ئەزالىرىغا ئىگە بىر پۈتۈن سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، توغرا سىياسىي لۇشيەن ۋە مىللىي سىياسەت تۈزۈلۈپ، ھەرمىللەت خەلقى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى

ئازاد قىلىشقا ئاكتىپ ماسلىشىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# توققۇزاقتىكى مەرىپەتپەرۋەر زات ھاجىئاخۇن ھاجىم توغرىسىدا

**ئۈچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرېھىم رازى**

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «كۆڭلۈڭنى ئەلگە بەر، كۈچۈڭنى يەرگە»، «دەرەخنى مېۋىسى، ئاتنى گەۋدىسى، ئادەمنى مېھنىتى گۈزەل قىلار» دېگەن ماقال بار. خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات ھاجىئاخۇن ھاجىم پۈتكۈل ئۆمرىدە خەلقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، زېھنىي كۈچىنى ئاۋامغا بېغىشلاپ، خىسلەت ۋە ئەجرى بىلەن توققۇزاق كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى.

ھاجىئاخۇن ھاجىم 1870 - يىلى ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيە (بۇرۇنقى ئىسمى توققۇزاق) سايباغ يېزا چارەك كەنتىدىكى بىر ئىقتىسادلىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئۆز يېزىسىدا دېھقانچىلىق، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە سەئۇدىي ئەرەبىستانىغا ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارغان. ھەج پائالىيەتلىرى ئاياغلاشقاندىن كې

يىن، تۈركىيە، ئىران، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق
دۆلەتلەرگە بېرىپ، بۇ جايلاردا بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالغان.
ئۇ جايلارنىڭ مەدەنىي-
چەت ئەللەردە تۇرغان مەزگىلىدە،
يەت، مائارىپ، تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە
بولغان. 1925 - يىلى چەت ئەللەردىن قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، ئۆز يۇرتىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇغۇچى
تەربىيىلىگەن. بىنەم يەرلەرنى ئېچىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ دېھ-
قانچىلىقنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئاۋامنىڭ
مەنپەئىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، يول-كۆۋرۈك ياساپ، كۆل-
تۇسما كولىتىپ، يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارنىڭ بېشىنى
سىلاپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ئىززەت-
ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1948 - يىلى كۈز پەسلىدە كېسەللىك
سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

1

ئاتۇش ئىكساقتىكى ھۈسەينىيە مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى—
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ
تېزلەتتى. بۇنىڭ تەسىرىدە 1931 - يىلدىن باشلاپ، قەشـ
قەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، كەنتلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن پەنـ
نىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەينى يىللاردا قەشقەر
بويىچە ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابلا ھاجىم، ئابدۇكېرىمخان مەخـ
سۇم، تۇختى ھاجىم، يۇسۇپ زىيائىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
قۇرۇلغان قوغان تازىرىق مەكتەپ، سەمەن كۆكئېرىق ھويـلا
مەكتەپ، قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى نوبېشى مەكتەپ، قىزىل
دۆۋە مەكتەپلەر بىرقەدەر ئاۋۋال كۆزگە تاشلىناتتى. شۇ مەز-
گىللەردە ھاجىئاخۇن ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان



تۇققۇزاق چارەك مەكتەپ — قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان
بەش پەننىي مەكتەپنىڭ بىرى ئىدى. ھاجىئاخۇن ھاجىم
سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى چارەك، ئاقتىچى، تۆۋەندىكى ھويلا،
كۆكبۇلاقتىن ئىبارەت تۆت كەنتنى ئاساس قىلىپ، بۇ يەر-
دىن بىر قىسىم زېمىننى ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىپ، ئۆز خىراجىتى
بىلەن مەكتەپ سالدۇردى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1934 - يىلى
باش ئەتىيازدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 10 - ئاي (كۈز) دە
پۈتتى. بۇ مەكتەپ دەسلەپتە تۆت سىنىپ، ئۈچ ئامبار، ئىككى
ئىشخانا، بىر مونچا ۋە تەنتەربىيە مەيدانىدىن تەركىب
تاپقان؛ سىنىپلىرىغا يەردىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە شال
ياتقۇزۇلۇپ، تاختايلىق سىنىپ قىلىنغان. سىنىپنىڭ تۈرۈسىمۇ
پەنەركە قىلىپ يېپىلغان. قەشقەردە شۇ چاغدا سىر بول-
مىغانلىقى ئۈچۈن، زىغىر يېغى قايىنىتىلىپ، سۈنئىي سىر يا-
ساپ ئىشلىتىلگەن. مەكتەپ دەرۋازىسى سىنىپ ئىشىكى ۋە باشقا
جاۋەن - شىرەلەرنىڭ ھەممىسىنى شەھەردىن چىققان ئۇستا
ھۈنەرۋەنلەر لايىھەلەپ، چىرايلىق قىلىپ ياساپ چىققان. مەك-
تەپ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن بارلىق كېسەك، ياغاچ - تاشلارنىڭ
ھەممىسىنى، تامچى، ياغاچچى ئۇستىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك
تەمىناتىنى ھاجىئاخۇن ھاجىم بەرگەن. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن
كېيىن، يۇقىرىدىكى كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ، تۇنجى نۆۋەتتە
150 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇش باشلاش ئالدىدا
تۇققۇزاق بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى يۇرت كاتتىلىرىنى
تەكلىپ قىلىپ، قوي - كالا ئۆلتۈرۈپ، جامائەتكە نەزىر بې-
رىپ، مەكتەپ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، سىرتقى
جايلاردىن مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ، دەرسنىڭ نورمال داۋام-
لىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئەينى مەزگىلدە، بۇ يېڭى
پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىل كىيىم

تارقىتىدىغان ئادەت بار ئىدى. ھاجىئاخۇن ھاجىم بۇ ئىشنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى باش قاتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا زاۋۇت رەختى ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن، ئۇلار مەھەللىۋى رەختچەكمەندىن كىيىم تىكتۈرۈپ، ئۈچ يىلغىچە بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا بىر يۈرۈشتىن كىيىم تارقىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغۇچىلار كىيىمىنى تىكىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان ئىككى – ئۈچ ماشىنىچى ئۇستام دەم ئالماي داۋاملىق ئىشلەيتتى. ئۇ، قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش، ئوپال قاتارلىق جايلاردىن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ كېلىپ – كېتىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەكتەپنىڭ تۆت تەرىپىدىن يول ئېلىپ، پۈتۈن يېزا – كەنتلەرنى ھەم ناھىيە مەركىزىنى مەكتەپ بىلەن تۇتاشتۇرغان. ئۇ، ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتقاندىن باشقا، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، شەھەردىكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ۋالېيبول، ۋاسكېتبول توپلىرى ۋە تەنتەربىيىگە لازىملىق سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، قەرەللىك ھالدا مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپلەر ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، 1934 – يىلىدىن 1937 – يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە توققۇزاق بويىچە مۇشۇ مەكتەپنى مەركەز قىلغان ئاساستا، ھەرقايسى يۇرت – كەنتلەردە 40 دەك شۆبە مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر پەننىي مائارىپى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغان.

## 2

ئەينى يىللاردىكى چارەك كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە چەكسىز كەتكەن ئوتلاق، بىنەم يەر بار ئىدى. بۇ يەرلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پايدىلىنىلماي تاشلىنىپ قالغانىدى.



«چۆل تومەن» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جايدا يىگەن، قومۇشلار ناھايىتى كۆپ ئۆسسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچكىم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيتتى، پايدىلىنالمايتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھاجىئاخۇن ھاجىم ئالدى بىلەن ئۆزى يۇرتقا باش بولۇپ بىنەم يەر ئاچقان. ئاچقان بىنەم يەرلەرنى ئۆزى ئىگىلىۋالماستىن، كەنتتىكى كەمبەغەل، يېتىم – يوقسۇللارنىڭ ھەرقايسىسىغا مۇۋاپىق بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزى ئالدى بىلەن شال تېرىشنى باشلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ تۈرتكىلىكىدە، 50 يىلدىن بۇيان تاشلىنىپ ياتقان مۇشۇ زېمىنلارغا زىرائەت تېرىلىپ يېشىللىققا ئايلانغان، ئۇ يەر ھازىر مۇشۇ جاينىڭ شال چىقىدىغان ئاساسىي بازىلىرى بولۇپ قالدى. ھاجىئاخۇن ھاجىم ئۆستەڭ ئېلىش، زەيكەش چېپىش، زەي – شور قاچۇرۇش، بىنەم ئېچىپ يەر تېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەردە تەبىئىي ئۈنۈپ چىققان يىگەن، قومۇشلارنىڭ پەرۋىشىنى چىڭ تۇتۇپ، يەر كۆلىمىنى كېڭەيتكەن؛ بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بورا توقۇتقاندىن باشقا، ھەربىر كەمبەغەل ئائىلىنىڭ سېتىپ خىراجەت قىلىشىغا تەقسىملەپ بەرگەن. ئۇ يەنە، بۇ كەنتتىكى ئادەملەرنى تەشكىللەپ، ئېتىلىپ قالغان نۇرغۇن بۇلاق كۆزلىرىنى ئېچىپ، بۇ بىنەمنىڭ سۇ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ زېمىننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر ئېقىن چېپىپ، ئۈچ پاي سوقا چۆرۈپ، كەمبەغەللەرنىڭ شاللىرىنى ھەق ئالماي سوقۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئەسىرلەردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان، ئادەمنىڭ قەدىمى يەتمىگەن بۇ «چۆل تومەن» بارغانسېرى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئاۋات يۇرتقا ئايلانغان. 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەر يېشىل بوستانلىققا، ناھىيىنىڭ بېلىق بېقىش، شال تېرىش، قومۇش ئۆستۈرۈش بازىسىغا ئايلاندى. ھازىر 300 دەك دېھ-

قاڭ ئائىلىسى كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئەسلىدىكى «چۆل تومەن» «گۈلچىمەن» (يېڭى ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى) دېگەن كوچۇم يۇرتقا ئايلاندى.

ھاجىئاخۇن ھاجىم كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەر يىلى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە يۇرت ئىچىدىكى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى يىغىپ، بىرمۇنچە قوي، كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جان سانىغا قاراپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى، ھەرقايسىسىغا ھازىرقى پۇل ھېسابىدا ئىككى يۈەندىن بەش يۈەنگىچە ھېيتلىق تارقىتاتتى. دېھقانچىلىقتىن كەلگەن ئۆشرە - زاكاتلارنىمۇ شۇلار ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. پۇلى يوق، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالمىغانلارنى بىر - بىرىگە نىكاھلاپ، تويلۇق، نەزىر - چىراقلىرىنى ئۆز يېنىدىن قىلىپ، ئۇلارنى ئائىلىلىك قىلىپ قويغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىلكىدىكى دەرەخلەرنى كەستۈرۈپ، تۇردى گاچا، ھەمراخان، قادىر باي قاتارلىق ئون نەچچە ئائىلە كەمبەغەل - يوقسۇلغا ئۆي سالدۇرۇپ بەرگەن. شۇڭا، توقفۇزاقتىكى جامائەتنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

3

قەشقەردىكى قىزىل دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ بېرىش — ھاجىئاخۇن ھاجىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ پايدىلىق ئىشلىرىنىڭ بىرى. تارىختىن بۇيان قىزىل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى يوق بولۇپ، قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. ياز ۋاقتىدا سەل كەلگەندە بۇ قاشتىن - بۇ قاشقىچە ئۈچ - تۆت يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى سەل سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى، شەھەرگە كىرىدىغان ۋە چىقىدىغانلار ئەڭ ئاۋۋال «دەريادا سۇ بارمۇ -



يوق؟ سۇ ئۇلۇغمۇ - ئازمۇ؟» دەپ سوراش ئادەتكە ئايلانغانىدى. دەريادا ھەر يىلى كەلكۈن كەلگەندە سۇ ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ شەھەرگە بېدە، سامان، ئوتۇن - ياغاچ ئېلىپ كىرگەن ھارۋىلىرىنىڭ تۆرغۇنلىرى ئېقىپ كېتەتتى، ئادەملەرنىڭ سەلدە ئېقىپ كېتىپ جېنىدىن ئايرىلىشىمۇ داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. قىشتا مۇزغا دەسسەپ ئۆتكەن پىيادىلەرمۇ تارتقۇچە ئازاب چېكەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشەلمەيدىغان غەيرىي دۇنيا بولۇپ قالغانىدى. ئەينى يىللاردىكى چىرىك، پارىخور ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمىغانلىقتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەنىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھاجىئاخۇن ھاجىم شەخسەن ئۆزى بەل باغلاپ، مەسئۇل دائىرىلەردىن رۇخسەت ئېلىپ، قىزىل دەرياسىغا كۆۋرۈك سالماقچى بولدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كاتتا ئابرويى ۋە پەزىلىتى ئارقىلىق توقفۇزاق، تاشمىلىق، ئوپال، بۆرىختاي (بولاقسۇ)، پاختەكلە قاتارلىق يۇرتلارنى قوزغاپ، يۇرت كاتتىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆۋرۈككە كېتەرلىك بارلىق ياغاچ - تاشلارنى دەريا بويىغا توپلاپ، 1948 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە كۆۋرۈككە ئىش باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن، دەريا بويىدا بىر چېدىر - بارگاھ قۇرۇپ، ئۇنى ئىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قىلدى. ھەربىر يۇرتنىڭ كىشىلىرىگە مۇقىم قونالغۇ ئورنى تەييارلاپ، ۋەزىپىلەرنى بىر - بىرلەپ تەقسىم قىلدى. كۆۋرۈك ياساشتا ھازىرقىدەك زامانىۋى تېخنىكا بولمىغانلىقتىن، شۇ زاماننىڭ ئەھۋالىغا يارىشا، شەھەردىن ئىسلام چوك، مەخسۇت چوك قاتارلىق ئۇستا ياغاچچىلارنى ئاچىقتى. ھازىرقىدەك تۆمۈر، بېتون، سېمونت بولمىغانلىقتىن، بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ

كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈن قىسمىغا ئەڭ ياخشى ياغاچلارنى ئىشلەتتى، ئۇ، پۈتكۈل قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۆيىگە قايتماي، ئەڭ چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك ئىشلارغىچە ھەممىسىگە ئۆزى يول كۆرسەتتى. ئىش باشلانغان كۈندىن تارتىپ «مەن كۆۋرۈك پۈتمىگۈچە ئۆيۈمگە قايتمايمەن» دەپ جاكارلىغانىدى. ئۇ، دىگىنىنى بويىچە ئىش قىلدى، ئايلاپ - ئايلاپ كۆز يۇممىدى، ئالتە ئايغىچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويمىدى. كۆۋرۈك پۈتۈشكە 15 — 20 كۈن قالغاندا ئۇ، قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بەزىلەر ئۇنى «شەھەردىكى كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ داۋالىتايلى» دەپ زورلىغان بولسىمۇ، ئۇ: «مەن بەرگەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمايمەن، مىنىڭ چەككەن رىيازىتىم — پۇقرالار ئۈچۈن، كۆۋرۈك پۈتمەي تۇرۇپ ھېچ يەرگە بارمايمەن، كۆۋرۈكنى پۈتتۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەن رازى» دەپ ئىش ئورنىدىن ھەرگىز ئايرىلمىدى. بۇ، ھەقىقەتەن ھازىرقى ۋاقىتتىكى كوممۇنىستلاردىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئالىيجاناب خىسلەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ مۇشۇنداق قەيسىرانە ئىرادىسى ۋە باشچىلىق قىلىشى بىلەن، يۇرت - يۇرتنىڭ بۇ خالىس ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، كۆۋرۈك ئاخىرى 1948 - يىلى كۈز پەسلىدە رەسمىي پۈتۈپ، قاتناش باشلاندى. بۇ ھەقىقەتەن قەشقەرنىڭ قاتناش، نەقلىيات تارىخىدىكى چوڭ يۈرۈلۈش بولدى. كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن، ھاجىئاخۇن ھاجىم ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ، زىيارەت بېرىپ، كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈپ قاتناش راۋانلاشقانلىق مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، مۇراسىمغا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ كاتتىلىرى، ئاۋام ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنغاندىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى جاۋ شىگۇاڭ، ۋالىي ئۆمەر داموللا، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تۇرسۇن ئېلى قاتارلىق كىشىلەرمۇ قاتـ



ناشتى. ئۇلار بىردەك: قىزىل دەريا كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈپ شەھەر بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسى، تاشقورغان ناھىيىسى ئارىسىدىكى قاتناشنىڭ راۋانلاشقانلىقىنى، ھاجىمنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ماختىغان؛ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا ياخشى كۈچ قوشقان يۇرت ئاقساقاللىرىنى مۇكاپاتلىغان. ئەپسۇسكى، مۇشۇ ئىشلار بولۇپ بەش كۈندىن كېيىن، بۇ خەلقپەرۋەر زات ئالەمدىن ئۆتتى، ھاجىئاخۇن ھاجىم ياساتقۇزغان بۇ كۆۋرۈك تاكى 1965 - يىلى قايتىدىن زامانىغا لايىق قىلىپ ياسالغىچە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ۋەتىنىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، غەربىي چېگرىغا تۈرلۈك تۇرمۇش مۇلازىمىتى ۋە ھەربىي قورال - ياراقلارنى توشۇش، چېگرىنى قوغداش ئىشلىرىدا ھەقىقەتەن پايدىلىق كۆۋرۈك بولدى. بۇنى ئەينى يىللاردىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل دائىرىلىرىمۇ ئېتىراپ قىلدى.

تارىخنى خەلق يارىتىدۇ. ھاجىئاخۇن ھاجىم ئۆزىنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھاياتىدا خەلقنى، ئاۋام - پۇقرالارنى سۆيۈپ، پۇقرالار ئارىسىدا مائارىپ نۇرىنى چاقنىتىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىپ، توققۇزاق خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش چوڭقۇر قانات يېيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ، تۆھپىسىنى قەدىرلەپ، خىسلىتىنى سىڭدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش — ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر.

(ئاپتورلىرى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە كونىشەھەر سايىباغدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# ۋەتەنپەرۋەر زات — زارىپنى ئەسلەيمەن

جۇما قان

ۋەتەنپەرۋەر زات — زارىپ ئەبەتايىۋ، قازاق، 1910 - يىلى شىنجاڭنىڭ جىمۇنەي ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1976 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ھايات ۋاقتىدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى.

1923 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە ئۈرۈمچى موڭغۇل - قازاق مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئاساسەن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن. 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 1936 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تىل - يېزىقلىرىنى بىلەتتى.

ئۇ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، 1936 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى، موري ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، گومىنداڭ «جۇڭشىنىڭ تۈەنى» يېتەكچىلىك قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك باج ئىدارى-



سىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1949 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، رەئىس بۇرھان ئەپەندى ۋە گېنېرال تاۋسىيۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان؛ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، 1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ھاكىمى بولۇپ ئىشلىدى؛ 1957 - يىلى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تۇنجى قازاق مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

مېنىڭ دادام جىققاي ئازادلىقتىن بۇرۇن جىمسار ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ۋە ئازادلىقتىن كېيىنمۇ زارىپ بىلەن كۆپ يىللار بىللە ئىشلىگەنلىكتىن، ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. زارىپ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەپ تۇرغان مەزگىلدە، مەن ئۇنىڭغا كاتىپ، تەرجىمان بولغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بىرقەدەر خەۋىرىم بار. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن. مەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتىن ئىلگىرى يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن ساغىدۇللا، نۇر سېيىت قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارمۇ نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى.

### 1. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇشى

1934 - يىلى شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 200 نەپەردىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا زارىپمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا سەيپىدىن ئەزىزى، قۇسايىن سىيابايىۋ، قالدىقان قاتارلىق يولداشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئا-

سىيا ئىنستىتۇتىدا ئاساسەن، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، سىياسىي ئىقتىساد ساۋاتى، دۇنيا تارىخى قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇغان؛ ستالىن ۋە سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن؛ سوۋېت خەلقىنىڭ ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرىنى چۈشەنگەن. شۇڭا، زارىپنى جۇڭگودىكى قازاق خەلقى ئارىسىدا ماركسىزمنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. زارىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئاممىغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلغان. ھازىرمۇ كۆپلىگەن قازاق مالچىلار ئۇنى ئەسلىگىنىدە: «بىز ماركسىزمنى تۇنجى بولۇپ زارىپتىن ئاڭلىغان» دېيىشىدۇ. ئوقۇش ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ۋە مىللىي ئازادلىقنىڭ داۋلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىپ، ئېزىلىشكە ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى مىللىي ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش ئىدىيىسىنى تىكلىدى.

### 2. شېڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشى

زارىپ ئۈرۈمچىدىكى موڭغۇل - قازاق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1929 - يىلىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي ھەتكەتلەرگە قاتناشقان. 1929 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە ئالتاي قازاق خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زات شارىپقان① رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى كۈرەشكە ۋە ماخۇيىڭ②



نىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يالغان ئىنقىلابچىلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش دېلوسى»نى بىرقانچە قېتىم ياساپ چىقىپ، ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، شارىپقان، بايمۇللار③، ئاقىت قاجى④ قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلغار زاتلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. زارىپنىڭ سەپدىشى بولغان دادام چىقايىنمۇ «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن جىنايىتى بار» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلىغانىدى. دادام 1944 - يىلى 12 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، ماكانىغا قايتتى، پۈتۈن ئائىلىمىز جەم بولدى.

زارىپ مورى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، باركۆل ۋە مورى ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم قازاق خەلقى شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەنسىرەپ، خاتىرجەم بولالماي، شەرق تەرەپكە كۆچۈشكە تەييارلانغانىكەن. زارىپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ: «شېڭ شىسەي قانچە يامان بولسىمۇ ئۇنىڭغىمۇ ھامان پۇقرا كېرەك. خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بولىدىكەنمەن، سىزلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارگە كاپالەتلىك قىلالايمەن، ھەرگىز قالايمىقان قاچمىسىڭلار ....» دەپ ئۇلارنى قايىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، مورى ناھىيىسىدىكى قازاقلار خاتىرجەم بولۇپ، شەرق تەرەپكە كۆچمىگەن.

شېڭ شىسەي 1939 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە يەنە «توپىلاڭ قوزغاش قەستىدە بولغان» دېگەن بەتنام بىلەن مورىدىكى رۇستەم، ساغىدۇللا قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر ئىلغار قازاق زاتلىرىنى قولغا ئېلىشقا تەييارلانغاندا، زارىپ كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە بويسۇنغان بولۇپ، ماھىرلىق

بىلەن ئىشنى ئەپلەپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە: «بۇ كە-شىلەرنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇلاردا قانداق سىياسىي مە-سىلە بولسا، مەن مەسئۇل» دەپ كېپىللىك بېرىپ، مورى نا-ھىيىسىدىكى قازاق كانتىباشلىرى ۋە ئىلغار زاتلارنى بىر قېتىملىق بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالغان.

3. ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشى

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، زارىپ گېزىتخانىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-يۇشمىسى»غا قاتنىشىپ، مورى ناھىيىسىدە ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىنى ئاكتىپ ئېلىپ بار-غان ۋە بۇ توغرىدا پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئويغىتىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاكتىپ ياردەم بەرگەن.

1939 - يىلى مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە «ئاياغ-پايپاق تىكىپ ئارمىيىگە ياردەم بېرىش كومىسسىيىسى» قۇرۇل-غانىدى. بۇ كومىسسىيىنىڭ مۇدىرلىقىغا ھاكىم ليۇ خۇڭزى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا زارىپ تەيىنلەنگەن. كومىسسىيە قۇرۇ-لۇپ ئەتىسى، زارىپ ئاتقا مىنىپ ئىرچى، سەنجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇ-زۇشنىڭ ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيەتلى-رىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ يەنە، كومىسسىيە ئەزالىرىنى باشلاپ ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرگىچە بېرىپ، ئاممىنى ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان.

1941 - يىلى مورى ناھىيىسى ياپونغا قارشى تۇ-رۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر دانە ئايروپىلان ئىئانە قىلغان. ئاندىن ئىئانە توپلاش كومىسسىيىسى قۇرۇلۇپ، ھاكىم سى رېڭ مۇدىرلىققا، زارىپ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەن. ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1000 توياقتىن ئارتۇق



قوي، 100 تۇياقتىن ئارتۇق ئات - كالا، بىر قىسىم نەق پۇل ئىئانە قىلغان. زارىپ مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئىئانە قىلىنغان ماللارنى شەھەرگە ئاپىرىپ، باھالاش كومىس-سىيىسى ئارقىلىق باھالاپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى يۇقىرىغا تاپشۇرغان.

زارىپ يەنە، ھەر بىر تاغ جىلغىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، 1000 تۇياقتىن ئارتۇق ئات سېتىۋېلىپ، مەخسۇس ئادەم ئار-قىلىق تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. كېيىن بۇ ئاتلار ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپتە پەرۋاز قىلىپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا تۆھپە قوشقان.

4. توپىلاڭغا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغدىغانلىقى

1944 - يىلى 9 - ئايدا ئوسمان ئۆزىنىڭ تەسىر دا-ئىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، نۇرغا چاي باشچىلىقىدىكى 800 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرىنى مورى، گۇچۇڭ، جىمىسار قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ، 2000 ئائىلىلىككە يېقىن قازاق چارۋىچىنى ئالتاي تېغى ۋە بەيتىك تېغىغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا، تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئەۋە-تىلگەن ساغدا، قاسەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ مورىدىكى 600 دىن ئارتۇق قازاق چارۋىچىنى بەيتىك تېغىغا كۆچۈشكە قوراللىق مەجبۇرلىغان، بەزى مالچىلار جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمما، بۇ ناھىيىلەردىكى قازاق-لار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ تەگرى تېغىنى چۆرىدەپ ئول-تۇراقلىشىپ، ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان. شۇڭا، شىنجاڭ-دىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى «سەمىمىي - سادىق بۇغدا ئاراقلىرى» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ مەزگىلدە، شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ كەلگەن ۋۇجۇڭشىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە سولانغان بەزى

كىشىلەرنى قويۇپ بەردى. ئۇ يەنە، شەرقىي لىنىيە تەشۋىق ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەن يىجۇڭنى ئەترەت باشلىقلىقىغا، زارىپنى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ تەشۋىق ئەترىتى گۇچۇڭغا بارغاندىن كېيىن، زارىپ يېڭىلا تۈرمىدىن چىققان بارىكۆل ناھىيىسىدىكى ساغبان موللا، مورى ناھىيىسىدىكى خوجا ئەخمەت، زارقىم، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ئىمىن شاڭيۇە، جىمسار ناھىيىسىدىكى جىمقاي قاتارلىق كىشىلەرنى تەشۋىق ئەترىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارنى جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق ناھىيەلەردىكى قازاق خەلقىگە شېڭ شىسەينىڭ يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى، تۈرمىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى، ئۆتكەندە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغان كىشىلەرنى يېڭى ھۆكۈمەت سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى، قايتىپ كەلسىلا يەرلىك ھۆكۈمەت قارشى ئالىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ماكانلىرىغا تېزدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇيۇشتۇرغان. بۇ تەشۋىقات خېلى ئۈنۈم بەرگەن. لېكىن، شۇ يىلى سوغۇق قاتتىق، قار كۆپ ياغقان بولۇپ، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغانلىقتىن، قوتۇبىنىڭ قۇملۇقىغا زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈپ كېتىلگەن قازاق ئاممىسىنىڭ تارتمىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى قالمىغان؛ چارۋا ماللار كۆپلەپ ئۆلۈپ، ئادەملەر ئاچ يالىڭاچلىقتا قالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن. شۇڭا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن بۇ قازاق ئاممىسى ئۆز ماكانلىرىنى سېغىنىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشقان. ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا ئوسمان بىلەن ئالاقىلىشىشقا زارىپ دادام جىمقاينى ئەۋەتكەن (دادامنىڭ ئوسمان بىلەن قەبىلە يېقىنچىلىقى بار ئىدى). ئەمما ئوسمان دادامنى



«شىسەي ئەۋەتكەن ئىشپىيون» دەپ گۇمان قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپ، دادامنى يول ئۈستىدىلا ئۇرغۇزۇپ، باش ـ كۆزىنى قانغا بويىۋەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. لېكىن، كۆپ قېتىم ئالاقىلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان دادامنى قوبۇل قىلغان. دادام ئوسمانغا بۇ چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقاندىن كېيىن، ئوسمان بۇغدا قازاقلىرىنىڭ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىشىگە قوشۇلغان. دادام جىمسار ناھىيىسىدىن كەتكەن 700 ئائىلىكتىن كۆپرەك چارۋىچىنى باشلاپ، ئۆز ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيەلەردىن كەتكەن قازاقلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، زارىپنىڭ قازاق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسكەن. كىشىلەر ئۇنى: «ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ماھىر كىشى» دەپ ماختىغان.

5. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرغانلىقى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، چارۋىچىلىق رايونىمىزدا يېڭىچە مەكتەپ بولمىغاچقا، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. پەقەت ئازساندىكى كىشىلەرلا بالىلىرىنى موللىلارغا بېرىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتاتتى. زارىپ مورى، بارىكۆل ناھىيىلىرىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. 1937 ـ يىلى ئۇ، ئەڭ ئاۋۋال قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ بىردەك قوللىشى ئارقىسىدا، دېھقان ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، دېھقان ـ

چارۋىچىلارغا بالىلارنى مەكتەپكە بېرىپ مەدەنىيەت ئۆگىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. شۇ يىلى دانەنگۇدا بىر ئۆزبېك باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى؛ دانەنگۇنىڭ جىشىڭلىياڭ دېگەن يېرىدىمۇ قازان باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئۈچى قۇرۇلدى؛ بوستان، جاپچۈەن دېگەن يەرلەردە ئىككى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. زارىپ بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالتايدىن موقان دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قازاق سىنىپىنىڭ مۇئەللىملىكىگە تەيىنلىدى؛ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ئارقىلىق گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇقادىردىن بىر نەچچە مۇئەللىمنى سوراپ ئېلىپ، ئىبراھىم، مىجىت دېگەن كىشىلەرنى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتىپى ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ مۇئەللىملىكىگە؛ زەكەرىيەنى دانەنگۇ ئۆزبېك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جامالنى بوستان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. يەنە ئالتايدىن جۇۋانقاننى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، سارسەركە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ھەل قىلدى.

1938 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە زارىپ يەنە، شىپدى، بەش دەرەخ قاتارلىق جايلاردا تۆت قازاق مەكتىپى قۇردى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىگە دوكلات يېزىپ، ئۈرۈمچىدىكى موڭغۇل - قازاق مەكتىپىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم تەربىيىلەش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن كۇرسانتلار ۋە دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى مورى ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ-



نىڭ بۇ تەلىپى تەستىقلىنىپ، ئابلا، يانتاق قاتارلىق 10 نەچچە ئوقۇغۇچى ئارقا - ئارقىدىن مورى ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ كېلىپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سېپىنى كېڭەيتتى.

ھەر بىر ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، زارىپ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ھەر بىر ئائىلىلەرگىچە بېرىپ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. ھەر بىر ئوقۇش مەۋسۇمى جەريانىدا يەنە، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىنى مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ۋە ئوقۇش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ يەنە، ھەپتىدە بىر قېتىم ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ، قازاق سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىن دەرس ئۆتەتتى. دەرسنى ئاددىي ۋە ئوقۇملۇق سۆزلەپ بەرگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولاتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا تازىلىققا رىئايە قىلىش ھەققىدىمۇ تەربىيە بېرىپ تۇرغان.

زارىپ ھەر مىللەت كاتىپباشلىرىغا، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاممىنى ساۋات ئېچىش كۇرسلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، چوڭلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكىتلەپ تۇراتتى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك خەلقىدىن 40% كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىز مورى ناھىيىسىدە يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر، قازاق كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زارىپ ئاچقان چوڭلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئىدى.

## 6. زارىپنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى بۇرۇلۇش

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ

تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، زارىپ ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، خەلق تەرەپكە ئۆتتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. شۇ ۋاقىتتا، ئۇ قۇمۇلدا ئىدى. ئۇنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى قۇمۇل ۋە بارىكۆللەردىكى قازاق ئاممىسى ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغاپ، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بىۋاسىتە قۇترىتىشى بىلەن، قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاس باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇمۇل رايونىنى كوممۇنىستلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى بازا قىلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىشقا ئورۇنۇنغان، يەنە بىر تەرەپتىن، سىرتقا قېچىشقا جىددىي تەييارلىق قىلغانىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىش ھارپىسىدا يەنى 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تۇەنجاڭى ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاپ - تالاپ، شىئەن، لەنجۇلاردىن توشۇپ كېلىنىۋاتقان ئالتۇنلارنىمۇ ھەربىي ماشىنىلار بىلەن بۇلاپ كەتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن يولۋاس ئالدىراپ - تېنەپ بىر ئوچۇم باندىتلارنى باشلاپ سىرتقا قاچقان. ئەمما، زارىپنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، بىرمۇ قازاق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ قاچمىغان. دېمەك، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش، قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

1949 - يىلى كۈزدە، باندىت ئوسمان ئادەملىرىنى



باشلاپ گۇچۇڭدىن بارىكۆلگە بارغان، جانىمقانمۇ ئۈرۈمچىدىن بارىكۆلگە كەلگەن. ئۇلار بارىكۆلگە توپلىشىپ بۇزغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك قىلىشقا تەييارلانغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيە بارىكۆل ناھىيىسىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئوسمان ۋە جانىمقانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، زارىپ ئۇلارغا يول باشلاپ بارغان ۋە ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىگە تەرجىمانلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان ۋە جانىمقانلارمۇ قۇمۇلغا ۋەكىل ئەۋەتكەندە، زارىپ ئۇلارنى ئازادلىق ئارمىيە تۇرغان جايغا باشلاپ بارغان. قوماندان ۋاڭ جېن ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوسمان ۋە جانىمقانلار قورالنى تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشىدىغانلا بولسا، ئازادلىق ئارمىيە ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، ئۇلار يەنىلا جاھىللىق بىلەن تاغقا چىقىپ باندىتلىقنى داۋاملاشتۇرغان ۋە شەرققە قېچىپ، ئاخىر ئۆزىنى ھالاك قىلغان.

1950 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى زارىپنى بارىكۆل ناھىيىسىگە ھاكىملىققا تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىر قىسىم چارۋىچىلار ئالدىنىپ توپىلاڭغا قاتناشقانىكەن. زارىپ ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قېلىپ، قۇمۇل دوختۇرخانىسىدا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىللە چارۋا رايونىغا ئاتلىق بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى كېچە - كۈندۈزلەپ تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەملەندۈرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىتلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بۇ ناھىيىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغان.

1951 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە

ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، زارىپ پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۆيىدە تامغا تارتىقلىق تۇرغان بىردىنبىر خوتەن گىلەمنى، بىر ئېسىل ساماۋارنى باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە، رەپىقىسى ئاقاتاي ئاپپايمۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىسى ۋە بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئىئانە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى پۈتۈن ناھىيە دائىرىسىدە تېز قانات يېيىپ كەتكەن.

## 7. سانجى ئوبلاستىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى

زارىپ سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىزم نىشانىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭدى. ئۇ، 1957 - يىلى سانجى ئوبلاستىغا كەلگەندە، ئوبلاست دائىرىسىدە چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئوبلاستلىق پارتكوم چارۋا رايونىغا خىزمەت دۈيى ئەۋەتىپ، زارىپنى خىزمەت دۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىغا، سانجى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مۇقتىنى مۇئاۋىن دۈيجاڭلىققا، تاڭ يۈكچۈەن، يەن جۈنيىڭ، نۇرادىل، ئومبەتقالى قاتارلىق يولداشلارنى دۈي ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. ئۇلار چارۋا رايونىغا بارغاندىن كېيىن، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، «ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، قولغا كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش» فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئاۋۋال سانجى ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا سىناق ئېلىپ بېرىپ تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئوبلاستنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى؛ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى چاپالىق، چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي ئىشلەش ئارقىلىق، ئەڭ ئاۋۋال سانجى ناھىيىسىنىڭ نۇرجا كەنتىدە تۇنجى چارۋىچىلىق كوپېراتىپىنى قۇردى؛ ئاندىن ناھىيە بويىچە ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىككى مال فېرمىسى، ئالتە چارۋىچىلىق كوپېراتىپى، 27 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاندى. مۇشۇ ئاساستا، باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى مال فېرمىلىرى قۇرۇلدى.

1958 - يىلى تەكرارلىنىش كېلىپ چىقىپ، سوتسىيالىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئايرىم كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. بەزى ئامما ئۇلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئالدىنىپ، كوپېراتىپتىن چېكىنىشكە باشلىدى. بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر چارۋىچىلارنى ئالتايغا كۆچۈپ كېتىشكە قۇتراتتى. ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ قارارى بويىچە، يولداش زارىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ماناس، قۇتۇبى، سانجى، مىچۈەندىن ئىبارەت تۆت غەربىي ناھىيىدىكى چارۋىچىلار ئاممىسى ئارىسىدا ئىشلەشكە مەسئۇل قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەر قىلىش، ئايرىم سىردىشىش، تەشۋىق - تەربىيىنى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى چارۋىچىلارنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چارۋىچىلىققا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجە-

لىرنى قوغداپ قالدى.

يولداش زارىپ ئۇبلاستىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش» فاڭجېنىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇردى؛ ھەر يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇبلاستلىق پارتكوم تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلىدى.

1958 - يىلى ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناستىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە سانجى ئۇبلاستىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. 1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە سانجى ئۇبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بۇ ئىلگىرىلەشلەرنىڭ نەتىجىلىرىدە يولداش زارىپنىڭمۇ تۆھپىسى بار، ئەلۋەتتە. يولداش زارىپ دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇدۇق قېزىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، يەم - خەشەك تېرىش، مال قورۇ - قوتان قۇرۇلۇشى قىلىش، كۆۋرۈك سېلىش، مال يوللىرىنى ياساش، ئوتلاقلارنى كېڭەيتىش، چارۋىچىلىق بازىلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدەك، تۈرلۈك يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ چارۋىچىلىق رايونى ئۈچۈن مال چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى پائال كېڭەيتتى؛ قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سانجى، فۇكاڭ ناھىيىلىرىدە ئىككى ئورۇندا قوي نەسلىنى ياخشىلاش بازىسى يەنى قوشقار پېرمىسى قۇردى. شۇنىڭ



بىلەن، 1965 - يىلى ئۇبلاست بويىچە نەسلى ياخشىلانغان قويلارنىڭ نىسبىتى 60% ئەتراپىغا يەتتى. چارۋا ماللارنىڭ سۈپىتى ئۆسۈپلا قالماي، چارۋىچىلارنىڭ دارامىتىمۇ ئاشتى.

يولداش زارىپ يەنە، باشقا ۋىلايەت، ئۇبلاستلار، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن، ناھىيىلەر بىلەن ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوتلاق ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ، ئوتلاق چېگرالىرىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ، ئۇزاقتىن بېرى ھەل بولماي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپ كەلگەن پايدىسىز ئامىللارنى تۈگەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1963 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئۇبلاستى، سانجى ئۇبلاستى ئوتتۇرىسىدىكى ئارقا تاغنىڭ لۇتۇ دېگەن جىلغىسىدا ئوتلاق تالىشىش سەۋەبى بىلەن چارۋىچىلار ئۇرۇشۇپ، كۆپلىگەن چارۋا ماللار ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئادەملەر يارىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا زور زىيان يەتكەنىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يولداش زارىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئارقا تاغقا بېرىپ، بۇ يايلاق ماجىراسىنى ھەل قىلدى، مەنمۇ شۇ گۇرۇپپا ئىچىدە ئىدىم. بىز ئاشلى گۈڭشېسىدىن ئارقا تاغقا ئاتلىق يۈرۈش قىلدۇق. ئەمدىلا مەنتىباي داۋانىدىن ئۆتۈشىمىزگە ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئارقىدىنلا قېلىن قار ياغدى. ياشانغان ئۇبلاست باشلىقى زارىپ يەنىلا بىزنى يېتەكلەپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە چارچاشتىن قورقماي، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. ئاخىر تاغدىن چۈشۈپ، بىر مالچىنىڭ كىگىز ئۆيىگە يېتىشىۋېلىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق، ئەتىسى ھاۋا ئېچىلىۋىدى، يەنە ئارقا تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. قانچىلىغان سۇ ئۆزەكلىرى، تاغ جىلغىلىرى ۋە داۋانلاردىن ئۆتكەنلىكـ

مىزنى بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ، ئاتلىق يېرىم ئايدەك مېڭىپ، ئاخىر دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىڭگىر داۋىنىغا يېتىپ چىقتۇق. ئۇ يەردە ھاۋا شالاڭ بولۇپ، ھاۋارايى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، بىردەم يامغۇر ياغسا، بىردەم قار ياغىدىكەن. قاتتىق شۇۋىرغان توختىماي ئۇرۇپ تۇرىدىكەن، نەپەس ئېلىش ناھايىتى تەس ئىكەن. ئادەم ئايىغى باسمىغان تاغ چوققىلىرىنى بېسىپ، گىياھ ئۈنمىگەن تاغ يارلىرىنى ئايلىنىپ، ئاندىن لۈتۈ يايلىقىغا يېتىپ باردۇق. ھەقىقەتەن ماڭارغا يول قالمىغانىدى، بىر قەدەم يول بېسىشمۇ ئوڭايغا چۈشمىدى. تاشلاردىن خۇددى مۈز تېيىلغاندەك تېيىلىپ چۈشەتتۇق. مۇشۇنداق يېرىم كۈن تېيىلىپ، ئاندىن نىشانغا يېتىپ باردۇق. بىزنىڭ لۈتۈ جىلغىسىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ يېتىپ كېلىپ بىز بىلەن بىللە قوندى. ياشانغان ئوبلاست باشلىقى بىر پارچە كىگىز بىلەن ئورالغان «قوش» نىڭ ئىچىدە بىر ئايدىن ئارتۇق قونۇپ، جاپالىق دالا تۇرمۇشىنى كەچۈردى. ئۇ، يايلاقلارنى بىۋاسىتە كۆزدىن كۆچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىغا تەربىيە بېرىپ، يايلاق تالاشقان ئىككى تەرەپكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى. كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىر ماجرا ھەل بولۇپ، ئامما ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، لۈتۈنىڭ يايلاق چېگرىسى مۇۋاپىق بەلگىلىنىپ، يايلاقتىن تولۇق پايدىلىنىشقا شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

8. ئۇنتۇلماس شان - شەرەپ

يولداش زارىپ خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا پائال خىزمەت قىلىپ، مەلۇم تەجرىبىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1955 - يىلى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە بېيجىڭگە بېرىپ ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدې



قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى؛ ئاندىن ۋەتەننىڭ بىپايان زېمىنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىكى قەيسەر ئىرادىسىنى كۆردى. بۇ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشلەر ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. بۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس شان - شەرەپ ئىدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، يولداش زارىپ ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسى ۋۇجەنچۈك بىلەن ئوبلاست باشلىقى مامىنلىياڭنىڭ «قارا بەنزىسى» دىكى ئادەم ھېسابلىنىپ، «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلدى. ئۇ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىدە چەكسىز ئازاب چېكىپ، بىر كۆزى تاياق زەربىسىدە كۆرمەس قىلىۋېتىلدى؛ دەھشەتلىك تەن جازاسى تۈپەيلىدىن كېسەل بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1976 - يىلى 9 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى. كىشىلەر ئۇنى قايغۇلۇق كۆڭلى بىلەن ئەسلەپ مۇنۇ شېئىرلارنى يازدى:

(1)

قېرىنداش ئەل ماختىغان زارىپ ئىدىڭ،
خەلقى ئالەم قەدىرلىگەن ئەرباب ئىدىڭ.
شارىپقاندىن كېيىنكى تۆرىلەردە،
ئالتاي ئارا چولپان كەبى مەشئەل ئىدىڭ.

(2)

ئەل كۆكسىدە ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكەن ئىدىڭ،
تورغا چۈشكەن بېلىقتەك نالە قىلدىڭ.

كەلگەندە تەنگە جازا، جانغا ئازار،
زۇلمەتنىڭ قەپەزىدە پىغان قىلدىڭ.

(3)

«ساگو» دا ئوقۇپ كەلگەن ئەرباب ئىدىڭ،
داشۆدىن بۇرۇن چىققان ئالىم ئىدىڭ.
«تۆت ئەبلەخ» ھۆكۈم سۈرگەن شۇ زاماندا،
ياۋۇزلارچە ئازاب ئىچىدە زار يىغلىدىڭ.

(4)

تۆرلەردىن ئېشىپ چۈشكەن يۈكسەك ئىدىڭ،
گۇناھسىز جازالانغان كېپىك ئىدىڭ.
كېيىنكىم «پالۋانلار» دىن مەرد بولغاچقا،
قايغۇدىن ھەسرىتىم ئارتتى مېنىڭ.

(5)

تەپتارتماي ئەڭ ئاۋۋال كۆزۈڭنى ئالدى،
كەينىدىن ئاغزىدىن سۆزۈڭنى ئالدى.
پايلىغان ياۋ ئالماي قويماس دېگەندى،
ئاخىر بېرىپ يەر قوينىغا ئۆزۈڭنى ئالدى.

(6)

قارا تۈنەك باسقاندا يەر - جاھاننى،
ۋەيران بولدي تالاپلارنىڭ ئۆي - ماكانى،



قالدى يېتىم - يېسىرلار زار يىغلىشىپ،
كەڭ دۇنيا سىغدۇرمىدى شۇ زارىڭنى.

(7)

سەن كېتىپ، ئونبەش يىلغا قەدەم قويدى،
قانداقمۇ ئۇنتۇلغايمىز مەرھۇم سېنى.
سېنىڭ قوشقان تۆھپەڭنى ئەسلىگەندە،
خەلقىمىز ياد ئېتىدۇ مەڭگۈ سېنى.

ئىزاھلار:

(1) شارىپقان: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قازاق خەلقىنىڭ كاتتىبېشى ئىدى. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

(2) ماخاۋيىڭ: ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇەنجاڭ ئىدى.

(3) بايمولار: شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئىدى. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

(4) ئاقىت قاجى: جۇڭگودىكى قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئىدى. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدىلىم سادىلى
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# ياخشى تېۋىپ ۋە شۇ تاڭ مەكتىپىنىڭ ئاساسچىسى — دەرۋىش موللام

### ھامۇت ئەخمەت

دەرۋىش موللام 1847 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 - يىلى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ قوشتۈگمەن كەنتىدە 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇ، 7 ياش ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان؛ يىپەك يولىدىكى سودا كاۋانلىرىغا ئەگىشىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىگە بارغاندا، بىر خەنزۇ تېۋىپ بۇ بالىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئېلىپ ماڭغان سودىگەرلەرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ئۆز ئۆيىدە تەربىيىلەشكە ئېلىپ قالغان. بۇ تېۋىپ دەرۋىشنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، شۇ بازاردىكى بىر خەنزۇ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەرگەن، دەرۋىش كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاخشىمى تېۋىپ دادىسى ئۇنىڭغا تىبابەتچىلىك ئىلمىنى، بولۇپمۇ چېچەك سۈيىنى تەييارلاش، كۆپەيتىش ۋە چېچەك ئەملەشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەتكەن، دەرۋىشمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنـ



گەن. 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، 1868 - يىلى ئوقۇمۇشلۇق خەنزۇ دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا بېيجىڭغا بارغان ۋە ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، 1869 - يىلى قاراشەھەر دوتەيى مەھكىمىسىگە خىزمەتكە تەيىنلىنىپ كەلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆز يۇرتىغا بېرىپ ئىشلەش ئارزۇسى بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىشىدا، بۈگۈرگە كەلگەندە بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، بىر مەزگىل كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالغان.

دەرۋىش موللام بۈگۈرگە كەلگەندە، بېشىدا ئۆرۈۋالغان ئۇزۇن بىر تال چېچى، پۆپۈكلۈك قىزىل قالپىقى، ئۇچىسىدا چوڭ گۈللۈك جىگەررەڭ تون، پۇتىدا لاتا خەي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈر خەلقى كۆرۈپ باقمىغان بۇ غەلىتە يېڭىلىققا ھەيران بولۇشۇپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان جايغا ئۇنى كۆرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. دەرۋىش موللام خۇش چىراي ئادەم بولغاچقا، خەلق بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتكەن.

### چېچەك ئەملەش كەسپىنى يولغا قويۇش

شۇ مەزگىللەردە بۈگۈردە دوختۇر ياكى تېۋىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چېچەك چىققان بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، بىھۇدە ئۆلۈپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دەرۋىش ناسىر مۇشۇ يەردە مىللىي تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلگەن.

دەرۋىش موللام 1869 — 1870 - يىللىرى خەنزۇ دادىسىدىن ئۆگەنگەن چېچەك سۈيى تەييارلاش، كۆپەيتىش ۋە چېچەك ئەملەش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ ئەملىي تەجـ

رىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بالىلارغا چېچەك ئەملىگەن. ئۇ، بۇ كەسپى بىلەن خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، نۇرغۇن بالىلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قولۇم - قوشنىلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار كېيىنكى يىللىرىدىن باشلاپ دەرۋىش موللامنى ئىزدەپ كېلىپ، بالىلىرىغا چېچەك ئەملىتىدىغان بولغان. بۇ ئىش كېيىنچە ئومۇملىشىپ، دەرۋىش موللام «ئۇستا دوختۇر» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ئىش يامۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇلار دەرۋىش موللام بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، «كاتتا تۆكچىنى ئۇقماي يۈرۈپتۇق» دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئۇنى يامۇلغا تۆكچى (تەرجىمان) لىققا ئورۇنلاشتۇرغان. دەرۋىش موللام بۇ ۋەزىپىسى 20 نەچچە يىل ئۆتكەن، لېكىن خەلقنىڭ قايغۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە كىچىك بالىلارغا چېچەك ئەملەشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئارىسىدا ھەممە تونۇيدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان مەشھۇر زاتقا ئايلانغان. ئەمەلدارلار بۇ ئادەمنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيىنىڭ يىلدىن يىلغا ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى بەگلەرنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغان «توپبېگى» قىلىپ تەيىنلىگەن. لېكىن دەرۋىش موللام ئەمەل تۇتسام، زالىملىق قىلىپ سېلىپ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىمەن دەپ ئويلاپ، بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، «دەرۋىش موللام توپبېگى بوپتۇ» دېگەن گەپ سۆزلەر خەلق ئارىسىدا تارىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈر خەلقى ئۇنى «دەرۋىش توپبېگى» دەپ ئاتاپ كەلگەن.



## مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىش

دەرۋىش موللام گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى (مىلادى 1908 - يىلى) ناھىيە ئامبىلى جاڭ جىچىڭنىڭ قوللىشى بىلەن، يامۇل ئىچىدە بىر سىنىپ «شۆتاڭ» (خەنزۇچە مەكتەپ) ئېچىپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بالىلىرىدىن 20 نەچچىنى ئوقۇتقان. 1910 - يىلىغا كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ 40 ئەتراپىغا يەتكەنلىكتىن، يامۇل ئىچىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە پاتماي، خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارامگاھى بولغان «گۈەندەن» دېگەن جايغا (ھازىرقى ناھىيىلىك يېمەك - ئىچمەكلەر شىركىتىنىڭ ئورنىغا) يۆتكەلگەن ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئىككى سىنىپ قىلىپ ئايرىپ، جۇكەيلى ئىسىملىك بىر خەنزۇ كىشى بىلەن بىللە ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئوقۇتۇش دەرسلىكىدە، دەرۋىش موللام ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن خەنزۇچە دەرسلىكلەر بىلەن ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بالىلىرىغا خەنزۇچە خەتلەرنى، ھۆججەت ۋە سالام خەت يېزىشنى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتكەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى ۋە ئۇيغۇرچە خەت يېزىشنىمۇ ئۆگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، «دەرۋىش موللام» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن تۈرلۈك ئالۋان - سېلىقلار ئېلىنمايتتى. ئوقۇغۇچىلار بولسا، مەكتەپ ئىچى ياكى يېقىن ئەتراپتىن ئورۇن تېپىپ قونۇپ ئوقۇيتتى. كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى قاتناش قورالى بولمىغاچقا، تاماق ۋە ياتاق راسخوتىنى تۆلىيەلمىگەچكە، شۆتاڭدا ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ئىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپتە بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىلا ئوقۇيالايتتى. ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بەزىلىرى ئىدارىلەرنىڭ خىزمىتىگە

ئۇرۇنلىشاتتى، بەزىلىرى كېيىنكى شۆتاڭلارغا ئوقۇتقۇچى بولاتتى، بەزىلىرى ۋىلايەت ياكى ئۆلكىلەردىكى يۇقىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇيتتى.

شۆتاڭ ئوقۇتۇشى مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) غىچە داۋاملىشىپ، دەرۋىش موللام باشتىن - ئاخىر مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بۈگۈرنىڭ يېڭىسار، چۇمپاق، چېدىر، ئەشمە يېزىلىرىدا ئېچىلغان شۆتاڭ سىنىپلىرىغا دەرۋىش موللام يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم بولغان. 1932 - ۋە 1933 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا جۈملىدىن بۈگۈردە ئىچكى مالىمانچىلىق بولغانلىقتىن، شۆتاڭ ئوقۇتۇشى توختاپ قىلغان.

1934 - يىلى كۇچالىق ئىبراھىم ھاجى بۈگۈر ناھىيىسىگە شەنجاڭ بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۈگۈرنىڭ بازار ئىچى ۋە يېڭىسار، چۇمپاق، چېدىر، ئەشمە يېزىلىرىدا قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەر ئەينى ۋاقىتتىكى شۆتاڭلار ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان، تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، دەرۋىش موللام — بۈگۈر ناھىيىسىدە تۇنجى مائارىپ ئاساسىنى ياراتقۇچى ئەرباب.

دەرۋىش موللام 1937 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېرەم، موللەك، دانىش، يەھيا ئىسىملىك تۆت ئوغلى ۋە ئايشەم، گەرىخان ئىسىملىك ئىككى قىزىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر ئۇنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىدىن 186 سى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قارىباغ يېزىسىنىڭ قوشتۈگمەن كەنتى ۋە ئاقساراي يېزىسىنىڭ ئۆتەڭ كەنتىدە، بەزىلىرى بۈگۈر، ئۈرۈمچىلەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلماقتا.

(ئاپتورى: بۈگۈر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئى. ئەسقەر

جۈرئەت ئابلىمىت



# ماجۇڭيىڭنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشى

ماجۇڭيىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم ھەربىي شەخس. ئۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە «گاسىلىڭ» (شا كىچىك قوماندان) دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان؛ 1928 - يىلى يەتتە نەپەر ئادىمى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە ئون مىڭلىغان خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، خېجۇ (ھازىرقى لىڭشيا شەھىرى) نى ئۈچ نۆۋەت مۇھاسىرىگە ئالغان، نىڭشياغا ئىككى نۆۋەت ھۇجۇم قوزغىغان؛ ئاندىن قوشۇنىنى تېز كۆپەيتىپ، نىڭشيانىڭ مەركىزى يىڭچۇەن شەھىرى ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپلىگەن ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلغان. ئۇ، 1931 - ۋە 1933 - يىللىرى شىنجاڭغا ئىككى نۆۋەت ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيلەر بىلەن زېمىن تالاشقان؛ 1934 - يىلى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا چەت ئەل كۈچلىرىنى كىرگۈزۈپ، ماجۇڭيىڭنى ئىسكەنجىگە ئالغان. بۇ ئەھ-

ۋالدا، ماجۇڭيىڭ باشقا چىقىش يولى تاپالماي، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر بار. قانداقلا بولمىسۇن، ماجۇڭيىڭنىڭ ھاياتى بالدۇرلا ئاياغلاشقان ھايات. ماجۇڭيىڭ ئۆزىگە خاس روشەن سىياسىي پروگراممىسى يوق، يېتەكلىگەن قوشۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر ھەربىي شەخس ئىدى.

ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كۇچاغا كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن؛ ئاۋۋال ماشىمىڭ، مافۇيۈەن، ما لىيۇسەن ۋە شيەن فۇخەيلەر قوماندانلىقىدىكى تۆت لوي قوشۇنىنى قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قەشقەردىكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى تارمار قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭ ماۋلۇڭنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە قۇرۇلغان يەنە بىر يەرلىك ھاكىمىيەتنى تارمار قىلدى. ئۇ، قەشقەردە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، مارالبېشىغا بېرىپ، قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇنى تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەمدىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىي 8 لويغا بۆلۈنەتتى، ھەربىر لويدە 1300 ئەسكەر بار ئىدى؛ يەنە ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق زەمبىرەكچىلەر يىڭى، گۇگۇبىڭ (ساپيورلار) يىڭى، پەۋقۇلئاددە خادىملار يىڭى، خەۋەرلىشىش يىڭى قاتارلىقلار بار ئىدى؛ ھەربىي مۇلازىمەت ۋە قورال - ياراقلىرى تولۇق ئىدى.

ماجۇڭيىڭ قەشقەردىكى چېغىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز ناھىيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنى



شېڭ شىسەي بىلەن بىللە باشقۇرىدىغان بولدى. شۇ مەزگىلدە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلىمۇ ماجۇڭيىڭنى ئەنگلىيىگە مايىل قىلىشقا بىر نەچچە قېتىم ئورۇنغانىدى. بۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋالدا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر نەچچە ئىلغار پىكىرلىك زاتلار (ئەمەلىيەتتە كومپارتىيە ئەزالىرى) نىڭ تەسىرى بىلەن، ماجۇڭيىڭ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز قوشۇنىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاخىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇش قارارىغا كەلدى؛ ئاندىن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسى بارلىقىنى سوۋېت كونسۇلىغا ئېيتتى. سوۋېت كونسۇلى بۇ ئەھۋالنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1934-يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماجۇڭيىڭ زور قوشۇنى بىلەن خوشلىشىپ، سەي شۈسۈن قاتارلىق 280 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېلىپ، ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا كىردى. ئۇلار چېگرىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي دائىرىلىرى ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئەنجان ئارقىلىق پويىز بىلەن موسكۋاغا ئەۋەتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ماجۇڭيىڭنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىغا بىر نەپەر چېگرا مۇداپىئە باشلىقىنى مەسئۇل قىلدى. ماجۇڭيىڭلار موسكۋادىن 7 — 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇلار شۇ جايدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملار قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ھاۋا ئارمىيە مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى؛ ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆزىگە مىرنوۋ ئىسىملىك بىرەيلەن مەسلىھەتچى بولدى ۋە يەنە تۆت نەپەر ھەربىي ئوقۇتقۇچى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، رۇس تىلى دەرسلىكلىرىنى ئۆگەتتى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى ئۇنى ئومۇميۈزلۈك «گېنېرال» دەپ ئاتاشقان.

ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى 36 - دىۋىزىيە دەپ ئاتىلاتتى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدىن كېتەر چاغدا، بۇ قوشۇنغا ھەدىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەننى مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ قويغانىدى. ماخۇسەن 1934 - يىلى قىشتا ھەربىي لاۋازىمات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ مېڭجيۇنى سۇجېمىن، جاۋ فۇچيڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيىدىكى ئەلچىخانىسىدىن پاسپورت ئالغاندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ، ماجۇڭيىڭغا 36 - دىۋىزىيىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ماخۇسەن يەنە ماسىڭگۇي باشلىق بىر نەچچەيلەننى قەشقەر ئارقىلىق موسكۋاغا ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. يېرىم يىلدىن كېيىن، ماسىڭگۇيلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك مۇداپىئە قوراللىرىنى ئېلىپ دۆلەتكە قايتىپ كەلدى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي خىزمەت خادىملىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو فىلىمى، پاتېفون ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆز قوشۇنىغا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

مەن بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ھاياتتىمۇ ۋە ماماتتىمۇ بىللە بولغان مۇھتەرەم قوراللىق بۇرادەرلىرىم! سىلەر جاپا چەكتىڭلار. جامائەتتىن ئايرىلغاندىن بېرى، كۆپچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. سىلەرنى قاتتىق ياد ئېتىمەن. ۋەھالەنكى، مېنىڭ ئىشىم ھازىر مۇرەككەپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەسئۇلىيەت ئىنتايىن ئېغىر. شۇڭا، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشۈم ئاسان ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدىم، دىققەتتە بولۇڭلار.



1. مەن قەشقەردىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ھەر ۋاقىت - ھەر چاغ 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن كۆرەشمەكتىمەن. ھازىر 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئۆزىگە تەئەللۇق زېمىنىگىمۇ - خوتەن رايونىغا ئىگە. ئەمدى نۇرلۇق ۋە ئادىل سىياسىي يولغا، ئىنسانىي ۋە پارلاق بەختىيار ھاياتقا قەدەم تاشلىدى. بۇ، مېنىڭ ئۆمرۈم بويىچە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە قۇربانلار بېرىپ كۆرەش قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى.

2. ئەمدى مەن غەربىي شىمال خەلقىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئەزىمەتلىرىنى نۇرلۇق داغدام يولغا باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمەن. ئۇزاققا قالماي، 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە سىزلەر جايلاشقان زېمىندىكى قەدىرلىك خەلقىمىز كونا جەمئىيەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن، كونا كۈچلەرنىڭ ئېزىشىدىن جەزمەن قۇتۇلۇپ، ئىنسانىي بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. يولداشلار، بۇ - خىيالىي تەسەۋۋۇر ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت. 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى خەلقتىن يۈز ئۆرۈش يولىغا ماڭماي، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كونا جەمئىيەت، كونا كۈچلەر تىرىپىرەن قىلىۋېتىلىدۇ، بۇنى تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە بىلدۈرىدۇ. يولداشلار، سىزلەر - بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزنى چۈشەنگەن گۇۋاھچىلار. مەن بۇرۇن رېئاكسىئون يولدا ماڭدىممۇ - يوق؟ بۇنداق ئىش بولمىغان. بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن بىر مىسال كۆرسىتەي، كۆپچىلىك ئەسلەپ بېقىڭلار.

3. مەن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەردىكى مەزلۇم خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ناھايىتى زالىم مىلىتارىستلار بىلەن بىر نەچچە يىل ئېلىشتىم. ئۇلار بىزنىڭ ترانسپورت ئەترىتىمىز ئىدى. مەن خەلققە خائىنلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلغانمۇ؟

تەبىئىيكى، بۇنداق ئىشمۇ بولمىغان. بۇنى كۆپچىلىك تەپسىلىي بىلىدۇ، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن...

4. يولداشلار، دىققەتتە بولۇڭلار! سىزلەر بىزنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق ئېلان قىلغان جاكارنامىمىزنى يوققا چىقارماڭلار، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە، سىرتتىن كەلگەن بالايىئاپەت كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچى بارغانسېرى يامانلىشىۋاتىدۇ، ۋەتەن ساتقۇچىلار ۋەتەننى نومۇسسىزلىق بىلەن ساتتى، چىل بۆرىدەك يىرتقۇچ ياپون جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىنى قىلچە پەرۋا قىلماي بېسىۋالماقتا. ئۇلار شەرقىي شىمالنى ئاچكۆزلەرچە يۇتۇپ كەتتى، ئەمدى يەنە شىمالىي جۇڭگوغا كۆز تىكمەكتە. شىمالىي جۇڭگو ھازىر ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش تەييارلىقىدا بولۇشىمىز لازىم، چۈشكۈنلۈك بىزنى مۇنقەرز قىلىدۇ. يولداشلار، مەن مۇۋەققەت سىجاڭ ما خۇسەنگە بۇيرۇق چۈشۈردۈم، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىڭلار. مەن ئۇزاققا قالماي قايتىپ بېرىپ، سىلەرنى نۇرلۇق داغدام يولغا يېتەكلەپ ماڭىمەن.

ما جۇڭيىڭنىڭ سۆزى ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى شۇ ۋاقىتتا 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىگە زور ئىلھام بولغان.

1935 - يىلى يازدا ما شىگۈي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتەنگە قايتىپ بېرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ما خۇسەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چاقىرغانلىق بۇيرۇقىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا، ما خۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قايسىغا مايىل بولۇش ئۈستىدە تېڭىرقاپ تۇرغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشقا ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ۋۇ يىڭچى، گې چيۇن ۋە لى شاڭيىڭلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن



خوتەنگە قايتىپ بېرىپ، بۇيرۇققا بىنائەن، ما خۇسەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ما خۇسەن ھەرقايسى لۈيلەرنىڭ لۈيجاڭلىرىنى لوپ ناھىيىسىگە چاقىرتىپ، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە كېڭەشىدۇ. ئاخىر ئۇ، ئۆزىنىڭ يەنىلا مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقى بولۇپ قېلىشىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماسلىقنى قارار قىلىپ، ما يەنلياڭ، لا شۇلى، ما شىجى ۋە ياڭ فۇشىن قاتارلىق لۈيجاڭ ۋە تۇەنجاڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىدۇ. 1935 - يىلى 8 - ئايدا، قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ما يەنلياڭ قاتارلىقلارنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئەنجانغا يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئەنجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا ماڭىدۇ. ئۇلار ئەنجانغا بارغاندا، ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىزىنوۋ ۋە سەنمۇسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار موسكۋاغا بارغاندا، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ، زىياپەت ئالدىدا: «بۇ ئىشقا جاھانگىر دۆلەتلەر نارازى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار «غەرىزىڭلار نېمە؟» دەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ما جۇڭيىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان بىر ياش، پۈرەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈل. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى ناھايىتى ئوبدان بىر باغدا يېتىشتۈرۈشكە ئەپكەلدۇق» دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ نۆۋەت بارغان ئوفىتسېرلار ئاۋۋال زاۋۇت، مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئاندىن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ نېمىسچە، فرانسۇزچە، رۇسچە، ياپونچە تىللارنى ئۆگىنىۋاتقانىكەن.

1935 - يىلى قىشتا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى خېشى كارىدورىغا يېتىپ كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرنەچچە نەپەر مۇتەخەسسىس چىقىرىپ، ما جۇڭيىڭ

بىلەن تۈۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان:

1) جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنىڭ يەر شەكلى.
2) گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالدىكى ھەربىي كۈچى.
3) قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى مەسىلىسى.

1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ما يەنلياڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرغۇزغان ئۇيغۇر دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇدنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭدەك، ما يەنلياڭ، لاشۇلى، ماشىجى، ياڭ فۇشىلەرنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ، 36 - دىۋىزىيىنى ئوبدان رەتكە سېلىشىنى، ئاندىن شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ مەھمۇد سىجاڭنى يوقىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇلارغا كېرەكلىك قورال - ياراقلارنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئېلىپ تەمىنلىمەكچى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە، خوتەندە بىر يىڭ ياكى بىر تۈەن ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. ما جۇڭيىڭ بۇ تەشەببۇسقا قوشۇلغان. ما يەنلياڭ قاتارلىق تۆتەيلەن دۆلەتكە قايتىدىغان چاغدا، ما جۇڭيىڭ ۋوگزالغا ئۆزى چىقىپ ئۇزىتىپ قويغان ۋە ماشىجى، ياڭ فۇشىلەرگە شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن ئوبدان كېڭىشىپ، ئاندىن موسكۋاغا كېلىپ ئۆزىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشنى تاپىلىغان. ئەڭ ئاخىردا، كۆپچىلىككە قاراپ: «قايتىپ بارغىنىڭلاردىن كېيىن، بەلگىلەنگەن پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، دائىرىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ»، دېگەن.



1937 - يىلى 7 - ئايدا، ما يەنلياڭ قاتارلىق تۆتەيلەن قەشقەرگە كەلگەندە، ما خۇسەننىڭ مەھمۇد سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ يېڭى يوليورۇقىغا پىسەنت قىلمايدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا ئەمدى ئادەم ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. ما خۇسەن شېڭ شىسەي بىلەن قايتا - قايتا ئېلىشقاندا، ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭغا نەچچە نۆۋەت تېلېگرامما ئەۋەتىپ توسۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، ما خۇسەن يەنە بىر خەلقئارا يولنى مېڭىپ، ھەربىي لاۋازىمات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما جۇڭنى ھىندىستانغا قوي يۇڭى ۋە توقۇلما بۇيۇملار چىقىرىپ تاشقى سودا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇ، خوتەنگە ئادەم ئەۋەتىپ خوتەن خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئايلىق مائاشىغا خىيانەت قىلىپ، ئاندىن سەنمۇجاڭى بەي زىلىنى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بۇلاپ، ھىندىستانغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، 36 - دىۋىزىيە تەلتۆكۈس بەربات بولدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر بار، لېكىن، نەق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم چىقمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئايروپىلان ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ھادىسىگە ئۇچراپ قازا بولغان. يەنە بەزىلەر «ئىسپانىيە ئۇرۇشىغا پىدائىيلىق بىلەن قاتنىشىپ قازا تاپقان» دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان» دېيىشىدۇ. ما يەنلياڭ 1938 - يىلى ئۆكتەبىردە يەنئەندە ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا: «ما جۇڭيىڭ ھازىرمۇ سوۋېت

ئىتتىپاقىدا، سىلەر گېپىنىڭچە يۈز كۆرۈشۈپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دېگەن.
(«گەنسۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 ـ سانىدىن)

تەييارلىغۇچى: ئەركىن ھوشۇر.
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى.



# چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

## چىن پېيشىڭ

### يېڭى خىزمەت ئورنى

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپى ۋە ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سىرتقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىپ ئاخبارات ئېلىش بولۇپ، ئاساسىي خىزمەت ئوبيېكتى شەرق تەرەپتە، قوشنا ئۆلكىدىكى مىلىتارىست ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى قوشۇنى؛ جەنۇب تەرەپتە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شىنجاڭغا يېقىن جايلاردا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ناھايىتى يۇقىرى مەخپىيەتلىككە ئىگە بولغاچقا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەككىز چوڭ باشقارمى-

سى قاتاردا بولماي، شىڭ شىسەيىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا گېنېرال مايور دەرىجىلىك بىر مەسلىھەتچى ۋە پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئۈچ ئاخبارات جاۋگۇەنى ئەۋەتكەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيىلىك يەنە بىر سىمسىز تېلېگىراف مۇتەخەسسىسمۇ بار ئىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا كېرەكلىك تېلېگىراف سايمانلىرى ۋە قاتناشقا كېرەكلىك چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن بولغاچقا، ئۆلكە سىرتىدىكى ھەربىي ئاخبارات كەسپىي تېز بەرپا بولۇشقا ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەر قايسى باشقارمىلىرىغا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم نازارەت، ئىدارىلىرىگە ۋە ئارمىيە تۈرلىرىگىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە جياۋگۇەنلىرى تەكلىپ قىلىنغان. بۇ، شىڭ شىسەيىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرىكەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كىرىپ سالغان پاراكەندىچىلىكىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالغانىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلارنى شىڭ شىسەي ئۆزى بىۋاستە تاللاپ ئەۋەتكەن. مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا بارغاندىن كېيىن، مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بولغىنى شىڭ شىسەي بىرىنچى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋۇزۇجۇنى چۈشىنىش بولدى. مەن بۇ كىشىنى شىنجاڭدىكى كونا ھەربىيلەر ئىچىدىن شىڭ شىسەيىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن گېنېرال بولۇشى چوقۇم. بولمىسا، ئۇ قانداق قىلىپ قوغداش تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىقىدەك مۇھىم ۋەزىپىگە ئېرىشىپ، شىڭ شىسەيىنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى گۇماشتىسى بولۇپ قالالايدۇ؟ دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. شۇڭا، قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن دوستانە ئۆتۈپ، بىردەك



ھەمكارلىشىپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرالايمىز؟ دېگەن مەسىلە مەن دائىم ئويلايدىغان ئاساسىي تېما بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، بۇنى قىلغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا كۆڭلۈمدە ئىشەنچ يوق ئىدى. مەن بۇ كىشىنىڭمۇ شىڭ شىسەيگە ئوخشاش سوغۇق ۋە رەھىمسىز بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقاتتىم. ئەگەر شۇنداق بولسا، ناھايىتى قىيىن بولاتتى!

بىراق، مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرگىنىمدە، بۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى پۈتۈنلەي مەن پەرەز قىلغاندەك كىشى ئەمەس. بەلكى ئەمەلىي 20 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر ياش بولۇپ چىقتى. ئۇ، مېنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن ئىككىنچى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ، مېنى كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى ھەم كەمتەرلىك بىلەن: مەن ھەربىي ئاخبارات كەسپىنى پەقەت بىلمەيمەن، كۆپرەك يېتەكچىلىك قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ، جىلىن ئۆلكىسىدىن كەلگەن ياش ئوقۇغۇچى بولۇپ، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونغا قارشى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا قاتناشقان؛ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قوشۇن بىلەن بىللە سوۋېت چېگرىسىغا چېكىنىپ، سوۋېت ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇنىڭ بايانى ماڭا مۇنداق تەسىرات بەردى: ئۇ، سىياسىي جەھەتتە ياپونغا قارشى تۇرىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوستانە قارايدىغان؛ ئىستىل جەھەتتە كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان، كونا ئەمەلدارلىق كىبىرى يوق كىشى ئىكەن.

ئۇ، ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇر-

دى. ئۇ، ماڭا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا شېڭ شىسەي تاللاپ ئەۋەتكەن كادىرلار 50 چە كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 2 - قارارىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن تاللانغانلىقىنى؛ يەنە شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىدىن، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى يەرلىك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى ياش ئىكەنلىكىنى؛ كونا ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلـغانلارنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇ ۋاقىتتىلا مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ يېڭى تەشكىل قىلىنغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ياشلار ئىنتىلىشچان، جۇشقۇن، كەسىپچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، باشقا ئورۇنلاردىكى خادىملاردەك مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. شېڭ شىـسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ئىككى يىلدىن بۇيان ھەرـبىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خادىملىرىنى تازىلاپ، بىر قىسىم كونا بيۇروكراتلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنى شاللاپ چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئارىلاشمىسى يەنىلا بار بولۇپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدەك ساپلاشقان يېڭى ئورۇنلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

مەن باشقا بۆلۈم ۋە ئىشخانىلاردىكى مەسئۇل كادىرلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، كۆڭلۈم تېخىمۇ شادلاندى. مەن چىرىكلەشكەن بيۇروكراتلار يامۇلىغا ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەيدىغان يېڭى كوللېكتىپقا كىرگەن ئىكەنمەن. شۇ ۋاقىتـتىلا مەن ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ ئەسكەر تولۇقلاش ئۈچۈنمۇ، ئەمەل تۇتۇپ مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈنـمۇ كەلمىگەنلىكىمنى، بەلكى جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن بىر ئىنقىلابىي قوشۇنغا كىرگەنلىكىمنى بىلـدىم. بۇ ئورۇندا كومپارتىيە تەشكىلاتى بولمىغىنى بىلەن، كومپارتىيە ئەزالىرى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي



بۇ يولداشلارنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشىگىمۇ يول قويانتى.

مەن خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن كەيپىياتىم بەكمۇ جۇشقۇن بولدى. ۋۇزوجۇنىڭ سادىق ۋە كەمتەرلىكى، باشقا كادىرلارنىڭ تىرىشچان ۋە قىزغىنلىقى مېنى ھۆكۈمەت يامۇـلىغا كىرىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

يولداش لۇسى (مېنىڭ ئايالىم) چېگرا ئىشلىرى باشقارـمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا خىزمەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئىستانسىنىڭ باش مەسئۇلى بىلەن كونا قەدىناسلارـدەك بولۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ مەسئۇل كىشى گېرمانىيىنىڭ سىمسىز تېلېگراف تېخنىكىسى بولۇپ، شاڭخەيدە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدىكى كونا سەپداش ئىدى، قايتا ئۇچرىـشىش ھەر ئىككىمىزدە «باشقا يۇرتتا كونا تونۇش بىلەن قايتا ئۇچرىشىش» ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى. ئىستانسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن ياشلار ئىدى. ۋۇزوجۇنىڭ ئايالى جۇش يۈچۈنمۇ مۇشۇ ئىستانسىدا ئىشلەيتتى، لۇشى جۇش يۈچۈن بىلەن تېزلا دوستلۇق ئورناتتى. بىز ئىككى جۈپ ئەر - ئايالنىڭ دوستلۇقى شەخسىي مۇناسىۋەت ئۈستىگە ئەمەس، ئورتاق خىزمەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. شۇڭا، بىز بىر - بىرىمىزنى مېھمانغا چاقىرمايتتۇق، ئۆيلەرگە بېرىپ يوقلاشمايتتۇق؛ شېڭ شىسەينىڭ بىز ئەر - ئاياللاردىن «كادىرلىرىمىزنى يېنىغا تارتىۋاتىدۇ» دەپ گۇمانلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارلىق ئۇچرىشىشلىرىمىز پەقەت ئىشخانىدىلا بولاتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ھېسسىيات پەيدا قىلىپ قويساق، مۇشۇ كادىرلارغا ۋە بىز ئەر - ئايالغا پايدىسىز ئىدى.

بىز ئەر - ئايال يەنە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلار ئالدىدا شىڭ شىسەي ۋە ئۇ تەشەببۇس قىلغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» توغرىسىدا ھەر قانداق گۇمان ۋە نارازىلىق پىكىردە بولماي، ئامالنىڭ بارىچە مۇشۇ كادىرلار-نىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىشنى مەسلىھەتلەشتۇق.

مەن ۋۇزوجۇن بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە، كادىرلارنى كەسپىي بىلىم بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىللە، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشنى مەسلىھەتلەشتىم. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى دۈشمەن رايونىغا بېرىپ مەخپىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئەگەر سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلمىسە، ئۇلار دۈش-مەننىڭ ئاق تېررورلۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. مۇستەھكەم ئىنقىلابىي ئىدىيە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلاردا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرت ئىدى. مېنىڭ بۇ تەك-لىپلىرىمگە ۋۇزوجۇن پۈتۈنلەي قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز كادىرلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ شىڭ شىسەيىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىدۇق.

مەن ۋۇزوجۇن بىلەن بىللە ئىشلىگەندىن كېيىن، مېنىڭ بارلىق تەكلىپلىرىمنى ئۇ چىن كۆڭلى بىلەن قوللىدى. ئۇنىڭدا ئاغزىدا بىر خىل، كۆڭلىدە بىر خىل بولىدىغان ئەمەل-دارلىق «تۈزۈت» يوق ئىدى؛ بەلكى نۇرغۇن ياشلاردا بولىدى-غان نازاكەت بار ئىدى. بۇ ئېھتىمال، مېنىڭ موسكۋادىن كەلگەنلىكىم، يېشىمنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ بولغانلىقى، مې-نى چوڭ كۆرگەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇ مېنى ھۆرمەت قىلاتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، مېنىڭ ئۆزۈم-نىڭكىنى راست دەيدىغان كونا كېسىلىم باش كۆتۈرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ، ئېغىر ئېلىپ باقمىدى. شۇڭا، بىز بىللە تۇرغان



كۈنلەردە، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىدى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ھەقىقىي دوستانە ئۆتۈشمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب ئۇنىڭدا ئىدى. چۈنكى ئۇ مېنى ئىنقىلابچى دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا، مۇشۇنداق ئۆز ئارا ئىشىنىدىغان مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. ئەگەر كونا ھۆكۈمەت يامۇلىدا بولغان بولسا، بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن ۋۇزوجۇن بىلەن بىللە تۈزگەن ئۆگىنىش پىلانىنى شىڭ شىسەي ناھايىتى تېز ماقۇللىدى ھەم مېنى كۇرسنىڭ مۇئەللىمىگە كۆرسەتتى. ئاندىن مەن بىر ئۆگىنىش تىزىسى تۈزۈپ چىقتىم. تىزىسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ توغرىلىقىنى ماركسىزم - لېنىنىزم نۇقتىئىنە-زەرى بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ۋۇزوجۇ-نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە شىڭ شىسەيىنىڭ تەكشۈرۈپ تەس-تىقلىشىغا يوللىدۇق. مەن: مۇشۇنداق مەزمۇن شىڭ شىسەي-نىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارايتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نى يېزىۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدىم. ئۇ ھەر بىر قىسمىنى يېزىپ بولغاندا، ستالىننىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا يوللاش ئۈچۈن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى جياۋگۇەنى ئاندى-رېيېۋقا رۇسچىغا تەرجىمە قىلدۇراتتى. ئاندرېيېۋنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، يازالايتتى ھەم ئوقۇيالايتتى. شۇڭا ئۇ، شىڭ شىسەيىنىڭ ستالىنغا يوللايدى-غان ھەر خىل ھۆججەتلىرىنىڭ مەخسۇس تەرجىمانى بولۇپ قالغان. شىڭ شىسەي يازغان باشقا «ماركسىزم - لېنىنىزم-لىق ماقالىلەر» نىڭ تەرجىمە قىلىنىپ موسكۋاغا يوللانغان - يوللانمىغانلىقىنى مەن بىلەلمەيتتىم. بىراق، مۇئەييەنلەشتۈرۈش-كە بولىدۇكى، شىڭ شىسەي ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئاساس تېپىش،

شۇنىڭ بىلەن ستالىننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش بىلەن ئاۋا-
رە ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ ۋاقىتتا مۇنداق ئۆگىنىش پىلانىنى
ئوتتۇرىغا قويسام، ئۇ چوقۇم قارشى تۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن
پىلان تېزلا ئەمەلگە ئاشاتتى.

مەن كۇرستا، ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان
كونا كۆز قاراش ۋە كونا ئەخلاقلارنى چىقىرىپ تاشلاش
ئۈچۈن ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەمگەك قىممىتىنى
نۇقتىلىق سۆزلىدىم. ئارقىدىن نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن بىرلىشىش ۋە نېمە ئۈچۈن جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇشنىڭ داۋلىلىرىنى سۆزلىدىم. لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك
توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى جۇڭگو خەلقىگە كىمنىڭ دوست،
كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. مېنىڭ
بۇ ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تەشۋىق قىلىشىم
يەنىمۇ نۇرغۇن ياشلارنى جاھانگىرلىككە قارشى نەزەرىيىۋى
قورال بىلەن قوراللاندۇرۇش ئىدى. شۇڭا، مەن شىنجاڭدا
خىزمەت قىلىۋاتقان يىللاردا، نەزەرىيە تەشۋىقاتى باشتىن-
ئاياغ خىزمىتىمنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولدى. مەن ھەر قې-
تىم دەرسخانىدا ھەقىقەت ئىزدەشكە تەشنا بولۇۋاتقان ياش-
لارنىڭ چىرايىنى كۆرگىنىمدە، ھېرىش چارچاشنى، ۋاقىتنى
ئۇنتۇپ كېتەتتىم. لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك توغرىسىدا» دېگەن
ئەسىرىنى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە بىراقلا قۇيۇۋەتكۈم كېلەتتى.

مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف
ئىستانسىسىدىكى خادىملار ئارىسىدىمۇ لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك
توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتىم. بۇ
كۇرس ياشلارنى ئىدىيىدە ئىلغار، خىزمەتتە ئەستايىدىل ۋە
مەسئۇلىيەتچان، ئاكتىپ ئىشلەيدىغان قىلدى.

بىر مەزگىللىك ئورتاق خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش
ئارقىلىق بۇ كادىرلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەن-



دىم. رايون بويىچە ئايرىغاندا، بۇ كادىرلار ئاساسەن غەربىي
شىماللىق ۋە شەرقىي شىماللىق ئىدى. غەربىي شىماللىقلارنىڭ
كۆپ قىسمى شىنجاڭلىق، ئاز قىسمى گەنسۇدىكى ئاپەتتىن
قېچىپ ياكى سودىگەرچىلىك قىلىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن
بىللە شىنجاڭغا يۆتكىلىپ قالغانلار ئىدى. شەرقىي شىمال-
لىقلار ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتناشقان ھەر دە-
رىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. غەربىي
شىماللىق ياشلارغا قارىغاندا، شەرقىي شىماللىق
ياشلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كۆپرەك، ياپون جاھانگىر-
لىكى توغرىسىدىكى تونۇشى بىرقەدەر چوڭقۇر ئىدى. چۈنكى،
ئۇلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە چېنىققان.
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكى كا-
دىرلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى شەرقىي شىمال پىدائىيلار
قوشۇنىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، بۆلۈم ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئاسا-
سىي رەھبەرلىكىنى تولاراق مۇشۇ كادىرلار ئۈستىگە ئالغان.

مەن شەرقىي شىماللىق كادىرلار بىلەن ئۇچرىشىش
جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قاتتىق ئۆچمەن-
لىكى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ياپونغا قارشى قوشۇنغا ئاتا - بالا، ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن
بىللە قاتناشقان، بەزىلىرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئاكىسى قۇربان
بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرى خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ
قالغان. ئۇلار جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەل-
مىگەنلىكتىن، ئاخىر دۈشمەننىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن جۇڭگو -
سوۋېت چېگرىسىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىن-
جاڭغا كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئۇ چاغدا شېڭ شىسەي-
نىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يې-
قىنلىشىش سىياسىتىگە قاتتىق ئىشەنگەچكە، ئۇلارنىڭ شېڭ
شىسەيگە بولغان ھۆرمىتى يەرلىك ياش كادىرلارنىڭكىدىن

كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» نىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى ۋە ئىجراچىلىرى بولۇپ قالدى.

يەرلىك ياش كادىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېھتىياتچان، خىزمەتتە ئەستايىدىل ئىدى. ئۇلار مەخپىي تېلېگراممىلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ تېلېگرامما قوبۇل قىلىش ـ تارقىتىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان بولۇپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان ھېچقانداق ھادىسە سادىر قىلمىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ چېگرىدا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ئېچىش خىزمىتىگە تولاراق شەرقىي شىماللىق كادىرلار، ئىشخانىدىكى مەخپىي خىزمەتلەرگە تولاراق يەرلىك كادىرلار مەسئۇل ئىدى.

مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مۇشۇ ياش كادىرلارنىڭ قوللىشى ۋە ۋۇزو جۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھەمكارلىشىشى بولغاچقا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ۋە تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى گويا مۇشۇ پارتىيىسىز بولشېۋىكلاردىن تەشكىل تاپقان ئىنقىلابىي ئورۇندەك ھېس قىلاتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ گەپلەرنى پەقەت بىز ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىلا دېگىلى بولاتتى، سىرتتا ھەرگىز دېگىلى بولمايتتى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلار ئالدىدا دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى.

مېنى ئىلھاملاندۇرىدىغان يەنە بىر ئىش چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بىر مەخپىي خىزمەت ئورنى بولۇپ، كونا ھۆكۈمەت مۇنداق ئىشلارغا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى ھەرگىز قاتناشتۇرمايتتى. ئەمما، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئۇنداق قىلمىدى، بۇ كادىرلار ئارىسىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر،



موڭغۇل، خۇيزۇلار بار ئىدى. خەنزۇلار مۇتلەق كۆپ سانىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، مىللىي سىياسەت بويىچە قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش گەۋدىلەنگەنىدى. بۇ ـ شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. ئۇ يەردە ئىنقىلابىي مىللىي سىياسەت ئىجرا قىلىنغاچقا، مەيلى شەرقىي شىماللىقلار بولسۇن ياكى غەربىي شىماللىقلار بولسۇن، خەنزۇ يولداشلار بولسۇن ياكى باشقا مىللەتتىكى يولداشلار بولسۇن، ھەممىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلەشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، بۇنى شېڭ دۇبەننىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنگەنلىكى دەپ قارايتتى. ئەگەر كىمكى شېڭ دۇبەنگە قارشى تۇرسا، ئۇلار ماقۇل كۆرمەيتتى. بولۇپمۇ شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ياپونغا قارشى ياش ھەربىيلەر شېڭ دۇبەننى تېخىمۇ بەك ھۆرمەتلەيتتى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى شېڭ دۇبەننى ئۆزلىرىنىڭ زور نىجاتچىسى دەپ بىلەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇنداق تەڭ ـ باراۋەرلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان. بۇنىڭدىن شېڭ شىسەينىڭ ئىنقىلابچى بولۇۋالغان ۋاقىتلاردا كىشىلەرنى تازا قايمۇقتۇرالىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ياشلار سىياسىي ئۆگىنىش قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئىدىيىدە گەۋدىلىك ئىلگىرىلەپ، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، كومپارتىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشتى. ئەمما، مەندە ئۇلارغا ياردەملىشىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلارغا شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن پارتىيە تەشكىلاتى راۋاجلاندۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىش ئەپسىز بولغاچقا، ئۇلاردا پارتىيە توغرىسىدا «قول يەتكۈزگىلى بولمايدىكەن» دەيدىغان كەيپىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئالغا ئىلگىرىلەش جاسارىتى ۋە ئىشەنچىسىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى. گەرچە ئۇلار پاسسىپلىشىپ خىزمەتنى ئاقساتمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كومپارتىيە ئۇلارنى «ياراتمىغان» دەك بىر غەشلىك ساقلىنىپ قالدى. شۇ چاغلاردا مەنمۇ پارتىيىنىڭ بۇ ئىنتىزامى بەكمۇ مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بولۇپ كېتىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ زورىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولۇپ قالدى، دەپ قارىدىم.

شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەن بۇ ئىنتىزامنى ستالىن بەلگىلىگەن. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ بىر ئۆلكىسى بولسىمۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى بارلىق زېھنىي كۈچى جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقان بولغاچقا، غەربىي شىمالدىكى چېگرا مەسىلىسىگە قاراشقا زېھنىي كۈچى يېتىشمەيتتى. ئۇنداق بولسا، ستالىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قارار چىقارغان؟ ئۇنىڭ ئاساسى قەيەردە؟

مېنىڭ مۆلچەرىم مۇنداق: ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغاچقا، ستالىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنى پەسەيتىش تەدبىرىنى قوللانغان. 1933 - يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا يەتتە يىل بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرماقچى بولدى. بىراق، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرۇۋېتىشىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىكتە قارشى تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. باشقا جاھانگىر



دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنداق باھانە بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچ قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەگەر شىنجاڭدا كومپارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئېغىۋا «راست ئىكەن» دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشىدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پىلان بۇزۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ستالىن شېڭ شىسەينىڭ ھوقۇقنى جېنىدەك كۆرىدىغان گۇمانخور مۇستەبىت ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلسا ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چوقۇم گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئاشۇنداق بەلگىلىمە چىقارغان. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ياپون جاھانگىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرۇشىنى باھانە قىلىپ ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خەلقئارادا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ستالىننىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى جاھانگىرلىككە، جياڭ جيېشىغا، شېڭ شىسەيگە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت تاكتىكىسى بولۇپ، پەقەت ئېھتىياتچانلىق ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىلمىسە بولمايتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ ۋۇزوجۇن ۋە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى باشقا كادىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدە بىر ئاز قىيىن تەرىپىمۇ بار ئىدى. سىياسىي جەھەتتە مەن ئۇلارنىڭ ئۇستازى، كەسپىي جەھەتتە مەن ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ئىدىم. ئەمما، تۇرمۇش جەھەتتە مەن ئۇلار بىلەن باردى -

كەلدى قىلمايتتىم؛ پارتىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىش مەسىلىسىدە ئۇلارغا پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيتتىم. شۇڭا، مېنىڭ توغرامدا كىشىلەردە: پەقەت قۇرۇق گەپ قىلىدۇ، چوڭ داۋالىلارنى سۆزلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق يولىنى ھەقىقىي تۇردە بەلگىلىۋېلىشىغا ياردەم بەرمەيدۇ... دېيدىغان قاراش پەيدا بولدى.

مەن خىزمەتكە چۈشۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خىزمىتى ئاساسەن بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي مېنى قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان قومۇل ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شەرقىي يول چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشيا شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ قارار مېنى «ئۇ مېنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا قىلغان سەككىز ئايلىق خىزمىتىمدىن رازى ئىكەن» دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى. بۇ ئىككى ئىش بېجىرىش ئورنى شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ھەم چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خىزمەت نۇقتىسى ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇ يەر ياپون ئىشپىيونلىرى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، شۇنىڭدەك غەربىي شىمالدىكى ما ئائىلىسى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشتىكى ئۆتەر يولى ئىدى، گەنسۇدىكى يەرلىك مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ ئەينى يىللاردا شىنجاڭغا كېلىپ قالايمىقانچىلىق قىلىشتا ئاۋۋال مۇشۇ ئىككى جاينى ئىشغال قىلغان. بۇرۇن قاتناش قولايسىز، يول يىراق بولغاچقا، دۈشمەنلەر تەگرىتېغىنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ بولغاندا ئاندىن ئۆلكە مەركىزىي خەۋەر تاپاتتى. ئاخبارات توسۇلۇپ قالىدىغان مۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇ رايوننىڭ چېگرىسىنى چارلاش خىزمىتىنىمۇ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئۈستىگە ئالغان.

مەن بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقارمىدا



ھاسىل قىلغان نەچچە ئايلىق خىزمەت تەجرىبىسىنىمۇ سىرتتىكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا ئالغاچ كېتىشنى ئويلىدىم.

## قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىش

1936 - يىلى قىشتا، بىز قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە، شىمالىي شەنشىگە بېرىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، گەنسۇ چېگرىسى ئىچىدە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېشى كارىدورىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكى؛ دەريادىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى 20 مىڭچە بولۇپ، خېشىغا كىرگەندىن كېيىن ما ئائىلىسى قوشۇنى ۋە جياڭ جيېشى قوشۇنىنىڭ ئالدى - كەينىدىن توسۇشىغا ئۇچرىغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ خەۋەر چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىنى بىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇرۇشنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان تەسىرىنىمۇ مۆلچەرلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەگە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي، شېڭ شىسەينىڭ يوليورۇق بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

شېڭ شىسەي بولسا ئۈن چىقارماي يۈرەتتى. بىز خېشى ئۇرۇشى توغرىسىدا توپلىغان خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم دوكلات قىلغان بولساقمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، پەقەت «قومۇل ۋە شىڭشىڭشيا سىرتىدىكى چارلاشنى كۈچەيتىڭلار» دەپلا كۆرسەتمە بەردى. مېنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلىشىم ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىغا ھېچقانداق كۆڭۈل بۆلمى-

گەن قىيا پەتكە كىرىۋالدىم. ئەمما، ئۆيدە ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشتۇق. لۇسى: «بىز شىنجاڭدا ئىنقىلابىي قوشۇندىكى قېرىنداشلارنى كۆرەلىسەك، ئىنقىلابىي ھاياتىمىزدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش بولاتتى» دېدى. بىز ئىككىمىز ئۇزاقتىن بۇيان دۈشمەن رايونىدا يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بىز مۇشۇ يەردە ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان قېرىنداشلارنى كۆرەلىسەك، نېمىدېگەن بەختلىك ئىش بولاتتى-ھە! يىغىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاپقىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماق ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا شىنجاڭدا تېخى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكالەت ئورگىنى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ گۇمانىمىزغا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جاۋابىنى ئالالمايتتۇق. شېڭ شىسەي قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەردى، بىزمۇ سورىيالمىدۇق. سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ۋە جياۋ گۈۋنلىرىمۇ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈشتىكى مۇددىئاسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشنى خالىمىدى. ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ئۆزىمىزچە: قىزىل ئارمىيە چوقۇم ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، خېشىنى مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرىدۇ، شۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئېرىشىدۇ؛ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭ قوشۇنى دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، بىر ـ بىرىنى قوللايدۇ؛ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى پولاتتەك تاۋلانغان قوشۇن، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىشتەك مول تەجرىبىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ ما ئائىلىسى مىلىتارىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىشىدا گەپ يوق، دېگەن مۆلچەر-



لەرنى قىلىشىپ، خېشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كېچە-كۈندۈز خۇشاللىق بىلەن كۈتتۇق.

ئەمما، گومىنداڭنىڭ گېزىت ـ رادىئولىرى قانداقتۇ «قىزىل ئارمىيە خېشىدا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئارمىيە باشلىقىمۇ ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولدى» دېگەنلەرنى كۆچەپ تەشۋىق قىلدى. بىز دۈشمەننىڭ مۇنداق ئالدامچىلىقىغا ئەلۋەتتە ئىشەنمەيتتۇق. لېكىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەلىبە خەۋىرى زادى يېتىپ كەلمىدى.

دەل شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇتلا كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان بىر خەۋەر: جياڭ جيېشىنى شىئەندە جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار تۇتۇۋاپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. جاڭ شۆلياڭ سۆيۈۋىن دېگەن كىشىنى شىنجاڭغا ئالاقىلىشىشقا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ چوڭ يىغىن چاقىردى. بۇ، مەشھۇر «شىئەن ۋەقەسى» ئىدى. مەن لۇسىغا: «جياڭ جېشى 200 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلىپمۇ يولداش جۇدې، ماۋ زېدۇڭلارنى تۇتالمىغان ئىدى، ئەمدى بىر تىيىن خەجلىمەيلا ئۇ ئۆزى تۇتۇلۇپ قالدى. بۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ نەقەدەر زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دېدىم. «شىئەن ۋەقەسى» يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەي تۇيۇقسىزلا بىزگە بىر ۋەزىپە تاپشۇردى: چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى كادىرلاردىن بىرنى تاللاپ گەنسۇغا ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنىنى ئىزدەش، ئۇلارنى تاپقاندىن كېيىن شىنجاڭغا باشلاپ كېلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقتىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسى ئۇلارنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى بىلەن ئالاقە باغلاش كېرەك. مەن شۇ چاغدىلا غەربكە

يۈرۈش قىلغان **قىزىل ئارمىيىنىڭ ما ئائىلىسىنىڭ** قوشۇنى بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى تەرىپىدىن قورشۇۋېلىنىپ، زور چىقىمغا ئۇچرىغانلىقىنى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ھەم شېڭ شىسەينىڭ قوشۇلغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ قىسىمغا دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ شىنجاڭغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەنلىكىنى بىلدىم.

شېڭ شىسەينىڭ بۇنداق مەخپىي ۋەزىپىنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا تاپشۇرۇشى ئۇنىڭ بۇ باشقارمىغا ئىشەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. بىراق، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمدىلا قۇرۇلغان يېڭى ئورۇن بولۇپ، كادىرلىرىنىڭ تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىيالىشى ياكى ئورۇنلىيالماسلىقىغا ئىشەنچىم يوق ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بۇ ۋەزىپىنى قانداقلا بولمىسۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇنلىشى كېرەك. لېكىن، ئەگەر ۋۇزوجۈننىڭ كۈچلۈك ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشەلمىسە، بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاش ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتىم. لېكىن، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ گېپىنى بەك ئاڭلايتتى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئىشخانىغا كېلىپ دېجۇرنىلىق قىلدى ۋە بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاش توغرىسىدا مەن ئوتتۇرىغا قويغان تەپسىلىي تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى. ئۇ، مېنىڭ شىڭشىياغا كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا ئەۋەتىشىمنى سەمىمىيلىك بىلەن تەلەپ قىلدى، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بىراق، شېڭ شىسەينىڭ قارار قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى چېگرىغا ئەۋەت-



مەي كېلىۋاتقانلىقىغا ناھايىتى خاپا ئىدى. ئۇ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە ئىنتايىن قىزغىن بولغاچقا، كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە ئەستايىدىل مەسئۇل بولدى. بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئىنقىلابقا ھەقىقەتەن سەمىمىيىتى بارلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن كۈتۈۋېلىشقا قاتنىشىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى. مەن ۋۇزوجۈننى تۇنجى قېتىم سىياسىي جەھەتتىن چۈشەندىم. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەھەتتىكى غەيرىتىمنى ئاشۇردى. مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقىنى، قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈردۈم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خۇاڭخېنىڭ شەرقىگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن شېڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىنىمۇ بىلەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار شىنجاڭغا تۇيۇقسىز كىرىپ كېلەلمىگەن. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن پائال ئالاقە باغلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

ۋۇزوجۈن مېنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشۈمنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ: «مەندە تەجرىبە يوق، ئىنقىلابقا قىزىل قەلبىملا بار» دېدى. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن مۇڭدىشىۋالغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن قىزىل ئارمىيىنى تاپالايدىغان بىر خەۋەرچى تاللاشنى ئويلاشتۇق. خېشى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇراتتى، باشقا يەرلىك كىشىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئالاقىلىشىشى بەكمۇ قىيىن ئىدى. چۈنكى، يوللاردا ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنى يولۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرەتتى. شۇڭا، خېشى شېۋىسىدە سۆزلىيەلەيدىغان، خېشىنىڭ يەر شارائىتىنى بىلىدىغان يەرلىك كىشىلا بۇ ۋەزىپى-

نىڭ هۆددىسىدىن چىقالايتتى. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇھىممى سىياسىي جەھەتتە ئىنقىلابىي ئىشقا بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن قورقمايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا بۇ ئىككى شەرتنى هازىرلىغان كادىرلارنى تاپماق بەكمۇ تەس ئىدى. شەرقىي شىماللىق ياشلار سىياسىي جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى بولسىمۇ، ئەمما تىلى ئوخشىمىغاچقا، باشقا يۇرتلۇق ئىككەنلىكى ئاسانلا بىلىنىپ قالاتتى. ئاخىر، ئەسلى خېشى كارىدورىدا تۇغۇلغان بىر شىنجاڭلىق ياشنى تەيىنلىدۇق. بىراق، بۇ ياشنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى خىزمەت ئىپادىسى ئاكتىپ ئەمەس ئىدى، هېچقانداق كۈرەش تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلاتتىم. لېكىن باشقا مۇۋاپىقراق ئادەمنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئامالسىز شۇنى ئەۋەتتۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ چوقۇم ئورۇنلىشى كېرەكلىكىنى تەكرار چۈشەندۈرۈپ، قايتا - قايتا تاپىلىدىم. ئۇ بىر كىچىك تىجارەتچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، شىڭشىڭشيادىن يولغا چىقىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىز ئۇنى ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن يولغا سېلىپ قويدۇق. بۇ، شىڭ شىسەينىڭ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بىلەن قىلغان تۇنجى ئالاقىسى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە هاۋا ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنىڭ ئامالىنى قىلدۇق. بۇ، ئاساسەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىزمەتكە بىرى - چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسىدىكى گېرمانىيىلىك سىمسىز تېلېگراف مۇتەخەسسىسى، يەنە بىرى — ئاپالىم لۇسى مەس-



ئۇل بولدى. بۇ ئىككىيلەن كېچىدە بىرقەدەر كۈچلۈك توك كۈچى بەلگىسى بىلەن غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسىنى مەخپىي هالدا چاقىردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن شىڭشىڭشيا تارماق ئىش بېجىرىش ئورنىدا قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇق. لېكىن، بۇ تەييارلىقمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا قۇمۇل گارنىزونىنىڭ سىلىڭى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىدىكى يولۋاس بولۇپ، ئەگەر ئۇ شىڭ شىسەينىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا، چوقۇم توسالغۇلۇق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ جىياڭ جيېشى قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئىشىنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتتۇق. مۇشۇنداق شارائىتتا، شىڭ شىسەي چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيى بىلەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئوتتۇرىسىغا بىۋاسىتە تېلېفون ئورناتتى. ۋۇزوجۇن بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن هەر ۋاقىت سۆزلىشەلەيتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىمىز ناھايىتى تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

بىز قېرىنداشلارنىڭ خەۋىرىنى كېچە - كۈندۈز كۈتەتتۇق. ئەمما، ئۇلار بىلەن يەردىنمۇ، هاۋادىنمۇ ئالاقىلىشالمىدۇق. مۇشۇنداق بىر ئايدەك ساقلىغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەۋەتكەن ئالاقىلاشقۇچى قايتىپ كەلدى. ئۇ، جۇچۇەن، جاڭيېلەرگە بېرىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىغان. يەرلىك يۇرتداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل ئارمىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ئىچىگە

ھەيدۇۋېتىلگەن، تاغ ئېغىزىنى ما ئائىلىسىنىڭ قوشۇنى قامال
قىلىۋېلىپ، يولۇچىلارنى كىرگۈزمىگەن. شۇڭا، ئۇ قايتىپ كەل‍ـ
گەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىدىن
بەكمۇ نارازى بولدۇم. بىراق، ئۇنى ئەيىبلىگىلىمۇ بولمايتتى،
مېنىڭ دېمىم ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى بارلىق ئۈمىد
ھاۋا ئارقىلىق ئالاقىلىشىشتىلا قالغانىدى. بىر كۈنى كېچىدە
لۇسى تېلېگراف ئىستانسىسىدىن قايتىپ كېلىپ ماڭا: «ھا‍ـ
زىردىن باشلاپ كېچىدە تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق چا‍ـ
قىرىش توختىتىلدى، مەنمۇ كېچىلىك دىجورنىلىك قىلمايدى‍ـ
غان بولدۇم» دېدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن: «نېمىشقا توخ‍ـ
تىتىلدى، ھازىر بارلىق ئۈمىد تېلېگراف ئىستانسىسىدا قالغان
تۇرسا، سىلەر خىزمەتنى توختىتىپ قويساڭلار، ھەممە ئۈمىد
يوققا چىققان بولمامدۇ؟» دەپ سورىدىم. مەن ئىككى كۆزۈمنى
چەكچەيتىپ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتۈپ تۇراتتىم. ئۇ، بېشىنى چايقاپ ئالدىرىماي جاۋاب
بەردى: «بۇنىڭغا نېمە چارە بار؟ ئادەم ھېرىپ ئۆلەي
دېدى، ئالاقىلىشالمىساق». ئۇ، مۇشۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ بېشىنى
بۇراپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. مېنىڭ تازا ئاچچىقىم
كېلىپ تۇراتتى، ئۇ بېشىنى يەنە بۇراپ خۇشاللىق بىلەن:
«خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ تەرەپ ئاللىقاچان مەركەزنىڭ تېلېگ‍ـ
راممىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، شۇڭا بۇ خىزمەت توختىتىپ
قويۇلدى» دېدى. مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ،
ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ: «راستىما؟ چاقچاق قىلماڭ!» دېدىم.
لۇسى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن: «بۇنى مەن ئالاقىلاشمىغان،
شۇڭا سىزگە ۋاقتىدا دەپ بېرەلمىدىم، بۇنى ماڭا گېرمان‍ـ
يىلىك مۇتەخەسسىس ئېيتتى. ئۇ، موسكۋاغا ۋە شېڭ دۇبەنگە
دوكلات قىپتۇ. شۇڭا، تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق ئالاقى‍ـ
لىشىش توختىتىلدى» دېدى. بۇ ئالاھىدە زور خەۋەر مېنى



ناھايىتى خۇشاللاندۇردى. قېرىنداشلىرىمىز پات ئارىدا شىن‍ـ
جاڭغا كىرىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. مەن لۇسىغا: «ئالاقىلىشىش ۋەزى‍ـ
پىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسى باشلىنىدۇ»
دېدىم. ئۇ: «ئۈرۈمچىدە قىزىل ئارمىيىنى قارشى ئېلىش يى‍ـ
غىنى ئېچىلامدۇ؟ بۇ - مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ مەن شىن‍ـ
جاڭنىڭ ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەمدى بىلدىم، شىنجاڭ
جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرى بولۇپ
قالىدۇ، موسكۋا - ئۈرۈمچى - يەنئەن بىر گەۋدە بولىدۇ»
دېدى. مەنمۇ خۇشاللىق بىلەن: «ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندە،
شېڭ دۇبەن ئارمىيە ۋە خەلقنى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇ‍ـ
رۇپ قارشى ئېلىشقا تەشكىللەيدۇ، بېيىمىننىڭ سىرتىدىكى چوڭ
مەشق مەيدانىدا ھەر يىلقى «12 - ئاپرېل» خاتىرىلەش
يىغىنىغا ئوخشاش تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچى‍ـ
لىدۇ» دېدىم.

ئەتىسى مەن قىزىل ئارمىيىنىڭ پات ئارىدا شىنجاڭغا
كىرىدىغانلىقىنى ۋۇزوجۇنگە ئاستا ئېيتتىم. چۈنكى، شېڭ شىسەي‍ـ
نىڭ بۇيرۇقى بولماي تۇرۇپ، بۇ خەۋەرنى باشقارما دائىرى‍ـ
سىدە ئېلان قىلىشقا بولمايتتى. ۋۇزوجۇن بۇ خەۋەرگە خۇشال‍ـ
لاندى. مەن بىلەن بىللە قىزىل ئارمىيىنى شىڭشىڭشيادا كۈ‍ـ
تۈۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، مەسىلەن، قانداق قىلىپ
ئۆلكە سىرتىغا ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋېلىش ۋە يول باشلاش،
تۇرالغۇ جايىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، يېمەكلىكلەرنى قان‍ـ
داق تەييارلاش قاتارلىقلار. بىراق، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئادەم
سانىنى بىلمىگەچكە، تەييارلىقنىڭ بەك ئەتراپلىق بولۇپ
كەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. بىز پىلان تۈزۈپ چىققان بول‍ـ
ساقمۇ، ئۇنى دەرھال شېڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا
تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تاقىل‍ـ

دىغان مەسىلىلەردە، پەقەت ئۇ نېمە دېسە شۇنىلا قىلاتتۇق،
ئۆزلۈكىمىزدىن بىرەر لايىھە قويۇش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا،
ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى كۈتۈپ تۇرۇشقىلا توغرا كەلدى. بىر-
نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ، بىزگە كۈتۈۋېلىش-
نىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنى ئېيتتى. بىز دەرھال قومۇل ۋە
شىڭشىڭشياغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەييارلىق خىز-
مىتىنى مەخپىي ئىشلىشىنى، سىرتتىكىلەرنىڭ بىلىپ قالماسلى-
قىنى تاپىلىدۇق.

شۇ چاغدىلا مەن قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى
كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مەخپىي ئۇسۇلدا ئېلىپ
بېرىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئورۇنلاشتۇرۇشنى شېڭ شىسەي
مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆزى بىۋاسىتە تاپشۇرۇۋاتقانلىقىنى
بىلدىم. مەسىلەن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى پەقەت ئۆلكە
سىرتىدىكى ئالاقىلىشىش ۋە ئۆلكە ئىچىدە كۈتۈۋېلىش ۋەزىپى-
سىنىلا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئومۇمىي كۈتۈۋېلىش پىلانىدىن
خەۋەرسىز ئىدى. بۇ خىزمەتنى مەخسۇس ئۈستىگە ئالىدىغان بىرلىكك
كەلگەن بىرەر تەشكىلات تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۆلكە چېگرىسى ئىچىگە
كىرگەندىن كېيىن نەدە تۇرىدىغانلىقىنى چېگرا ئىشلىرى
باشقارمىسى پەقەت بىلمەيتتى، سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.
بىز تەسەۋۋۇر قىلغانىدەك قارشى ئېلىش يىغىنى زادى ئۆتكۈ-
زۈلمەيتتى، قىزىل ئارمىيىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى خەلققە
داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىش تېخىمۇ بولمايتتى. شۇ ۋاقىتتىكى
خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ ئەھۋالدىن قارىغاندا،
جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغانلىقىنى ئاشكارا
تەشۋىق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قىزىل ئارمىيە
خائىن جاڭ گوتاۋنىڭ ئالدامچىلىقىدا خېشى كارىدورىغا يۈ-
رۈش قىلىپ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان؛ ئەمدى قالدۇق كۈچلى-
رىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ۋاقىتىنچە شىنجاڭغا چېكىنىپ



تۇرۇشقا توغرا كەلگەن. قىزىل ئارمىيە شىنجاڭدا ئۇزاق تۇر-
ماقچى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەيدە ھېچقانداق ئەندىشە
تۇغۇلمايتتى. خەلقئارادىمۇ «كومپارتىيە شىنجاڭنى قىزىل-
لاشتۇرۇۋەتتى» دەيدىغان ئىغۋا كۆتۈرۈلمەيتتى. بۇ قىسىمنىڭ
شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى يولداش چېن يۈن ۋە تېڭ دەيىۋەنلەرنى سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ
قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ قىسىم «يېڭى گازارما»
دېگەن نام بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېگرا ئىش-
لىرى باشقارمىسىنىڭ شىڭشىڭشيا شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى
جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ
شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى؛ ئادەم سانى 6 — 7 يۈز
ئەتراپىدىلا بولۇپ، كەينىدە باشقا قىسىملار يوقلۇقىنى؛ ئۇلار
دۈشمەننىڭ قاتمۇقات توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان،
ھېرىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا جەڭگىۋار ھالەتتە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ، كىيىملىرى جۇل-
جۇل بولسىمۇ، بىپايان قۇملۇق چۆللەردە قېلىپمۇ قورقۇپ
قالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. قەھرىمان، ئۇرۇشقا ماھىر
قىزىل ئارمىيە شىڭشىڭشيادىكى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى
خادىملىرىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. 4 - ئاينىڭ
ئاخىرلىرىدا، «1 - ماي» بايرىمىغا ئاز قالغان بىر ئەتى-
گەندە، بېيمېن سىرتىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ مەشق مەي-
دانىدا 50 نەچچە دانە چوڭ ئاپتوموبىل يولغا چىقىشقا
تەييارلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاپتوموبىللارغا قورال، كىيىم -
كېچەك ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەر بېسىلغان. مەن بۇيرۇققا
بىنائەن مەشق مەيدانىغا كېلىپ ئاپتوموبىل كالونىدىن خە-
ۋەر ئېلىپ تۇردۇم. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى بىر بۆ-

لۇم باشلىقى بىر تېلېگراممىا تەرجىمانى بىلەن مەخپىي شىفىر-
نى ئېلىپ، ئاپتوموبىل كالونى بىلەن بىللە يولغا چىقتى. بۇ
كالون شىڭشىڭشياغا بارىدىغان بولغاچقا، يولۋاس باشقۇرۇ-
ۋاتقان قۇمۇل رايونىدا ئويلىمىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىش
قېلىشىدىن ساقلىنىش، ئەھۋاللارنى شىيڭ شىسەيگە ۋاقتىدا
دوكلات قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خەۋەرلىشىش ئەسۋابلىرىنى
ئېلىۋالغانىدى. ئەمما، شىڭ شىسەينىڭ مېنى ئاپتوموبىل كا-
لونى بىلەن بىللە ئەۋەتمىگەنلىكىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەن-
دىم. ئاپتوموبىل كالونىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ۋەكىللىرى يولداش چېن يۈن ۋە تېڭ دەيىيۈەنلەر باشلاپ
ماڭدى. شىڭ شىسەي ئۆزى مەشق مەيدانىغا بېرىپ، يولداش
چېن يۈنلەرنى ئۇزىتىپ قويدى. مەن مەشق مەيدانىدا يولداش
چېن يۈەن ۋە تېڭ دەيىيۈەنلەرنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ
قارشى ئالاي دەپ ئويلىۋىدىم. ئەمما يەنە، مۇۋاپىق بولماي-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىراقتىنلا قاراپ تۇردۇم. چۈنكى،
شىڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرمىغان ئۇچرىشىشلاردا يېنىكلىك
بىلەن ئىش قىلغىلى بولمايتتى. مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى
تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆ-
رۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمدىن شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىت-
تىكى سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ شىڭشىڭشياغا كىرىشى دەرۋەقە يول-
ۋاسنى چۆچۈتۈپ قويدى. ئۇ دەرھال شىڭشىڭشياغا ئۇن نەچچە
ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئالدىنى توستى
ۋە قىزىل ئارمىيىنى قورال تاپشۇرۇتقۇزماقچى بولدى. چېگرا
ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى قۇمۇل ۋە
شىڭشىڭشيالار بىلەن تېلېگراف ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇر-
غاچقا، قىزىل ئارمىيە ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ،



يولۋاسنىڭ توسۇقلىرىنى بىتچىت قىلىپ، شىڭشىڭشيادىن
ئۈرۈمچىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى. يولۋاس ۋەزىيەتنىڭ
بېسىمى بىلەن ۋەزىپىسىنى تاشلاپ قېچىپ، جياڭ جيېشىنىڭ
قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنداق قىلىپ، شىڭ دۇبەن ئۈچۈن
بىر بالا - قازا يوقىتىلىپ، قۇمۇل رايونى ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ رەھبەرلىكىگە رەسمىي ئۆتتى، قىزىل ئارمىيە شىن-
جاڭنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن بىر خىزمەت كۆرسەتتى.
قىزىل ئارمىيىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقى شىڭ شىسەيدىمۇ
تەسىر قالدۇردى.

بۇ قەھرىمان قىسىم ئۈرۈمچىگە ئاستىلا كىرىپ، دۈشمەن-
نىڭ سىرتىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ سىرتىدىكى
نامى «يېڭى گازارما» بولدى، ئاممىۋى قارشى ئېلىشمۇ،
قارشى ئېلىش يىغىنىمۇ بولمىدى. بۇ ھال بۇ قىسىمنىڭ
شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ مەخپىي ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ
بېرەتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گۈللۈكتىكى مېھمانخانىسىدا قىزىل
ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇمۇ مەخپىي شە-
كىلدە ئېلىپ بېرىلدى: مەن چېن يۈن، لى شيەنىيەن، چېڭ
شىسەي قاتارلىق يولداشلارنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدى دەر-
ۋازىسىدىن ئەمەس، يان دەرۋازىسىدىن شەرقىي
گۈللۈكتىكى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردىم.
بۇ، شىڭ شىسەينىڭ پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرى بىلەن
بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. مەن ئۇلارنى شىڭ شىسەي
كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، قايتىپ
چىقتىم. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىمىغان بولساممۇ، لېكىن
بۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن،
شىنجاڭدىن ئايرىلىپ يەنئەنگە قايتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇ
چاغدا پارتىيىمىز مۇنداق ئىككى بەلگىلىمىگە قاتتىق رىئايە

قىلدى: قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشى ۋاقىتلىق؛ قىزىل ئارمىيە شىنجاڭدا سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ. شۇڭا، «يېڭى گازارما» دېگەن نام مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

«يېڭى گازارما» شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. ئەگەر «شىئەن ۋەقەسى» شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ۋاقىتلىق تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسا، «7 - ئىيۇل ۋەقەسى» شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يېرىم ئاشكارا ۋەكالەت ئورگىنى قۇرۇشىغا قوشۇلۇشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو كومپارتىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى چوڭ شەھەرلەردە «8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» نى ئاشكارا تەسىس قىلغانلىقتىن، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىدىمۇ مۇشۇنداق ئورگان تەسىس قىلىندى. چۈنكى، شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمىگە بەكمۇ موھتاج ئىدى. شۇ يىلى كۈزدە يولداش دېڭ فا 8 - ئارمىيىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. يولداش دېڭ فا نەنلياڭ كوچىسىنىڭ شەرقىدىكى ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنادا قۇرغان «8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» ئاشكارا ۋېۋىسكا ئاسمىغان بولسىمۇ، ئەمما «يېڭى گازارما» گە ئوخشاش مەخپىي ئەمەس ئىدى. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

يەنە شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭدا كونا ئەمەلدارلارنى تازىلاش باشلاندى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تەجرىبىلىك كادىرلار بىلەن تولۇقلاش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. بولمىسا، ھۆكۈمەت خىزمىتى توختاپ قالاتتى. شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. پارتىيە مەركىزىي كو-



مىتېتى ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى: يولداش خۇاڭ خوچىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىنى، يولداش ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى، شۇ مېڭجيۇ (كېيىن ئاسىيلىق قىلغان) مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى، يولداش لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى، يولداش لى زۈڭلىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى، يولداش لى يۈنياڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى، يولداش جۇ دەنخۇا قىزلار 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. دەسلەپتە شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەمۇرىي كادىرلىرىنىلا تەكلىپ قىلىپ، مەمۇرىي ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويغانىدى؛ ئۇزاق ئۆتمەي، ھەربىي ئورۇنلارغىمۇ، مەسىلەن: خوتەنىنىڭ گارنىزون قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلارغا بارىدىغان چېگرا يوللىرىدىكى قاراۋۇل ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىلەرگىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلىرىلا كېرەك بولۇپ قالماي، ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملىرىمۇ كېرەك ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۈچ يولدىن كادىر يەتكۈزۈپ بەردى: بىرىنچى «يېڭى گازارما» دىن تاللاپ ئەۋەتىش؛ ئىككىنچى، يەنئەندىن ئەۋەتىش؛ ئۈچىنچى، موسكۋادا ئوقۇپ دۆلىتىگە قايتىشىدا شىنجاڭدىن ئۆتىدىغان كومپارتىيە خادىملىرىنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىش.

پارتىيىمىز شېڭ شىسەينى كادىرلار جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللاش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭغا قارىتىلغان بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ تەلەپچان ۋە ئەستايىدىل

پولدی. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىشىمىز شىڭ شىسەينى قوللاش ئۈچۈنلا ئەمەس، ياپونغا قارشى چوڭ ئارقا سەپكە ياردەم بېرىشىمىز مەقسەت قىلاتتى. لېكىن، بۇ ياردەمنى پەقەت شىڭ شىسەي ئارقىلىقلا ئورۇندىغىلى بولاتتى. شۇڭا، شىنجاڭغا خىزمەت قىلغىلى كەلگەن ھەر بىر يولداش شىڭ شىسەيگە قارىتىلغان سىياسەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىشى، شىڭ شىسەيدە بىزنىڭ خادىملىرىمىز توغرىسىدا ئۈركۈشمەسلىك ۋە گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى.

بىزنىڭ خادىملىرىمىز شىنجاڭدا ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلسا بولاتتى، ئەمما پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلسا بولمايتتى. چۈنكى،شىڭ شىسەي شىنجاڭدا كومپارتىيىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشكىلاتىدىن باشقا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىغا يول قويمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تەشكىلاتى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» شىنجاڭنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ئىدى. شىڭ شىسەي ستالىندىن مۇشۇ كاپالەتنى ئالغاندىن كېيىن، پارتىيىمىزمۇ بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلالمايتتى، مەيلى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسۇن ياكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسۇن، ھەممىسى بۇ چەكلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئاما ئىچىدىكى ئاكتىپلارنىڭ پارتىيىگە قاتنىشىش توغرىسىدا ئەڭ يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىگە بىز «شىڭ شىسەي يول قويمايدۇ» دېيەلمەيتتۇق، ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىغا بەرھەم بەرسەكمۇ بولمايتتى.شۇڭا، ئۇلارنى سىلىق سۆزلەر بىلەنلا رەت قىلاتتۇق. بولۇپمۇ بۇ مەسىلىنى بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىر تەرەپ قىلىش بەكمۇ تەس بولاتتى. چۈنكى، بۇ تەلەپنىڭ راست - يالغان



لىقىنى بىلەلمەيتتۇق ياكى شىڭ شىسەينىڭ بىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قەستەن ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئەگەر پارتىيىمىز بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلسا، كەسكىن سۆزلەر بىلەن رەت قىلاتتۇق.

پارتىيىمىز 1937 - يىلى قىشتا، شىنجاڭدا چوڭ ئارقا سەپ قۇرۇش خىزمىتىگە رەسمىي ئاتىناشقاندىن كېيىن، بەزى چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى چېگرا رايونغا يېڭى قان - تەرنى ئاققۇزدى. يەنى شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماي، ھەربىي - مەمۇرىي رەھبىرىي كادىرلار جىددىي كەم بولۇشتەك ئورۇننى تولدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەت خىزمىتى كۆپلىگەن خادىملارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەنمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالماي، بەلكى خىزمەتلەردە يېڭى راۋاجلىنىشلار بولدى.

## دوستلاردىن ئايرىلىش

1941 - يىل، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا بولسۇن، ۋەزىيەت ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەن بىر يىل بولدى. ئۇنىڭ تەسىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولدى. مۇشۇنداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان سىياسىي ھاۋادا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى.

1941 - يىل 2 - ئايدا جياڭ جيېشى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نى قوزغاپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ مەھكارلىشىپ ياپونغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش كېلىشىمىنى بۇزدى. ئارمىيە جۇنجاڭى يې تىڭ قولغا ئېلىنىپ، 10 مىڭدەك قوشۇن چىقىمغا ئۇچرىدى. ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بىلەن جياڭ جيېشى ئارمىيىسى كومپارتىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، شىمالىي جۇڭگودا پارتى

يىمىز رەھبەرلىكىدىكى ياپونغا قارشى بازىلارغا «چوڭ تازىلاش» قوزغىدى، جياڭ جيېشىنىڭ خۇزۇڭنەن قوشۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق يەنئەن رايونىغا ھۇجۇم باشلىدى. ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە پارتىيە-مىزنىڭ ئورنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پۇرسەتپەرەس شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىدى، ئەمما يېقىنلىق بىلەن ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، جۇڭگو كوم-مۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارتىيە بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرغان-لىق — كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالغا قارشى تۇرغانلىق بولاتتى — دە، ئۇنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتەتتى. ئەگەر بۇ ئۈچ تەرەپكە يامان بولۇپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى گۆر كولىغان بولاتتى. ئۇ چاغ-لاردا ئۇ، ھەربىي ۋە ماددىي جەھەتلەردە تېخى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايتتى، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، شىڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇش پۇرسىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى.

1941 - يىلى 6 - ئايدا فاشىستلار گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماس-لىق شەرتنامىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مىليون كىشىلىك چوڭ قوشۇنى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. گىتلېر «روژدېستۋو بايرىمىنى موسكۋادا ئۆتكۈزىمەن» دەپ جار سالدى. روژدېستۋو بايرىمى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بولاتتى. دېمەك، گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى موسكۋانى يېرىم يىل ئىچىدىلا بېسىۋالماقچى بولغان. دەرۋەقە، 1941 - يىلى قىشتا گېرمانىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى موسكۋانىڭ



يېنىغا كېلىپ قالدى، ستالىنىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن باشقا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي تارماقلىرى ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى موسكۋادىن چېكىنىپ چىقتى.

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن، شىڭ شىسەي كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى دۇجۇڭيۈەننى، ئالتاينىڭ ۋالىيسى ۋە قازاق خەلقىنىڭ رەھبىرى شارىپقاننى تۇتقۇن قىلغانىدى. ئۇ، ئەڭ ئاخىرى كومپارتىيىگە پىچاق كۆتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى كوممۇ-نىستلارنى تېخىمۇ يېتىم قالدۇرۇشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇن-دى. شىنجاڭدىكى ئىلغار ياشلاردا كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن بەك قورقاتتى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ياش ئوفىتسېرلار ۋە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىش-تىكى تۇسالغۇسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتىم. لېكىن، ئۇقەدەر ۋەھ-شىيانە زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى مۆلچەرلىمىگەن ئىكەنمەن. شىڭ شىسەي مېنىڭ ئۈستۈمدە «كاللا كېسىش» جىنايىتىنى توقۇپ چىققان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى، مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە يواۋىش ئېغىزىدىن قېچىپ چىقىپ، شىنجاڭدىن كەتكەنىدىم. شىڭ شىسەي مېنىڭ موسكۋاغا بېرىپمۇ جازالانمىغانلىقىمنى، ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى، بولۇپمۇ مېنىڭ لەنجۇغا بېرىپ ئۇنىڭ چېگرا ئىشلىرى باش-قارمىسىدىكى كادىرلارنى يېڭىدىن تارتقىنىمنى ئاڭلاپ، ناھا-يىتى ئاچچىقلىنىپتۇ. ئۇ، مېنىڭ چۇڭچىڭغا بارغانلىقىمنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىپ، مېنى چۇڭچىڭدا قولغا ئېلىپ جازالاشنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرا ئىشلىرى باشقارمى-سىدىكى كادىرلارنى قاتتىق جازالاپ، يېڭىدىن قومۇرۇپ

تاشلاش مەقسىتىگە يېتىشنى پىلانلىغانىكەن.

مەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ياپونغا قارشى بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، چۇڭچىڭغا كېتىۋېتىپ لەنجۇدىن ئۆتكەندە، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ لەنجۇدىكى ئاخبارات پونكىتىدا بىر نەچچە كېچە قونغانىدىم. لېكىن، ئۇ يەردىكى كادىرلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشمىدىم. مەن 1941 - يىلى كۈزدە لەنجۇغا مەخپىي بارغاندىن كېيىن، خىزمەتتە مۇناسىۋىتىم بار بىر يولداشنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ماشىنا بىلەن چۇڭچىڭغا ماڭماقچى بولدۇم. مەن بۇ يولداشنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندىن كېيىن، بۇ يولداش يوقىلىپ كەتتى (ئېھتىمال، ئەكسىيەتچى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك). مەنمۇ چېتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىدىن كەتتىم. ئەمما، لەنجۇغا تۇنجى قېتىم بېرىشىم بولغاچقا، تۇرغۇدەك يېرىم يوق ئىدى. مېھمانخانىدا يېتىشىم ئەپسىز ئىدى. ئامالسىزلىقتىن، شىنجاڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ يېتىپ تۇردۇم. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ئىككى مەسئۇل كادىر پارتىيىمىز ئىچىدىكى كونا سەپداشلاردىن بولۇپ، ئۇلار موسكۋادىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان، كېيىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن لەنجۇغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇ يەردە يېتىپ تۇرۇشۇمنى ئەلۋەتتە قارشى ئالاتتى. بىراق، ئۇ يەردىكى ئايرىم بىر شىنجاڭلىق كادىرنىڭ ئىشنى چوڭايتىپ، مېنى «شىنجاڭلىق كادىرلارنى يېنىغا تارتقىلى كەپتۇ» دېيىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن. بەختكە يارىشا، بۇ ئىككى پارتىيىلىك يولداش شىنجاڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭغا قايتمىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، مېنىڭ دېلورىم سەۋەبى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ زىيان-



كەشلىكىگە ئۇچراپ قالاتتى.

مەن چۇڭچىڭغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى چۇڭچىڭغا مەخپىي كىرىپ، «قانۇنسىز ھەرىكەت قىلغان» ئىككى نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. ئۇنىڭ بىرى — شېن يەنبىڭ، يەنە بىرى — مەن ئىدىم. يولداش شېن يەنبىڭ دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ئەدىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياشلار ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر تەسىرى بار ئىدى. شېن يەنبىڭ ئەسەرلىرىدىن تەسىر ئالغان ھەربىي سىستېمىدىكى بىر ئىشپىيون بۇ تۇتۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇنى يولداش شېن يەنبىڭغا مەخپىي ئېيتىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشىنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن، يولداش شېن يەنبىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان. مەن ئۇ چاغدا چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىدا ئىشلەۋاتقان ياخشى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇ، مېنىڭ چېن پېيشىڭ ئىكەنلىكىمنى ۋە شىنجاڭدا خىزمەت قىلغانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتى؛ شۇڭا، مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى بىلەن باغلاپ قارىمىدى. ئۇ، مېنىڭ چېن پېيشىڭ ئىكەنلىكىمنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، دوستلۇقىمىز چوڭقۇر بولغاچقا، مېنى دۈشمەنگە سېتىۋەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىڭ شىسەينىڭ يولداش شېن يەنبىڭنى ۋە مېنى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش قەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاچچىقىنى يولداش شېن يەنبىڭ ۋە مەن شىنجاڭدا تەربىيىلىگەن ياشلاردىن ئالدى.

مەن موسكۋادىمۇ ئۆلمىدىم، چۇڭچىڭدىمۇ ئۆلمىدىم. ئۇ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشقا ئامال تاپالمىغاچقا، شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم «چېن - ۋۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش دېلوسى» پەيدا قىلىپ، مېنى ۋە ۋۇزوجۈننى

«شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى جياڭ زوجۇ ۋە ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى چۇ فېڭمىڭنى يېنىغا تارتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەيدىغان تەشكىلات قۇرغان، بۇ تەشكىلات شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان. بۇ تەشكىلاتقا ئۆلكە مەركىزىدىن 43 كىشى قاتناشتۇرۇلغان، ئالتايدىن 37 كىشى قوبۇل قىلىنغان» دېدى. «بەللى! كىچىككىنە چېن پېيشيەڭ ۋە ۋۇزوجۇنلەر ئۇنىڭ «شىنجاڭ پادىشاھى» لىق تەختىنى تارتىۋالالارمۇ!؟ مۇشۇنداق كۆپتۈرۈش تۈپەيلىدىن، نەچچە ئون ئادەمنىڭ بېشى يەرگە چۈشتى. 1941 - يىلى يازدىن 1943 - يىلى ئەتىيازغىچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى 100 نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. 1942 - يىلى كۈزدە جياڭ جيېشىنىڭ ئايالى سۇڭ مېيلىڭ جياڭ جيېشىغا ۋەكالىتەن شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش كېلىشىمى تۈزدى. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا ياخشىچاق بولۇش، جياڭ جيېشىغا ساداقەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە سوت ئېچىپ، بىر نەچچە «دېلو» نى سوراق قىلدى. «چېن - ۋۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش دېلوسى» ئەنە شۇنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ۋۇزوجۇننى سوراقخانىغا يالاپ ئېلىپ چىقىپ، سۇڭ مېيلىڭنى سوراقىغا نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭدىن بۇ دېلو شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا تاشلىغان مۇھىم كاپىتاللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ غولۇق بۆلۈم رەھبەرلىرىدىن 21 كىشى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكىدىكى تاش ئۆتكۈرگە تاشلىنىپ كۆمۈۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى



ئاساسىي غولۇق كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

ۋۇزوجۇن: مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

بىدىفاڭ: كاتىبات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (شىنجاڭ ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن).

ۋاڭشۇخۇي: بىرىنچى بۆلۈمنىڭ باشلىقى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

جياۋ مىڭۋۇ: ئىككىنچى بۆلۈمنىڭ باشلىقى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

لىيۇگېزى: ئۈچىنچى بۆلۈمنىڭ باشلىقى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

دۇجياتيەن: قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى (شىنجاڭلىق كادىر).

جۇۋېنگى: قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

گەي پېيىڭ: تاشقورغان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

تيەن يۇجوڭ: خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى (شىنجاڭلىق كادىر).

شۈزۇدى: باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ مۇدىرى (شىنجاڭلىق كادىر).

جى چۇنديەن: شىن سۇي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق دىرېكتورى (شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن).

شېڭ شىسەي ئىنقىلابقا پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان چاغدا بۇ ياش ئوفىتسېرلارنى ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇمى قىلغانىدى؛ ئۇ، يالغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينى-

غا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، بۇ ياشلار يەنە ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى مەن كومپارتىيىگە مەخپىي قوبۇل قىلغانمۇ؟ مەن ۋۇزوجۇن بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئويۇشتۇرغانمۇ؟

ئاۋۋال شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇچاغدا بىز شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلار ھەر قانداق كىشىنى كومپارتىيىگە قوبۇل قىلمىغان. چۈنكى، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىمىزدە، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقىلا بولىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ، دېيىلگەن ئىنتىزام بار ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىمىزدىن گۇمانلىنىپ، شىنجاڭدىكى كادىرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. شېڭ شىسەي گۇمانخور ئادەم بولۇپ، ئۆزىگە كىچىك دوكلاتلارنى بېرىپ تۇرمىغان، كومپارتىيىنى تىللىمىغان ياش كادىرلارنى «كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ قارايتتى.

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تەربىيىسىدە، بۇ ياش ئوفىتسېرلاردا كومپارتىيىگە ھۆرمەت پەيدا بولغانىدى. ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە كومپارتىيىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما تەشكىلىي جەھەتتە كومپارتىيىدىن قانچە يىراق بولسا، شۇنچە خەۋپسىز بولاتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ مۇرەككەپ ئەھۋالدا جاھاندارچىلىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئاخىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ ياش ئوفىتسېرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئىنقىلاب ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان، شېڭ شىسەينىڭ جوڭگو كومپارتىيىسى بىلەن قىلغان ئالاقىسىدە بەزى مەخپىي ئىشلار-



غا قاتناشقان. مەسىلەن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىش، ئىئانە قىلىنغان ھەربىي ئەشيالارنى يەنئەنگە قوغداپ ئاپىرىش ۋە باشقىلار. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئۇ، بۇ مەخپىيەتلىكلەرنىڭ مۇشۇ ياش ئوفىتسېرلار تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتى. شۇڭا، ئۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاغزىنى ئېتىشتەك رەزىل ۋاستىسىنى قوللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ بۇ ياش كادىرلار ئارىسىدىكى تەسىرىمنى يوقىتىش ئۈچۈن، مېنى نەچچە قېتىم ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئاچچىقىنى مۇشۇ ياش ئوفىتسېرلاردىن ئالدى.

شېڭ شىسەي ئىنقىلابچى بولۇۋالغان مەزگىلدە، بۇ ياش ئوفىتسېرلار بولۇپمۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋۇ زوجۇن شېڭ شىسەيگە ناھايىتى سادىق ئىدى، ھەتتا ئۇنى ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ يول باشچىسى دەپ بىلەتتى. شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ياشلار جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، شېڭ شىسەينى ھەسسىلەپ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا پايدىسىز ئىشلارنى قىلمىدى. ۋۇ زوجۇن جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا: «مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈسىلەر؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟!» دەپ ۋارقىرىغان. ئۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئەسلىدە ئىنقىلابقا پۈرسەتپەرەسلىك قىلغان چوڭ جاللات ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن! ئۇ، بۇ مەسىلىنى چۈشەنمەيلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى.

مەن شېڭ شىسەينىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنـ

نىڭ سىياسىي ئىقتىساد ئوقۇتقۇچىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستۈمگە ئالغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ماڭا ياشلارغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى سۆزلەش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە ناھايىتى مىننەتدار بولغانىدىم. يولداش چاڭ جۇڭشى مېنىڭ ئورنۇمغا ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىنلا مەن شۆيۈەنگە بېرىپ دەرس ئۆتمەيدىغان بولدۇم. بىراق، مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا باشتىن - ئاياغ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەچكە، ئەھۋالنى بىرقەدەر بىلەتتىم. ئۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش نامايىش قىلىپ ھۆكۈمەتكە سىياسىي تەلەپلەرنى قويمايتتى. ئەكسىچە، ئۇلار ھۆكۈمەتنى مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلار قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئەزەلدىن تاپتىن چىققان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ باقمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق ياۋاش بولۇشى شېڭ شىسەينى تېخىمۇ گۇمانلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ مۇدىرى ئۆز يېنىغا تارتىۋالغان دەپ قاراپ، ئۇلارنى كۆپلەپ قولغا ئالدى، دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى.

1937 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرى ۋاڭ شۇۋچىڭ قولغا ئېلىندى، 1939 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى دۇ جۇڭيۈەن قولغا ئېلىندى، 1943 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى چياڭ زوجو قولغا ئېلىندى. ئەڭ ئاخىرقى مەكتەپ مۇدىرى لى يىئوۋمۇ ئامان قالمىدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە تۆت مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى جۇڭگونىڭ مائارىپ تارىخىدىكى «نادىر خەۋەر» بولسا كېرەك. شېڭ شىسەي مۇشۇ «نادىر خەۋەر» نى پەيدا قىلغۇچى ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 200 دىن ئاشمايتتى، ئىككى يىلدىن بۇيان شېڭ شىسەينىڭ كۆپ قېتىم ئاختۇرۇپ قولغا ئېلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمىگە



تاشلاندى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ تەپسىلىي سانىنى ئېنىقلىيالمىدۇق. پەقەت ھايات قالغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز. ئۇلارنىڭ جىنايىتى «چېن - ۋۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قەستلەش دېلوسى» غا قاتناشقانلىق ئىدى. مەن شىنجاڭ شۆيۈەندە دەرس بەرگەن بولساممۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھېچقانداق شەخسىي ئالاقەم يوق ئىدى. بۇ، ھەرىكەت ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ مېنى «ياش پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆزىگە چېتىۋالدى» دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار شېڭ شىسەيگە قاتتىق نەپرەتلىنىشتىن باشقا، ماڭىمۇ نارازى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بەختكە قارشى، ئىسمىنى چېن پېيشېڭ دەپ ئاتىغان مەن تېخى تىرىك، مەن مۇشۇ يولداشلارنىڭ تۇغقانلىرىغا مېنىڭ ھېچقانداق سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرمىغانلىقىمنى؛ بۇ، شېڭ شىسەينىڭ ماڭا ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويماقچىمەن. ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن ئۈچ تۈركۈمدە 300 دەك ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىشىغا توسالغۇ دەپ بىلىپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ياش ئوفىتسېرلارنى ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە، ھەممىسىنى دېگۈدەك قولغا ئالدى ۋە كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈردى......

مەن يەنە، شېڭ شىسەيگە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلەشكە تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان زىيالىي ياش مېڭ شيەنزىنىڭ ئىشىنى ئېيتىپ ئۆتەي. ئۇنى مەن كۆرسەتكەنلىكىم ئۈچۈن، شېڭ شىسەي بۇ ياشنى مېنىڭ مۇرىتىم

ھەپ قارىغان، ئۇ، قەستەن باھانە پەيدا قىلىپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، بۇ ياشنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن ياپونىيىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقانلىقىنى ۋە شىنجاڭغا ئىشپىيونلۇق قىلىشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغان. ئۇ، دەھشەتلىك ئازابلاش ئاستىدا ئىقرار قىلدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئىش مېنى بەكمۇ ئازابلاندۇردۇ. ئەگەر مەن ئۇنى شېڭ شىسەيگە تونۇشتۇرمىغان بولسام، شېڭ شىسەي ئۇنى بىلمىگەن ۋە ئۆلتۈرمىگەن بولاتتى. بۇ ياشنى ماڭا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قومۇل ئىش بېجىرىش ئورنى تونۇشتۇرغان. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن تونۇشمايتتىم، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، ئەگەر ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا ئېيتىپ قويۇش ئىمكانىيىتى بولسا، مەن ئۆزۈمنى ناھەق ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا تەسەللىي بېرەلىگەندەك ھېس قىلاتتىم.

× × × ×

چېن پېيشىڭ، ئەسلى ئىسمى ليۇ جىنجۇڭ، خېبېي ئۆلكىسىدىن. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، 1936 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىكى پېكىنىڭ ئەتراپىدا يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتكەن، كېيىن ئازاد رايونغا كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ، تاشقى ئىشلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ



مۇئاۋىن باش كاتىپى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇنىڭ «تەڭرى تېغىدىكى قار - بوران» (لياۋنىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 - يىلى فاڭ ۋىن تەخەللۇسى بىلەن نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئەسلىمىسى بار. يولداش ليۇ جىنجۇڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ كىتابقا «تەڭرى تېغىدىكى قار - بوران» ناملىق توپلامدىن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بايان قىلىنغان بۇ باب بېسىلدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1954 - يىل

### 1 - ئاي

1 - كۈنى، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكانتى قاسىم ئاكا ۋاپات بولدى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممىسى ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان.

6 - كۈنى، ئۆلكىلىك سودا نازارىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك بازارلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

10 - كۈنى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش يولى بولغان قارا شەھەر دەرياسىغا سېلىنغان چوڭ كۆۋرۈك پۈتۈپ، قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۆۋرۈك 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سېلىنىشقا باشلىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 282 مېتىر، 45 ئەگمىسى بار.



17 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى «1954 - يىللىق دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

29 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى سېتىش ھەيئىتى قۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ زايوم سېتىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

△ مۇشۇ ئايدىن 2 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ بويىچە ھەممە ۋىلايەتلىك پارتكوملاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى قۇرىدىغان كادىرلارۋە ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلىشىش تايانچىلىرى تەربىيىلىنىپ، كوپېراتىپ قۇرۇش سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىندى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئالدى - كەينىدە 69 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

△ مۇشۇ ئايدىن 4 - ئايغىچە، ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتىگە قاراشلىق زاۋۇت - كانلاردا ئادەم ۋە ماشىنىلارنىڭ ھادىسىگە ئۇچراش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 11 زاۋۇت - كاندا 262 قېتىم ئادەم ھادىسىسى، 400 قېتىم ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

△ مۇشۇ ئايدىن 6 - ئايغىچە، ئۆلكىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئەترىتى بىلەن ئۆلكىلىك گىگىيېنا كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئىلگىرى - كېيىن ئون خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە چاپچال، تۇرپان، سانجى، ماناس، بۇرچىن، قابا، جىمۇنەي، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ھەرخىل كېسەللىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

△ مۇشۇ ئايدىن 9 - ئايغىچە، خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىدىكى شۆبىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىگە كونا پۇل ھېسابىدا جەمئىي 70 مىليارد 800 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز تارقاتتى.

## 2 - ئاي

1 - كۈنى، ئۈرۈمچى، ئالتاي، مىچۈەن، جىمىسار، ماناس، قۇتۇبى، باركۆل، ئىلىقىلارنىڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە ئاتىلىشى ھازىرقى ئاتىلىشىغا ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو كىنو - فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى جۇڭگو كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى جىڭ (تارازا) ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

7 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بەش بال يەر تەۋرىدى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بورھان شەھىدى ئىش باشلاش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى. بۇ زاۋۇتنى 1952 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ مەلۇم قىسمى قۇرۇشقا باشلىغانىدى.

12 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1954 - يىللىق مەمۇرىي خىراجەت ئۆلچىمى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1954 - يىللىق يېزا، كەنت، بازارلارنىڭ مەمۇرىي خىراجەت ئۆلچىمىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ماقۇللىدى.



12 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە، ئۆلكىنىڭ 3 - سانلىق خەلق ئىشلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە، چوقۇم ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ياكى خەلق قۇرۇلتايلىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنى بەلگىلىدى.

13 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «1954 - يىللىق دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى سېتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

△ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ تارماق ئۆمىكى قۇرۇلدى، بۇرھان شەھىدى ئۆمەك باشلىقى بولدى.

15 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە، ئۆلكىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قاتناش ئىشلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئاپتوموبىللارنى تەشكىللىك باشقۇرۇشنىڭ قوشۇمچە چارىسى»، «ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتى قوراللىرىنى تەشكىللىك باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق سەككىز لايىھەنى تۈزۈپ چىقتى.

16 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك چارۋا رايونلىرى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا رايونلۇق پارتكومنىڭ 4 - شۇجىسى ئىمىنوۋ بۇنىڭدىن كېيىنكى چارۋا رايونلىرى خىزمىتىنىڭ فاڭجېنىنى كۆرسەتتى.

19 - كۈنى، گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەيتىك تېغىدا 5.7 بال يەر تەۋرىدى.

20 - كۈنى، ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھات ھەيئىتى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 5 - سانلىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ،

شىنجاڭ بويىچە 57 ناھىيە، ئۈچ شەھەرنىڭ 1520 يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى تامامەن ئاياغلاشقانلىقىنى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. (ئۆلكىمىزنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى 1952 - يىلى ئەتىيازدا باشلىنىپ، ئالدى بىلەن توققۇز ۋىلايەتنىڭ 18 يېزىسىدا نۇقتىلىق سىناق قىلىنغان، 9 - ئايدا ئۆلكە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانىدى؛ 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشتى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە پومېشچىكلار ۋە ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچىلەردىن يەتتە مىليون 379 مىڭ 139 مو يەر، 841 مىڭ 204 تۇياق تېرىلغۇ ئۇلىغى، 71 مىڭ 212 ئارتۇق ئۆي - جاي، 403 مىڭ 290 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، توققۇز مىليون 87 مىڭ 582 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق مۇسادىرە قىلىنىپ ياكى يىغىۋېلىنىپ، 587 مىڭ 559 ئائىلە، بىر مىليون 950 مىڭ 604 جان نامرات دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ھەربىر كىشى كۆپ بولغاندا 28 مو، ئاز بولغاندا 0.9 مو يەرگە ئىگە بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.8 مودىن توغرا كەلدى.

25 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىجارەتچىلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

26 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

مۇشۇ ئايدا، گوپېڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىكىگە تەيىنلەندى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى «جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە



قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆلكە بويىچە 2067 ئاساسىي قاتلام ئورۇنىنىڭ سايلام خىزمىتى تاماملاندى.

## 3 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سولۇن مىللىتىنىڭ «داغۇر» مىللىتى دېگەن ئەسلى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

△ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

2 - كۈندىن 9 - كۈنگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە 6 - نۆۋەتلىك ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پارتىيە خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى «پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساس قىلىنغان ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشلارنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دەپ بەلگىلىدى.

3 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۇششاق كانلارنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىشنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

4 - كۈندىن 11 - كۈنگىچە، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى.

9 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنگىچە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىدىن ھال سورىدى.

10 - كۈندىن 18 - كۈنگىچە غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەسەنۋۇ شەھەر باشلىقلىقىغا سايلاندى.

11 - كۈنى، ئۆلكىلىك كوپېراتسىيە ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «چارۋىلارنى قوغداش قوراللىرى ئۈچۈن چارۋىچىلىققا قەرز پۇل تارقىتىش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» چىقىرىپ، ھۆكۈمەت بىر تۈركۈم ئوۋچىلىق قوراللىرىنى سېتىۋېلىپ، چارۋىلارنى قوغداش قوراللىرى ئۈچۈن بۇ يىل بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى جايلاردىكى چارۋىچىلارغا تارقىتىپ بېرىشكە ماسلىشىپ بۆرە ئاپىتىنى يوقىتىشنى قارار قىلدى.

12 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى مەركىزىي تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى پەۋقۇلئاددە خادىمى ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سودا ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى؛ ئۆلكىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق سىستېمىسىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىدى.



△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلخانىلارنى بىرلىكتە باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

17 - كۈندىن 25 - كۈنگىچە، چاپچال شىبە ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىنى چاقىرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: باھار كىرگەندىن بۇيان ئۆلكىمىزنىڭ كۆپ قىسىم چارۋىچىلىق رايونى ۋە قىسمەن يېرىم دېھقانچىلىق - يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قاتتىق قار ياغدى، ھەر خىل چارۋىلارنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى.

20 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «سانائەت، كان، كارخانىلارنىڭ پىلاننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، دوكلات قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خادىملىرىنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە» نى ماقۇللىدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇدا نەچچە قېتىم قار ياغدى، ھەر قېتىم ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چى ئەتراپىدا بولۇپ، بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە قار دۆۋىلەندى.

26 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئاياغلىشىپ، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن تۆت ۋىلايەتتە نۇقتىلىق كوپېراتىپ قۇرۇش باشلاندى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى ماقۇللىدى.

30 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: باھار كىرگەندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى زورراق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يامان تەسىر بەردى.

## 4 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭ - تېرىلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

5 - كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خەلق ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، چياۋ گوجېن ۋە دېموكراتىك زات دۇ جۇڭيۈەن قاتارلىق قۇربانلارنىڭ قەبرىلىرىنى سۈپۈردى.

6 - كۈنى دۆلىتىمىزدىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە سوۋغا قىلىنغان 1287 تۈپ تۇرپان ئۈزۈمى مايىسى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا توشۇلدى.

△ ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتى «رامبولىيە - قازاق قويى» دېگەن نام «شىنجاڭ يۇڭىنىمۇ، گۆشىنىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئىنچىكە يۇڭلۇق نەسىللىك قوي» قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ قويى» دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى،



دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

8 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بيۇرو ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە «پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»نى يەتكۈزدى؛ شىنجاڭ رايونىدىكى پارتىيە ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىنى تەكشۈردى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭدىكى پارتىيە ئىلگىرىمۇ ئىتتىپاق ئىدى، ھازىرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىتتىپاق. شىنجاڭدا پارتىيە ئىتتىپاقلىقىدىكى ئاساسىي مەسىلە سىرتتىن كەلگەن پارتىيىلىك خەنزۇ كادىرلار بىلەن پارتىيىلىك يەرلىك مىللىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. سىرتتىن كەلگەن پارتىيىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك خەنزۇ كادىرلار بىلەن پارتىيىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بولسا، شىنجاڭدىكى پارتىيە ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھالقىسى. شىنجاڭدا پارتىيە ئىتتىپاقلىقىدىكى ئاساسىي توسالغۇ ــ قىسمەن يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ قالغان چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشى بىلەن تار مىللەتچىلىك كەيپىياتى. شۇڭا، مۇنداق خاتا ئىدىيە خاھىشىنى داۋاملىق يېڭىش، بولۇپمۇ چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى يېڭىشنى تەكىتلەش زۆرۈر.

10 - كۈنى، شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ كادىرلار مەكتىپى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ پارتىيە مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ۋە 1 - قارارلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى، خوتەن قاتارلىق 41 ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 42 سەييارە سوت قۇردى.

20 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئات فېرمىسىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى بىرلەشتۈرۈپ مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىسىدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىردى.

23 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەزالىرى يىغىنى بىلەن مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىنىڭ كېڭەيتىلگەن بىرلەشمە يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ماقۇللىدى.

25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك چېكەتكە يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ۋە نۇقتىلىق چېكەتكە يوقىتىلىدىغان رايونلار چېكەتكە يوقىتىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى چېكەتكە يوقىتىش خىراجىتى ئۈچۈن 12 مىليارد يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقاتقۇچى خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدى.

28 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ يېزىش قائىدىسىنى كونكرېت يولغا قويۇشنىڭ چارىسى توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى ۋە بۇ چارىنى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

30 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي



ئىشلار يىغىنى «ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى يۆتكەش ۋە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ماقۇللىدى.

30 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، قەشقەردە ئۇدا بوران چىقتى، شامالنىڭ سۈرئىتى سېكۇنتىغا 18 مېتىرغا يەتتى، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولدى.

## 5 - ئاي

4 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىلنىڭ بىرىنچى پەسلىگىچە ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆلكە بويىچە جەمئىي 32 مىڭ 325 ئەزا قوبۇل قىلىنىپ، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدىن 1721 ى قۇرۇلدى.

△ «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشىردىن چىقتى.

5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، كورلا ناھىيىسىدە نەچچە 10 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بوران چىقىپ ۋە 30 نەچچە سائەت داۋاملىشىپ، كېۋەز مايسىلىرىنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتتى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ مىللىي مۇزىكا پلاستىنكىسىنى نەشىر قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

10 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك قاتناش بىخەتەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، ئۆلكىمىزنىڭ بىر مىليون 200 مىڭ مو يېرىدىكى چېكەتكىنى ئايروپىلان بىلەن يوقىتىش خىزمىتى تاماملىنىپ، 900 نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى قوغداپ قېلىندى.

13 - كۈندىن 16 - كۈنگىچە، غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك قول سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەمگەك بىلەن كاپىتال، ياللاپ ئىشلىتىش، ئۇستا بىلەن شاگىرتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى كېلىشىم ماقۇللاندى.

14 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئاپتوموبىل ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى.

22 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ يېڭىدىن قۇرغان ئاپتوماتلاشقان نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى سىناپ قۇرۇش خىزمىتى ئاياغلىشىپ، ئۆلكە بويىچە 53 ناھىيە ۋە ئىككى شەھەردە 69 كوپېراتىپ قۇرۇلدى. بۇ، يىللىق پىلاننىڭ 84.14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

28 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

## 6 - ئاي

2 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنى قۇرۇشنى ماقۇللىدى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى 1953 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇشقا باشلىغان ھەرە كۆنىكى شەكىلدىكى ماشىنىلاشقان كوكس



كۆيدۈرۈش مېشى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئىلى تۇز ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسى جىڭدا يېڭى تۇز مەيدانى ئاچتى.

11 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ چەت ئەلگە مال زاكاز قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ماقۇللىدى.

13 - كۈندىن 23 - كۈنگىچە، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇردى. بۇ ئاپتونوم رايونغا خېجىڭ، خوشۇت ئىككى ناھىيە ۋە ناھىيە دەرىجىلىك قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قارىدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆلكە بويىچە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 78 مىڭ 431 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 40 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. ئۆلكە بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ سانى 49 مىڭ 238 كىشىگە يېتىپ، ئۆلكە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 62.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى، ئاۋۋالقى قاراشەھەر ۋىلايىتى كورلىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان كورلا ۋالىي مەھكىمىسى رەسمىي ئىشقا چۈشتى. ۋالىي مەھكىمىسىگە كورلا، بۈگۈر،

لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق بەش ناھىيە قارىدى.

△ جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

△ جۇڭگو قاتناش ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

3 - كۈنى، جۇڭگو چىت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى جۇڭگو چىت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى جۇڭگو تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

6 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئاپتونوم رايونغا بورتالا، جىڭ، ئارىشاڭ ئۈچ ناھىيە قارىدى.

6 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇرو ئىككىنچى نۆۋەتلىك چارۋا رايونلىرى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېھتىياتچانلىق - ئېغىر بېسىقلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنىنى ۋە چارۋىدارلار ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش؛ كۆرەش قىلماسلىق، تەركىب ئايرىماسلىق، سىنىپ ئايرىماسلىق، چارۋا باققۇچى بىلەن چارۋىدارنىڭ مەنپەئەتىگە بەك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك.

8 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - قېتىملىق



يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئاپتونوم رايونغا سانجى، ئۈرۈمچى، مىچۈەن ئۈچ ناھىيە قارىدى.

8 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە، مەركىزىي سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، غەربىي شىمال سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى، ئۆلكىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ غەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان سۇ ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ماناس دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

10 - كۈندىن 14 - كۈنىگىچە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئاپتونوم رايونغا ئاتۇش، ئاقچى، ئۇلۇغچات ئۈچ ناھىيە ۋە يېڭىسار، قەشقەر يېڭىشەھەر، تاشقورغان ناھىيىلىرىنىڭ قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى قارىدى.

12 - كۈندىن 17 - كۈنىگىچە، مورى قازاق ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

13 - كۈنى، ئۈرۈمچى مەيدانىدا مەركىزىي رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگىدىكى يوقىتىش ئۆمىكىنى ئۇزىتىپ قويۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

20 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

21 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى لايىھىسىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا قارارى» ماقۇللىدى؛ ئۆلكىمىزنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان كېيىنكى تۆرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ فاڭجېن، ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى؛ ۋاڭ ئېنماۋ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق 21 نەپەر كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ سايلىدى.

22 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «قازاق يېزىلىرىنىڭ ئايرىم ھەرپلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بىر تۇتاش ئىشلىتىش چارىسىنى بەلگىلەش توغرىسىدا قارار» ئېلان قىلدى.

23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

25 - كۈنى، مەركىزىي يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، توقۇمىچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى ۋە غەربىي شىمال دېھقان ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى، دېھقان ئورمانچىلىق نازارىتى، چىت شىركىتى ئۆلكىلىك دېھقان - ئورمانچىلىق نازارىتى، كوپېراتسىيە ئىدارىسى، سودا شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، مارالبېشى، مەكىت، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي - قانۇن، مالىيە - ئىقتىساد



مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

27 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامىنى يولغا قويۇش قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلاردىن دېھقانچىلىق بېجىنى ئاز ئېلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىنى ئىجتىمائىي ئازايتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

## 8 - ئاي

6 - كۈنى، ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى «ئۈرۈمچى تاموژنا رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يېڭى دېموكراتىك دۆلەتلەردىن سودا كېلىشىمى بويىچە ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن باج ئېلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

10 - كۈنى، شىنجاڭ ئەنەنچۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى - تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى.

13 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەرلىكلەر ئۆزى تەييارلىغان خىراجەتنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ماقۇللىدى.

16 - كۈنى، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

17 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتناش بىخەتەرلىكى ھەيئىتى قۇرۇلدى.

20 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي

شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قەشقەردە قۇرۇلدى. مەمۇرىي مەھكىمە بۇرۇن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراپ كەلگەن ناھىيە ۋە شەھەرلەرگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغاندىن تاشقىرى، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايونىنىمۇ باشقۇردى.

22 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «1953 - يىلى بىرىنچى تۈركۈمدە يېزا ئىگىلىكىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئالغان نەمۇنىچىلارنىڭ ئىسىملىكى» نى ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارغا مۇكاپات بەردى.

27 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق ئۈن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاياغلاشتۇردى.

31 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

مۇشۇ ئايدا، ئۇيغۇرچە «ياشلار ئۆگىنىشى» ئايلىق ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

△ «شىنجاڭ تەشۋىقاتچىسى» ژۇرنىلى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنىشتىن توختىتىلدى.

## 9 - ئاي

1 - كۈنى، «شىنجاڭ دېھقانلار گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىندى، 5 - كۈنى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىندى.

3 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ مىللىي مۇزىكا پلاستىنكىسى نەشر قىلىش گۇرۇپپىسى مىللىي مۇزىكا پلاستىنكىلىرىنى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق ئېلېكتر ئىستان-



سى (ئاۋۋالقى ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىستانسىسى) نىڭ ئىشى ئاياغلاشتى.

6 - كۈندىن 10 - كۈنىگىچە، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

10 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆمۈرنى بىر تۇتاش ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

11 - كۈندىن 17 - كۈنىگىچە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش پائالىيىتى ئاياغلاشتى.

14 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «دېھقانلارنىڭ شەھەر ۋە كان - كارخانىلارغا قارىغۇلارچە ئېقىپ كىرىشىنى نەسىھەت بىلەن توسۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

25 - كۈندىن 30 - كۈنىگىچە، باركۆل ناھىيىسى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

30 - كۈنى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى شىنجاڭ «لىچۈن» سانائەت ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ھۆكۈمەت بىلەن شىرىكلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى شىنجاڭ «لىچۈن» سانائەت شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ھەمكارلىشىش - كوپېراتسىيىلى-

شىش تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ سانى شىنجاڭ بويىچە 391 مىڭ 600 نەچچە ئائىلىگە يېتىپ شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي دېھقانلار نوپۇسىنىڭ %43.66 ىنى تەشكىل قىلدى. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئۆتكەن يىلىدىكى 10 دىن 148 گە، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 71 مىڭدىن كۆپ رەككە يەتتى.

△ مۇشۇ ئايدىن 12 - ئايغىچە، قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى شەھەر قول سانائەتچىلىرى ئارىسىدا تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسىنى سىناپ قۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىنى ئالتىگە يەتكۈزدى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇملۇق قۇرۇلۇشى تاماملىنىدى ۋە ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

△ جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى.

△ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتى باشقۇرۇپ كەلگەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ بارلىق مۈلكى، خادىملىرى ۋە كەسپىي رەھبەرلىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش - ترانسپورتنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

5 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «پوچتا - تېلېگراف خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلتىيى



ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، بىرىنچى نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى.

6 - كۈنى، شىخەنزە دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ، كېسەل كۆرۈشنى باشلىدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى: مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش سەنمۇبۇسىنىڭ 1954 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسى بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بۆسى بىلەن 22 - بىڭتۇەننى قوشۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلدۇق.

10 - كۈنى، جۇڭگو ماي شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

12 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بېيجىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلىشىپ قۇرغان ھەسسىدارلىق شىركىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئاخباراتى»، «جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ لەنجۇ - ئۈرۈمچى - ئالماتا تۆمۈر يولىنى ياساش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئاخباراتى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى.

22 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرى ئىشلار يىغىنى خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەردە نەچچە يىلدىن بۇيان قەرز بولۇپ قالغان باجلارنى ئېنىقلاش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ھەسسىدارلىق نېفىت شىركىتىنىڭ مەلۇم

گان رايونىدا ھاكىمىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى ماقۇللىدى.

24 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ شۆبە بيۇرو بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ھەمكارلىشىش ـ كوپراتسىيىلىشىشنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئېلان قىلدى.

28 ـ كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى تۇتاشقان يەردە 5.1 بال يەر تەۋرىدى.

## 11 ـ ئاي

13 ـ كۈنى، گاۋجىڭچۈن شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ۋۇ كەيجاڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ماي ۋە مايلىق زىرائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

22 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىرىك چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە توشۇپ سېتىشتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

22 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈ-



مىتىنى قۇردى.

26 ـ كۈنى، ئىلى دېھقانچىلىق سىناق مەيدانى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا شەرقىي شىمالنىڭ سېرىق پۇرچىقىنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 160 يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

## 12 ـ ئاي

4 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەلق ئۇلاغ ترانسپورتى تەشكىللىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ شىخەنزە ئاپتوماتىك ماي زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

5 ـ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. تاۋ سىيۈ قوماندانلىققا، ۋاڭ ئېنماۋ قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىققا، چىڭ يۈچاڭ بىلەن جياۋ شىگۇاڭ مۇئاۋىن قوماندانلىققا، جاڭ جۈڭخەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىققا، تاۋ جىڭچۇ سەنمۇجاڭلىققا، ۋاڭ جىلۇڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قول سانائەتچى ئىدارىسى قۇرۇشنى ماقۇللىدى.

△ «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىنىڭ خەنزۇچىسى نەشىر قىلىندى.

12 ـ كۈنى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا

بارىدىغان خەلقئارا لىنىيە — قەشقەر - تورغات تاش يولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ۋاقىتلىق ماشىنا قاتناش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

19 - كۈنى، جۇڭخۇا سېنتېرالار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى.

30 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ سوۋېت تەرەپ پايلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

31 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ سوۋېت تەرەپ پايلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مۇشۇ ئايدا، خوتەن موخو كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى.

بۇ يىل ئۆلكىمىزنىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 148 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 142 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئېشىنچىسى 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى.

△ شىنجاڭ بويىچە 20 مىليون 970 مىڭ مو يەرگە زىرائەت تېرىلىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارد 595 مىليون 343 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 32 مىليون 530 مىڭ جىڭغا، مايلىق زىرائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 141 مىليون جىڭغا يەتتى. دېمەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 تىرىليون 400 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئۆلكە بويىچە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 51.2% تىنى تەشكىل قىلدى.

△ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 874 مىڭ مو يەرگە زىرائەت تېرىدى، بۇنىڭ 273 مىڭ 485 موسى



ماشىنا بىلەن تېرىلدى.

△ شىنجاڭ بويىچە سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 4 مىليون 879 مىڭ 300 موغا يەتتى.

△ شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل چارۋا مالنىڭ ئومۇمىي سانى 17 مىليون 82 مىڭ تۇياققا، سېتىۋېلىنغان ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 56 مىليون يۈەنگە يەتتى.

△ 1953 - يىلنىڭ بېشىدىن بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيە خىزمىتىدە ھەر خىل ماسشتابلىق گېئولوگىك ئۆلچەمدىن 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، يەر شەكلى ئۆلچىمىدىن مىڭ كۋادرات كىلومېتر تاماملاندى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

主编：哈力克·沙克
副主编：阿布力孜
编辑：司·艾斯哈尔
迪丽达尔
吐尔洪
阿不都热依木
居来提

**新疆文史资料选辑（36）（维文）**
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　14.25印张　2插页
1993年12月第1版　1994年4月第1次印刷
印数：1——1,900

ISBN 7—228—02728—0/K·284　定价：5,00元

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (36)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 1,900
ISBN 7—228—02728—0/K·284
باھاسى: 5.00 يۈەن
**(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)**